

زايت ئاخۇن پازىلباي

# ئىسكەندەرنامە

مىللەتلەر نەشرىياتى





زايىت ئاخۇن پازىلباي

# ئىسكەندەرنامە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەت
ئەركىن ئىمىنىياز قۇتلۇق

مىللەتلەر نەشرىياتى



قول يازمىنىڭ 1- بېتى



قول يازمىنىڭ 2 - بېتى



قول يازمىنىڭ 5 ـ بېتى



قول يازمىنىڭ 6 ـ بېتى

## مۇنـدەرىـجە

ئەشرگە تەييارلىغۇچىدىن................................ ( 1 )

1

ھەزرىتى ئىسكەندەر................................ ( 1 )

2

دارانىڭ ئاداۋەت قىلىپ چىرىك توپلاپ ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ئۈستىگە ئاتلانغىنى؛ دارا بىلەن ھەزرىتى ئىسكەندەر جەڭ قىلىپ، ئاخىر دارانىڭ ئىككى ۋەزىرى دارانى خەنجەر سېلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئىسكەندەر بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ دارانىڭ خۇنىنى ئېلىپ، بۇ جەڭدە زەپەر، فەتھ-نۇسرەت تاپقىنى................................ ( 25 )

3

ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دارانىڭ خەزىنىلىرىنى ئىلكىگە ئېلىپ، ئەتراپ-ئالەمدىكى ئىقلىم پادىشاھ-لىرىغا نامە ئەۋەتكىنى؛ بەزى پادىشاھلارنىڭ

14

پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ قىران مەملىكىتىدە يەئجۇج -
مەئجۇجنىڭ چىقىدىغان يېرىگە سەدد باغلىغىنى...... (125)

15

ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ «ئابىھايات»
ئىزدەپ زۇلماتقا كىرگىنى......................... (132)

16

ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين دېڭىز سەپىرىنى ئىختىيار
قىلىپ، كېمە ياساشقا يارلىق قىلغىنى.............. (141)

17

ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين رۇم پادىشاھى خۇنكارنىڭ
قىزى بىراندۇقىقا ئاشىق بولۇپ، رۇم شەھىرىنى
ئېلىپ، خۇنكارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، بىراندۇقنى
نىكاھىغا ئالماق ئۈچۈن مۇرغۇچاق پادىشاھىنى،
ئىسفاھاننىڭ پادىشاھىنى، شام پادىشاھى مەلىكەئى
شامنى، مىسىر پادىشاھىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ،
ئەزىزى مىسىرنىڭ قىزى رەقۇبانۇنى خۇنكارنىڭ
ئوغلى ئەبۇلفەتتاھ رۇمغا ئېلىپ بېرىپ مۇسۇلمان
قىلغىنى .............. (147)

18

هەزرتى ئسكەندەرنڭ رۇمغا لەشكەر تارتپ بېرپ
خۇنكار بلەن جەڭ قلغنى ۋە مەلكە براندۇق كېلپ
ئسكەندەرنڭ لەشكەرلرنى باسۇرۇق قلغنى...... (161)

19

براندۇقنڭ هەزرتى ئسكەندەرنى تۆتنچى نۆۋەت باسۇ-
رۇق قلغنى.............................. (171)

20

مەكنە هەكمنڭ هەزرتى ئسكەندەرنى بەندتن
خالاس قلپ، لەشكەرلرنڭ يېنغا ئېلپ
كەلگنى ................................ (179)

21

براندۇقنڭ پادشاھ ئسكەندەرنى بەشنچى نۆۋ ت
باسۇرۇق قلغنى.......................... (186)

22

براندۇقنڭ هەزرتى ئسكەندەرنى ئالتنچى نۆۋەت
باسۇرۇق قلغنى.......................... (188)

23

براندۇقنىڭ ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننى يەتتىنچى
نـۆۋەت باسۇرۇق قىلـغىنى.......................... (192)

24

ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ شاھ ماران بىلەن كۆرۈشكىنى؛
خىزىر ئەلەيـھىسسالامنىڭ غايىب ئىرانـلار بىلەن
ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلغىنى........ (197)

25

براندۇق ھەزرىتى ئىسكەنـدەرنى تەكـلىپ قىلـىپ بەزمە
تـۈزۈپ، خـۇنـكارنى ئۆلـتۈرۈپ، رۇم شەھىرىنى
پادىـشاھ ئىـسكەنـدەرگە تەۋە قىلـىپ، ئىـسكەندەر
زۇلقەرنەيىن بىلەن ئالىي تويي قىلغىنى............... (207)

26

ئەسرۇق دىۋىنىڭ براندۇقنى ئېلىپ قاچقىنى، پادىشاھ
ئىسكەندەرنىڭ ئەسرۇق دىۋىنى ئۆلتۈرۈپ براندۇقنى
ئاجرىتىۋالـغىنى................................ (213)

27

ھەزرىتى ئىسكەندەر مەقسىتىگە يېتىـپ، يۇنان مەملىكە-

تىنى نابۇت قىلغىنى.................... (216)

## 28

هەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يەتتە دەريانى
سەيلە قىلىپ، ئون ئىككى مىڭ ئارال، شەھەرلەرنى
بويسۇندۇرۇپ، ئوكيانغىچە بارغىنى................ (232)

## 29

هەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەريايى مۇھىتتىن
يېنىپ باختەر زېمىنىگە بېرىپ، شېھىت بولغان
شاھلارنىڭ گۆرىستانلىقىنى زىيارەت قىلغىنى........ (240)

## 30

هەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ تىرىكلىكتىن ئۈمىد
ئۈزۈپ، ئانىسىغا تولاناله - پەرياد قىلمىسۇن دەپ
نامە ئەۋەتكىنى.......................... (255)

## 31

پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا يەتتە ھۆكۈما كىرىپ
تەئزىيەت يەتكۈزگىنى........................ (266)

× · ×

ئىزاھلار.................................. (272)

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

«ئىسكەندەرنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەدەبىي ئەسەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 1650 ـ نومۇرلۇق قوليازمىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلاندى. بۇ قوليازما خوتەننىڭ پاتلىق سامان قەغەزگە خەتتە تەئلىق نۇسخىدا يېزىلغان بولۇپ، جەمئىي 31 باب، 248 بەت (كىتابنىڭ باش ۋە ئاخىرقى قىسمىدا قولىيازمىنىڭ مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتسىز 14 بەت بار)، فورماتى 15.5×25 س م. ھەر بەتتە 13 قۇردىن خەت يېزىلغان، تېكىست 13×18.5 س م. تېكىستلار قارا سىيادا، ماۋزۇلىرى ۋە ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ ئىسمى قىزىل سىيادا قۇمۇش قەلەم بىلەن يېزىلغان. كىتاب جىگەر رەڭ كۆن بىلەن مۇقاۋىلانغان، مۇقاۋا يۈزىدە ئۇيغۇر مىللىي ئۇسلۇبىدا ئىشلەنگەن نەقىشلەر بار.

«ئىسكەندەرنامە»نىڭ ئاپتورى ۋە ئۇنىڭ ھايات ـ پائالىيىتى توغرىسىدا مەزكۇر ئەسەردىكى باياناردىن باشقا

تەپسىلىي مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز، بىراق، مۇشۇ ئەسەر-
دىكى ماتېرىياللارنىڭ ئۆزىمۇ بىزنىڭ ئاپتورنىڭ ئوبرازىنى
خېلى روشەن ھالدا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىمكانىيەت
بېرىدۇ:

پۈتتۈلدى بۇ كىتاب تەئرىخ نەچچەسىدە،
كىشى سورسە بىناگاھ بىر مىڭ ئۈچ يۈزدە.
يەنى قايسى دېبان سورسە بىناگاھ،
يەنى توققۇز دېبان قىلغىن ئاگاھ.
كى قايسى ئايدا ھەم پۈتتۈلمىش
دېبان، بەرگىل جەۋاب رەبىئوسسانى① دۇرمىش.
تامام بولغان كۈنى ئاي نەچچەسىدۇر،
ئاڭا بەرگىل جەۋاب ئاي توققۇزىدۇر.
تامام بولمىش پۈتتۈلۈپ قايسى تۈندە،
خەلايىقلارغا ئېيتىڭ جۇمە كۈندە.
پۈتتۈلدى ھەم تامام نەچچە كۈندە،
تامام بولمىش كىتاب ئون ئىككى كۈندە،
كىشى سورسە بىناگاھ ساھىب كىتابى،
كى رەۋشەن ئەيلەگەيمەن ماھى تابى.
كىتاب ساھىبى ئەسلى سەمەرقەندى،
تۇغۇلغان يەرلەرى ھەم سەمەرقەند.

---

① رەبىئوسسانى — تۆتىنچى ئاي.

سەمەرقەندده ئۆتۈپتۇر ئاباۋۇ ئەجداد،
ئاناسى ھەم موماسى ئەۋلادۇ زەرراد.
كتاب ساھىبىنىڭ ئىسمى ناخۇن،
پۈتۈلگەندۇر كتابغە زايىد ئاخۇن.
ئاتاسىنىڭ ئاتىدۇر فازىل باي،
كى شۆھرەت تاپتى مۇندا نەچچە يىل ۋاي.
ئاتاسى ئىستەبان ياركەند كېلىپتۇر،
ئاتا-بالا ئىكەۋلەن تاپلىشىپتۇر.
يەنە ئۆيلەندى ئولدەم بۇ شەھەردە،
كى تاپتى بىر جۇف فەرزەند سەھەردە.
كى تاپتى سانسىزۇ ھەم مال-فۇللار،
خۇدا بەرگەي يەنە ھەم نەچچە قۇللار.
پۈتتى ھەم كتابلار بىنەھايەت،
خۇدا قىلغايمىكىن دەپ بىھەق ئىنايەت.
ئەقىدە قىلدىلار ھەم كتابغە،
كى قالماسمەنمىكىن دەپ ھەم ئىتابغە.
خۇداۋەندە گۇناھىن مەغفىرەت قىل،
ئەقىدە قىلغانىغە ئەفۇ-رەفئى قىل.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاپتۇر سەمەرقەنتتە دۇنىياغا كەلگەن، ئاتىسى پازىل باي ياركەند (يەكەن)گە كېلىپ شان-شۆھرەت تاپقان، ئاپتور ئاتىسىنى ئىزدەپ ياركەندكە كېلىپ، ئاتا-بالا ئىككىسى تېپىشىپ، ئاخىر ئۇ ياركەندتە ئۆي-ئوچاقلىق

بولۇپ ئىككى پەرزەنت كۆرگەن؛ سانسىز پۇل-مېلى بار باي بولغان؛ ئىلىم تەھسىل قىلىپ ياركەنتتىكى قەدىمكى كىتابلار بىلەن ئەتراپلىق تونۇشقان، بىرمۇنچە كىتاب يازغان؛ ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە» ناملىق تارىخىي ئەدەبىي ئەسەرنى ھىجرى 1300-يىلى (مىلادى 1881-1882-يىللىرى، توڭگۇز يىلى) 4-ئاينىڭ 9-كۈنى (جۈمە) تاماملىغان. بۇ مەلۇماتلار ئارقىلىق ئاپتورنىڭ ياركەنتتە تۇرۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپ ئىزدىنىپ، نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

«ئىسكەندەرنامە» ناملىق بۇ تارىخىي ئەدەبىي ئەسەردە بايان قىلىنغان باش قەھرىمان دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆزىنىڭ «ھەربىي مۆجىزىلىرى» بىلەن تونۇلغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يۇنان تەۋەسىدىكى ماكېدونىيە دۆلىتىنىڭ پادىشاھى فىلقۇس (فىلىپ II)نىڭ مىراسخورى ئىدى. تارىخىي ئەسەرلەردە بۇ تارىخىي شەخس توغرۇلۇق ئوخشىمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. مەسىلەن:

نىزامى گەنجىۋى تەسنىف قىلغان كىتابلاردا: «فىلقۇسنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئالەمدىكى مۇراد-ئارزۇسى بىر پەرزەنت كۆرۈش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى كۆڭلىدىن بىردەممۇ چىقماس ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ فىلقۇس شىكاردىن كۆڭلى خۇش بولۇپ بارگاھىغا قايتىپ كېلىۋاتاتتى، دەرۋەقە

يولدا بىر ۋەيرانە ئۆيـنى كۆردى. فىلىقۇس بۇ ۋەيـرانە ئۆي ئىچىگە ئىختـىيارسىز ئېتىنى دېۋـتىپ كىرىپ كەلـدى. ئۇ، بۇ يەردە بىر خوتۇننىڭ تۇغـقانـلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ جىـسمىدا روھنىڭ ئەسىرى يوق ئىدى. تۇغۇلغان بالا ئانا ئالدىدا زارلىق بىلەن يېتىپ گاھ ئۇننى چىقىرىپ، گاھ چىـقارماي يىغلايتتى. فىلىقۇس ئۇلارغا نەزەر سالـغانـدا كۆڭـلىگە ئوت چۈشۈپ، يېنىدىكى ھەمراھلىرىغا ۋاپات بولغان ئۇ زەئىپنى غۇسلى-تاھارەت قىلدۇرۇپ، شۇ كونا ئۆيگە دەپنە قىلىشقا بۇيـرۇدى. ئۆزى بۇ بالىنى ئىززەت-ئېكرام بىلەن ئېلىپ ئۆيـگە كەلدى. ئازى نېمەتـلەر بىلەن پەرۋـش قىلىپ، ئوغـلۇم دەپ ئاتاپ، ئىسكەندەر دېگەن ئاتنى قويدى» دېيىلگەن.

تارىخچىلار بۇ ھەقتە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ ئىسـكەنـدەرنىڭ نەسەبىنى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى دارىغا ئۇلاشـتۇرـدۇ. ئۇلار ماكېـدونىيە پادىـشاھى فىلىقۇسنىڭ قىزىنى دارىغا زىبۇزىنـنەتلەر بىلەن تويلىغانـلىقىنى، دارا قىزنى نىكاھـىغا ئېـلىپ ئۇنىڭ بىلەن راھەت-پاراغەتـتە ئۆتكەنـلىكىنى، بىر كۈنى بۇ قـىزنىڭ ناشايان ئىشـىنى كۆرۈپ قالغانـلار دارىغا مەلۇم قىلـغانـلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن دارانىڭ ئۇنى دەرھال ئاتىسىغا قايتۇرغانلىقىنى، ئاشۇ قـىزدىن ئىسكەن-دەرنىڭ تۇغۇلغانلىـقىنى بايان قىلىشىدۇ.

يەنە بەزى سۆزمەن ھېـكايىـچى دانالار ئالەمـگە ئىككى ئىسـكەندەر كەلـگەن، ئۇنىڭ بىرى دارا بىلەن جەڭ قىلـدى؛

يەنە بىرى سەددى (سېپىل) باغلىدى دەيدۇ. لېكىن بۇ رىۋا-
يەتكە كىشىلەر ئانچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ.

ھەزرىتى جامى ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ:
«مەن ئۆز ئەمگىكىمدە بۇ ئىشقا قىزىقىپ قېلىشىم تارىخ ئالدىدا
بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. لېكىن ئىسكەندەر ھەققىدىكى ئىختىلاپلار
مېنى لال ئەتتى. ئاجىزلىق قىلغان يەرلىرىمدە يەر ئۆپۈپ ھەزرىتى
گەنجىۋىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئىككى ئىسكەنلىكىنى، يا بىر
ئىكەنلىكىنى بايان قىلغىن دەپ ئۆتۈندۈم. ئۇ ئىككى ئىسكەندەر
دېگەنىنى رەت قىلىپ ئىسكەندەر بىردۇر، بۇ ئىشلار بىزگە
ئاياندۇر، بۇنىڭ گۇۋاھى باردۇر دەپ جاۋاب بەردى» دەيدۇ.

يەزدىنىڭ «ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە» ناملىق
ئەسىرىدە: «ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن يافەس ئەۋلادىدىن
بولۇپ، فىلقۇسنىڭ قىزى بىلەن شاھ دارادىن تۇغۇلغانىدى.
ئۇ فىلقۇسنىڭ قېشىدا تەربىيىلىنىپ ئۆسكەنلىكى ئۈچۈن فىلقۇس-
نىڭ ئوغلى دېيىلگەنىدى» دەپ بايان قىلىنىدۇ.

رابغۇزىنىڭ «قىسسەسۇل ئەنبىيا» ناملىق ئەسىرىدە: «ئىسكەن-
دەر زۇلقەرنەيىن- ئىككى مۈڭگۈزلۈك دېگەن بولىدۇ. ھەزرىتى
ئىسكەندەرنىڭ ئالتۇندىن ئىككى مۈڭگۈزى بار ئىدى. ھەق
سۇبھانەھۇ تائالا ئۇنىڭغا پەيغەمبەرلىك بەخش ئەتتى. ئۇ
خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى. كاپىرلار ئۇنىڭ سۆزىگە
كىرمىدى، بەلكى ئۇرۇپ بىر مۈڭگۈزىنى سۇندۇرۇۋەتتى»
دېيىلىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»دە: «ئۇنىڭغا بىز زېمىندا ھەقىقەتەن كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلدۇق. ئۇنىڭغا ئۆز مەقسىتىگە يېتىشنىڭ پۈتۈن يوللىرىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەردۇق. زۇلقەرنەيىن (ئاللا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن) يولغا ماڭدى. ھەق سۇبھانەھۇ تائالا يەر يۈزىدىكى خەزىنىلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتى. جىمى شەھەرنى تاماشا قىلدۇردى. ئۇ كۆپلىگەن شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، كۆپلىگەن كاپىرلارنى مۇسۇلمان قىلدى. ھېچكىم ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىپ تەڭ كېلەلمىدى. زۇلقەرنەيىن (ئىسكەندەر) بۇ ئالەمنى سەيلە-تاماشا قىلىپ، كۈن پاتاردىن كۈن چىقارغىچە كۆردى» دېيىلگەن.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئىزاھات قىسمىدا: «كۆپچىلىك مۇپەس-سىرلەر قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىننى مەشھۇر ئىشغا-لىيەتچى ئىسكەندەر مەقدۇنى دەپ قارايدۇ. بەزىلەر ئۇنى يەمەننىڭ پادشاھلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ، بەزىلەر ئۇنى ئۇ بىر ياخشى بەندە بولۇپ، ئاللا ئۇنىڭغا بۈيۈك سەلتەنەت، ھېكمەت ۋە پايدىلىق ئىلىم ئاتا قىلغان دەپ قارايدۇ، زۇلقەر-نەيىن ئىسكەندەر مەقدۇنى ئەمەس دېگۈچىلەر ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتېلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىنى، قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان زۇلقەرنەيىننىڭ بولسا تەۋھىدكە، ئاللاغا ئىشىنىشكە مايىل ئىكەن-لىكىنى دەلىل قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئىسكەندەرنىڭ قەدىمكى يۇنان ئىلاھلىرىغا ئېتىقاد قىلىش تەرەپلىرى بولغان بولسا،

بۇ ئەيىنى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىدىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزى ئىشغال قىلىنغۇالىغان مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ مەبۇدلىرىنى ھۆرمەت قىلىغانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئۇ مىسىرلىقلارنىڭ مەبۇدى ئامۇنغا ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلغانىدى. ئۇنىڭ ئارىستوتېلدىن پەلسەپە ئۆگەنگەنلىكىگە كېلىدىغان بولساق، «روھۇل مەئانى» تەپسىرىنىڭ مۇئەللىپى مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىسكەندەرنىڭ ئارىستوتېل پەلسەپىگە پۈتۈنلەي ئېتقاد قىلىدىغانلىقىغا قايىل ئەمەسمىز، چۈنكى بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىگە شاگىرت بولۇشى ئۇنىڭ ھەممە مەسىلىلەرگە بولغان قارىشى ئۇستازىنىڭ قارىشى بىلەن بىردەك بولۇشىدىن دېرەك بەرمەيدۇ». ئىسكەندەر مەقدۇنى مىلادىدىن 356 يىل بۇرۇن تۇغۇلغان، ئاتىسى ئۇنى ئوبدان تەربىيىلىگەن. ئۇ پەلسەپە ۋە ئىلىم-مەرىپەت جەھەتتە كۆپ مەلۇمات ھاسىل قىلغان. ئۆز دەۋرىدە جاھاننىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلغان. مىلادىدىن 332 يىل بۇرۇن مىسىرنى ئىشغال قىلىپ، ئۇنىڭدىن پارسلارنى ھەيدەپ چىقارغان، مىسىردا ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بىنا قىلغان. ئۇ ئىراق، ئىران، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق جايلارنى بويسۇندۇرغان، ئۇ مىلادىدىن 323 يىل بۇرۇن بابىلدا 33 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ زۇلقەرنەين دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇنىڭ كىيگەن دۇبۇلغىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە چوڭ ئىككى باغلام ئۇزۇن ئاق پەي بار ئىدى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن

(«قۇرئان كەرىم»، 1987 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 617 - 618 - بەتلەر).

دۇنيا تارىخىدا ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ «ئوچىقى» دەپ ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان بالقان يېرىم ئارىلىدىكى يۇنانىستان بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدىغان ماكېدونىيە پادىشاھلىقى ئۆزىنىڭ ئىپتىدائى جەمئىيەتتىن قۇللۇق جەمئىيەتكە ئۆتۈش، دۆلەت قۇرۇش ۋە بالقانغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن ئىبارەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىر مەشھۇر ياش قەھرىماننى ياراتتى. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 323 - يىلدىن 356 - يىلغىچە پەقەت 33 يىللا ياشىغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئالىكساندىر ئىدى. ئۇ ماكېدونىيە خان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى فىلقۇس (فىلىپ II)نىڭ ئەتراپلىق كۆڭۈل بۆلۈشى، مۇھەممى ئارىستوتېلدەك ئۇلۇغ ئالىمنىڭ زېھىن قويۇپ تەربىيىلىشى نەتىجىسىدە (مەزكۇر كىتابتا ئىسكەندەرنىڭ ئۇستازى ئارىستوتېلنىڭ ئاتىسى يوقۇماس ئىكەندىلىكى بايان قىلىنىپ: «......ئىسكەندەرنىڭ تىلى چىقتى. يوقۇماس دەپ بىر ھۆكۈما بار ئىدى، ھۆكۈمالىقتا تەڭداشسىز ئىدى. شۇ ھۆكۈماغا ‹ئىلىم ئۆگىتىڭ› دەپ ئىسكەندەرنى تاپشۇرۇپ بەردى، بۇ ھۆكۈما ئارىستوتېلنىڭ ئاتىسى ئىدى» دېيىلگەن)، ئۇ كىچىك ۋاقتىدىلا تالانتىنى كۆرسىتىشكە باشلىغان. مەشھۇر يۇنان شائىرى گومېرنىڭ «ئودىسسا» ۋە «ئىللادا» داستانلىرى ئۇنىڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان ۋە ئۆگىنىدىغان

روھى ئۇزۇقى بولغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ھەربىي ئىلىمنى ئۆگىنىشكە، جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشقىمۇ زور ئەھمىيەت بەرگەن. 16 يېشىدىن باشلاپ ئاتى-سىغا ئەگىشىپ ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. 18 يېشىدا بىر قىسىم ماكېدۇن قوشۇنلىرىغا قوماندانلىق قىلىپ جەڭلەردە بىرقانچە قېتىم غەلىبە قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ ھەربىي ھاياتىنى باشلايدۇ.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 336-يىلى ئىسكەندەر 20 ياشقا كىرىدۇ. ئاتىسى فىلىقۇس ئالەمدىن ئۆتۈپ ئىسكەندەر ماكېدۇ-نىيە ئىمپېرىيىسىگە پادىشاھ بولىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئىسكەندەرگە ئىككى خىل كۈچ تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىرى دۆلەت ئىچىدىكى قارشى كۈچلەر، يەنە بىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي يۇنانىدىكى ماكېدۇنىيە دۆلىتىگە قارشى كۈچلەر ئىدى. ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 335-يىلى ماكېدۇنىيىگە قارشى ئىچكى-تاشقى كۈچلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن باستۇرۇپ بولۇپ، شەرققە يۈرۈش قىلىش پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى، بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل زىددىيەتلەرنى شەرققە يۈرۈش قىلىش ئارقىلىق بۇرۇۋېتىش بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سپارتاك دۆلىتى بىلەن ئىراننىڭ ئىتتىپاق تۈزۈپ ماكېدۇنىيىگە قارشى تۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەمدە شەرق ئەللىرىنى تالان-تاراج قىلىپ بايلىقا ئىگە بولۇش ئىدى. شۇڭا ئۇ شەرققە

يۈرۈش قىلىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەرنى شەرقتە قىزغىنتۇرۇپ «شەرققە يۈرۈش قىلايلى، يۇنانغا بايلىق ئېلىپ كېلەيلى» دېگەن تەشەببۇسنى كەڭ تەشۋىق قىلدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 334-يىلى ئەتىيازدا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بالقان دۆلەتلىرىنىڭ ياللانما قوشۇنلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان 30 مىڭ پىيادە ئەسكەر، 5000 ئاتلىق ئەسكەر ۋە 160 ئۇرۇش كېمىسىگە قوماندانلىق قىلىپ قۇرۇقلۇق ھەم دېڭىز ئارقىلىق شەرققە يۈرۈش قىلدى. مانا بۇ دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا مەشھۇر بولغان «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى»دۇر. بۇ قوشۇن شۇ يىلى 5-ئايلاردا داردا نېل بوغۇزىدىن ئۆتۈپ كىچىك ئاسىيادىكى گىرانىك دەرياسى بويىدا ئىران قوشۇنلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم توقۇنۇشىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا ئىران قوشۇنلىرى مەغلۇپ بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئىران ئىمپېرىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن كۆتۈلمىگەن زەربە بولىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 333-يىلى سۇرىيىنىڭ شىمالىدىكى ئىيسس شەھىرىدە ئىسكەندەر قوشۇنلىرى بىلەن ئىران قوشۇنلىرى ئىككىنچى قېتىم قاتتىق توقۇنۇشىدۇ. بۇ قېتىم ئىران ئىمپېراتورى دارا ئۆز قوشۇنلىرىغا بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئىران قوشۇنلىرى يەنىلا مەغلۇپ بولىدۇ. دارانىڭ ئانىسى، ئايالى ۋە باللىرى ئىسكەندەرگە ئەسىرگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئىسكەندەر مىلادىدىن بۇرۇنقى 332-يىلى ھېچ توسۇلغۇسىزلا مىسىرغا

بىسىپ كىرىدۇ ۋە ئۆزىنى مىسىرنىڭ بىردىنبىر قانۇنىي پادى-
شاھى دەپ جاكارلايدۇ ھەمدە نىل دەرياسىنىڭ قويۇلۇش
ئېغىزىدا بىر يېڭى شەھەر قۇرۇپ ئۇنى «ئىسكەندەرىيە» دەپ
ئاتايدۇ. بۇ پىرسىيە تەرىپىدىن خاراب قىلىنغان مىسىر مەدە-
نىيىتىنىڭ قايتا تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشى ئۈچۈن مەنپەئەتلىك
بولۇپلا قالماي، يەنە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيادىكى
مەشھۇر ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت ماكانى بولۇپ قالدى.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 331-يىلى باھاردا ئىسكەندەر زۇل-
قەرنەيىن قوشۇنلىرىنى باشلاپ مىسىردىن چېكىنىپ پەلەستىن،
سۇرىيە ۋە مېسوپوتامىيىگە كىرىدۇ. ئارقىدىنلا تىگىر دەرياسىنىڭ
شىمالىدىكى گاۋگامېل (گاۋگامىلا ياكى گاۋرىملا دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ) شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا ئىران ئىمپېراتورى دارانىڭ
بىۋاسىتە قوماندانلىقىدىكى غايەت زور قارشى كۈچكە ئۈچىنچى
قېتىم شىددەتلىك زەربە بېرىپ، بابىل (بابىلئون) بىلەن
ئىران پايتەختى سوزا شەھىرىنى ئىشغال قىلىدۇ. شۇنىڭدىن
كېيىن پىرسىيە ئىمپېرىيىسىنى يوقىتىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئارقىمۇئارقا قىلغان زور غەلىبىلەر-
دىن كېيىن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 330-يىلى ئوتتۇرا ئاسىياغا
ھۇجۇم باشلايدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 329-يىلى ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئەجداد-
لىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ زور بەدەل بېرىش ھېسابىغا ئامۇ
دەريا ۋادىسىغا ۋە سىر دەريا ۋادىسىدىكى رايونلارغا كىرىشكە

مۇيەسسەر بولالايدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 327 ـ يىلى ھىندىس-
تانغا ھۇجۇم قىلدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 326 ـ يىلى ھىندىس-
تاننىڭ گانگى دەرياسى بويلىرىغا بېسىپ كىرگەندە ھىندىستان
خەلقىنىڭ قەھرىمانلارچە قارشىلىق كۆرسىتىشىگە ئۇچرايدۇ،
يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاق ۋاقىت ھەربىي يۈرۈش قىلىپ چار-
چىغان ئىسكەندەر قوشۇنلىرىنىڭ ھىندىستانغا بارغاندا ئۇرۇش
قىلغۇدەك مادارىمۇ قالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ ھىندى دەرياسى
ۋادىسىدا ھىندىستان قوشۇنلىرى بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ
قىلىپ، پاجىئەلىك قۇربان بېرىشلەردىن كېيىنلا ھىندى دەر-
ياسى ۋە ھىندىقۇش تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى كەڭ رايونلارنى
ئىشغال قىلىدۇ. ئۇ داۋاملىق شەرققە يۈرۈش قىلماقچى بول-
سىمۇ، بۇ چاغدا ھاۋا ناھايىتى ئىسسىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە قوشۇندا يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىپ كېتىپ نۇرغۇن
ئەسكەرلەر ئۆلۈپ كېتىدۇ ھەمدە قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى
تولىمۇ سۇسلىشىپ كېتىدۇ. سەركەردىلەر داۋاملىق ئۇرۇش
قىلىشنى خالىمايدۇ. گرېك ۋە ماكېدون ئەسكەرلىرى ئۆز
تۇپرىقىدىن ئايرىلغىلى ئۇزاق بولغاچقا، قايتىش تەلىپىنى
ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇشۇنداق بىر قاتار سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن
ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 326 ـ يىلى ھىندىس-
تاندا ئۆز نامىدا ۋەكىل قالدۇرۇپ، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق
چېكىنىپ مىلادىدىن بۇرۇنقى 324 ـ يىلى ئۈچ يىلغا يېقىن
جاپالىق چېكىنىش سەپىرىدىن كېيىن، ئاسىيادىكى يېڭى پاي-

تەختى، بابىل شەھىرىگە قايتىپ كېلىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىس-
كەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرق ئەللىرىگە قىلغان ئاز كەم ئون
يىللىق يۇرۇشى ئاخىرلىشىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 323-يىلى
يازدا ئىسكەندەر ئەرەب دۆلەتلىرىگە يۇرۇش قىلىشقا جىددىي
تەييارلىق قىلىۋاتقاندا، ھاردۇق يېتىپ ئېغىر كېسەل بىلەن
33 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈشى بىلەن ئاسىيا،
ئافرىقا ۋە ياۋروپادىكى بىر قىسىم رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئال-
غان غايەت زور ئىمپېرىيە تېزلىكتە يىمىرىلىدۇ.

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دۇنيا تارىخىدا شەرق ئەللىرىگە
ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈرگەن مەشھۇر ئىشغالىيەتچى. ئىسكەندەر
ئىستىلاسىنىڭ ماھىيىتى قۇلدارلار ھۆكۈمدارلىقىنىڭ مەنپەئە-
تىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تاجاۋۇزچىلىق-كېڭەيمىچىلىكتىن
ئىبارەت. ئەمما، ئۇ تۇنجى بولۇپ غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇ-
رىسىدىكى قۇرۇقلۇق يولىنى ئېچىپ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشقا
تۈرتكە بولدى. ئىسكەندەردىن كېيىن نۇرغۇن يۇنان سودىگەر-
لىرى شەرق ئەللىرىگە كېلىپ سودا-سېتىق قىلىشقا باشلىدى.
بۇ جەرياندا ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر
ئارىسىدا سودا-سېتىق ئىشلىرى ناھايىتى تېز تەرەققىي
قىلدى. ئىسكەندەر يېڭى ئىشغال قىلغاندا ھەربىي بازا قىلىنغان
يەرلەر كېيىنچە مۇھىم سودا مەركەزلىرىگە ئايلاندى. نۇرغۇن-
لىغان يۇنانلىقلار شەرق ئەللىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تارىخى بىلەن
تونۇشتى. شەرق ئەللىرىدىن ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، تىبا-

بەتچىلىك قاتارلىق پەنلەرنى ۋە شەرق ئەللىرىنىڭ دۆلەت
تۈزۈمى قاتارلىق سىياسىي تەدبىرلىرىنى ئۆگەندى؛ شەرق
ئەللىرى يۇنانلىقلاردىن سەنئەت، قۇرۇلۇش-بىناكارلىق تېخ-
نىكىسى قاتارلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندى. بولۇپمۇ ئى-
كەندەرنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى جەريانىدا بىر قىسىم گرېك
ئەسكەرلىرى ئاسىيا رايونىدا ئولتۇراقلىشىپ قالدى. بۇ كىشىلەر
ئەينى زاماندىكى ئىلغار گرېك مەدەنىيىتىنى ئاسىيا خەلقىگە
تونۇشتۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئاسىيا رايونىدا پائا-
لىيەت ئېلىپ بېرىپ ئۆز دۆلىتىگە قايتقان گرېك ۋە ماكېدون
ئەسكەرلىرى بۇ جاينىڭ ئىلغار مەدەنىيەت-سەنئىتىنى ۋە
ئىلغار پەن-تېخنىكىلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى بىلەن بىرگە
ئېلىپ كەتتى.

بەزىلەر يەنە رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ ئالېكساندىر ماكې-
دونىسكىنى جەنگو دەۋرىدىكى چىن بەگلىكىنىڭ چېگرىسىغىچە
(گەنسۇغىچە) بارغان دەيدۇ، بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى بۇ مەسە-
لىنى «خاقانى چىن بىلەن كېلىشىم تۈزۈلگەن» دېگەن ئۇقۇم
بىلەن بايان قىلغان. لېكىن بۈنىڭدىكى جۇغراپىيىلىك ئۇقۇم
يەنىلا ئېنىق ئەمەس. ئومۇمەن، بۇ مەسىلە تېخى ئىسپاتلانمىغان
بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق چوڭ
مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش دەپ ھېسابلانماقتا.

دۇنيا قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن بۇ مەشھۇر ئىشغا-
لىيەتچى ئىسكەندەر ھەققىدە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئوتتۇرا

ئاسىيادا بىرمۇنچە رىۋايەت ۋە داستانلار بارلىققا كەلگەن. مەشھۇر شائىرلاردىن نىزامى گەنجىۋى ۋە ناۋايىلارنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق، بۇ ئالېكساندىر ماكېدونىسكى «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن» دېگەن نام بىلەن تېخىمۇ كەڭ تونۇلدى.

18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئەدىپ موللا سىدىق ياركەندى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ئاچقان بۈيۈك شائىر ناۋايىنىڭ «خەمسە» داستانىنى شېئىرىي شەكىلدىن نەسرىي شەكىلگە ئايلاندۇرۇپ، «نەسرىي مىرزا مۇھەممەت ھۇسەيىن بەگ» دېگەن نام بىلەن رومان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا ژانىرىنىڭ راۋاجلىنىشىغا زور ھەسسە قوشتى. مەزكۇر «ئىسكەندەرنامە»دە ھېكايە قىلىنغان ۋەقەلىك ۋە پېرسوناژلار، گەرچە، «سەددى ئىسكەندەر»گە ئاساسەن ئوخشاپ كەتسىمۇ، لېكىن ئاپتور بۇ ئەسەردە «سەددى ئىسكەندەر»نىڭ سيۇژىتىنى ئاددىي ھالدىلا تەكرارلاپ قويماستىن، ياكى غايە-ئىستەكلىرىنى قايتا بايان قىلىپ ئولتۇرماستىن، ئۇنىڭغا ئىجادىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ، ئەسەر سيۇژىتىنى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى بىلەن قايتا يۇغۇرۇپ چىققان، ئۆزىنىڭ لىرىك ھېسسىيات، مۇلاھىزىلىرىنى قوشۇپ ئىجادىي ئىشلىگەن. خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەھرىمانلارنىڭ ھېسسىياتى، ئىدىيىۋى پائالىيەتلىرىنى نەزم بىلەن بايان قىلغان. يازغۇچى يەنە ۋەقەلىكنىڭ ئاممىباپلىقى، چۈشىنىشلىك، راۋان بولۇشىغا

دىققەت قىلىپ، ئەسەر تىلىنى ئىمكان قەدەر خەلق تىلىغا يېقىنلاشتۇرۇشقا، ئەينى دەۋر ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشقان.

ئەسەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئاتىسىنىڭ شاھلىق ئورنىغا ۋارىسلىق قىلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا قىلغان ھەيۋەتلىك يۈرۈشلىرى، شاھلىق سەلتەنىتى، تارىخىي مۇناسىۋەت ۋە توقۇنۇشلار، ھەر خىل تارىخىي ۋەقەلەر، تۈرلۈك پېرسوناژلار — ھۆكۈمالار، شاھزادىلەر، مەلىكىلەر، سەركەردىلەر، ۋەزىرلەر ۋە چەۋەندازلارنىڭ ئۆزىگە خاس خۇلقى-مىجەزلىرى، تەققى-تۇرقى، باتۇرلۇقلىرى، كەسكىن ۋە شىددەتلىك جەڭلەر، ھەربىي قائىدىلەر، ئىلىم-ھېكمەتلەر، قورال-ياراقلار، كىيىم-كېچەكلەر، مەدەنىيەت، تۇرمۇش پىسخولوگىيىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، ھۈنەر-سەنئىتى، سۇ، تاغ، ئىدىر، شەھەر قاتارلىق جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار، جۇغراپىيىلىك مەنزىرە تەسۋىرلىرى، قەبىلە، مىللەت، دۆلەتلەرنىڭ ناملىرى ئەپسانە، رىۋايەت، ھېكايىلەر ئاساسىدا ئوبرازلىق بەدىئىي تىل ۋاستىسى ئارقىلىق تەپسىلىي بايان قىلىنغان. شۇ ئارقىلىق قىزىقارلىق، ئىپادىلەش ۋاستىلىرى خىلمۇخىل، جانلىق ۋە چۈچۈك تىل-ئىبارە، ئۆتكۈر كىنايە ۋە گۈزەل تەسۋىرلەر، شۇنىڭدەك چوڭقۇر مەنىلىك جۈملىلەر، ئەقلىيە سۆزلەر ۋە ماقال-تەمسىللەر بىلەن يۇغۇرۇلۇپ بارلىققا كەلگەن.

جۇملىدىن، بۇ ئەسەر ئەدەبىي جەھەتتە قىزىقارلىق تارىخىي قىسسە بولۇپلا قالماي، بەلكى تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ھەربىي ئىشلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ مەلۇم قىممەتكە ئىگە؛ ئاشۇناسلىق تەتقىقاتىدا، بولۇپمۇ قەدىمكى ۋە چاغاتاي خانلىقى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىغا ئۆزۈن بىرىش جەريانىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ پايدىلىنىش قىممىتى بار. مۇشۇ نۇقتىدىن قاراپ، بۇ ئەسەرنى ئەدەبىي شەكىلدە يېزىلغان تارىخ ياكى تارىخ بايان قىلىنغان ئەدەبىي ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

شۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىمكى، ئىسلام ئەدىبىيلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە يېزىلغان بۇ تارىخىي رومان شەكلىدىكى ئەسەردە، كۆپىنچە تارىخىي ۋەقەلەر ئىلاھىيلىق تۇمانلىرى بىلەن قاپلانغان، بۇنىڭدىكى ئوبرازلارمۇ دىنىي رومانتىك تۇقۇلمىلار، ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەرنىڭ ياردىمى ئارقىلىق يارىتىلغان، بەزىدە تارىخىي رېئاللىقتىن چەتلەپ مۇبالىغىچىلىككە ھەددىدىن ئارتۇق يول قويۇلغان. مەسىلەن، ئىسلام دىنى تېخى دۇنياغا كەلمىگەن شارائىتتىكى يەنى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، كىچىك ئاسىيا ئەللىرىنىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار پۈتۈنلەي مىلادى 7-ئەسىردە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا مەيدانغا كېلىپ قىسقا مۇددەت ئىچىدىلا ئەرەبلەر ئارىسىدا كېڭىيىپ ئاندىن دۇنيانىڭ

باشقا جايلىرىغا تارىلىشقا باشلىغان ئىسلام مۇھىتى ئارىسىغا ئوراپ قويۇلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپتوردا تارىخ ئىلمىغا دائىر ئۇقۇملارمۇ ئېنىق ئەمەس. مەسىلەن، خاقانى چىن (چىن خاندانلىقى ياكى چىن سۇلالىسى) ھەققىدە جۇغراپىيىلىك بايان بەرمىگەن. ئەكسىنچە بەزىدە ئۇنى «خىتاي مەملىكىتى» دەپ ئاتاپ، جەنگو دەۋرىدىكى خاقانى چىن بىلەن ئۇنىڭدىن مىڭ نەچچە يۈز يىل كېيىنكى قىتانلارنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ نامىنى ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن. شۇڭا بۇ ئەسەرگە نىسبەتەن تارىخ ئىلمى جەھەتتە چوقۇم كەسكىن تەنقىدىي مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇنىڭدىكى بايانلارنى تارىخىي پاكىت ئورنىغا قويماسلىق لازىم.

«ئىسكەندەرنامە»نى نەشرگە تەييارلاشتا «ئەسلى تېكىستكە سادىق بولۇش، راۋان، ئوقۇشلۇق بولۇش»تىن ئىبارەت پىرىنسىپقا ئاساسەن ئىش كۆرۈلۈپ، ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلتۈرۈلدى، ئەسەردە ئۇچرايدىغان «قۇرئان» سۈرىلىرى، ئەرەبچە، پارسچە سۆز-ئىبارىلەرگە ئۆز ئورنىدا ئىزاھات بېرىلدى؛ بەزى جۈملىلەرگە گىرامماتىكا جەھەتتىن قىسمەن ئۆزگەرتىشلەر كىرگۈزۈلگەندىن باشقا، ئەسەرنىڭ تىلى، يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى ئاساسەن ساقلاپ قېلىندى؛ ھازىرقىدىن پەرقلىق بولغان، ياكى قىسمەن پەرقلىق بولغان تارىخىي، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارغا ئاخىرىدا ئومۇمىي ئىزاھات بېرىلدى.

1989 - يىلى 14 - ئاپرېل، ئۈرۈمچى.

## بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللانىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

## 1

# ھەزرىتى ئىسكەندەر

ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ نامىنى تىللاردا داستان قىلغۇچى تارىخ ئەھلىلىرى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام[1] دىن تا ھەزرىتى مۇھەممەت مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللانىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن)[2] غىچە ئۆتكەن پادىشاھلارغا تۆت قىسىم ئات قويۇپ، ئاۋۋالقى قىسمىنى شەدداد[3] ئاتىغانىكەن. ئۇلار ئون بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇلاردىن ئاۋۋالقىسى كيومرىس ئادەم[4]؛ ئىككىنچى ھۇشەڭ[5]؛ ئۈچىنچى ئەۋرەڭ[6]؛ تۆتىنچى شاھ توھمارىس (تومرىس) دېۋبەند[7]؛ بەشىنچى جەمشىت[8]؛ ئالتىنچى زۇھاك (زاھھاك)[9]؛ يەتتىنچى فەرىدۇن[10]؛ سەككىزىنچى نودەر[11]؛ توققۇزىنچى ئەفراسىياپ[12]؛ ئونىنچى توھۇمەست[13]؛

ئۇن بىرىنچى كىيانى[14] دۇر. ئۇلاردىن باشقا يەنە ئۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئاۋۋالقىسى كەيقوباد[15]؛ ئىككىنچى كەيكاۋۋۇس[16]؛ ئۇچىنچى سىياۋۇش[17]؛ تۆتىنچى كەيخىسرو[18]؛ بەشىنچى ئىسكەندەر[19]......تىلغا ئېلىنىدىغان پادىشاھلار جەمئىي ئاتمىش يەتتىدۇر.

نەزم:

ئىشت ھۇشمەندى① رىۋايەت قىلۇر،
چۇ تەئرىخ② ئېلىدىن رىۋايەت قىلۇر.
بۇ تەئرىخدىن ئاڭلاغىل نەچچە سۆز،
كى سامىئ③ بولۇپ تۇتغاسەن④ ئاڭا كۆز.
جەھاننىڭ خىرەدمەند⑤ ئاقىللارى،
مۇھەندىست ھەكىم⑥، راۋي⑦ ئاقىللارى.

---

① ھۇشمەند — ھۇشيار، ئەقىللىق.
② تەئرىخ — تارىخ.
③ سامىئ — ئىشتكۇچى، ئاڭلىغۇچى.
④ تۇتغاسەن — تۇتقايسەن.
⑤ خىرەدمەند — ئەقىللىق، دانا.
⑥ مۇھەندىست ھەكىم — گېئومېتىرىيىنى ياخشى بىلگۇچى، بىناكار مۇتەخەسسىس ئالىم.
⑦ راۋي — رىۋايەت قىلغۇچى، مەلۇمات بەرگۇچى.

ئۆتۈپدۇر نەچچە پادىشاھى مۇقتەدا①،

نەبىيۇ② ۋەلى③، غازىيۇ رەھنەما④،

ئېرۇر پەھلىۋان سەندەل نىشىن⑤ تاجدار⑥،

شەھى⑦ مۆئمىنۇ كافىرى شەھر يار⑧.

بولارنىڭ سىغاتىن⑨ بەيان ئەيلەيىن،

مۇزەللات⑩ مەقسەدى ئەيان ئەيلەيىن.

---

① مۇقتەدا — بويسۇنغان، ئەگەشكەن.

② نەبى — پەيغەمبەر.

③ ۋەلى — ئەۋلىيا.

④ رەھنەما — يول كۆرسەتكۈچى.

⑤ سەندەل نىشىن — (سەندەل — ياغىچى قارا سېرىق رەڭلىك، خۇش پۇراق دەرەخ؛ كۆچمە: تەخت) تەختتە ئولتۇرغۇچى.

⑥ تاجدار — پادىشاھ.

⑦ شەھ — شاھ، پادىشاھ.

⑧ شەھريار — بۈيۈك پادىشاھ.

⑨ سىغات — سۈپەتلەر، خۇسۇسىيەتلەر.

⑩ مۇزەللات — (بۇ سۆز قولىيازمىدا «مۇقەللاد» /مقلاد/ يېزىلىپ قالغان، مەنە ئېتىبارى بىلەن «مۇزەللات» ئېلىندى) ئازدۇرماق، قايمۇقتۇرماق، ئاداشماق.

بەشەر①دىن بەشەر سەردى② تېگرەسى③،
بەقاسىز④ جەھان زاھىر⑤ سىرىش⑥.
بۇ شاھلار ئىدى چۇملەسى⑦ تۆرت گۆرۇھ،
ئەدالەت ـ شۇجائەت⑧ دىلىم پۇر شۇكۇھ⑨.
كى شاھان ئىدى بىشەدداد⑩،
ھەمىدە⑪ خىسال⑫ ئەدلىدە⑬ نىك⑭ زاد.

---

① بەشەر ــ ئادەم، كىشى، ئىنسان.
② سەرد ــ (بۇ سۆز قولىيازمىدا «سەردرى» /سىردرى/ يېزىلىپ قالغان) سوغۇق، خۇنۇك.
③ تېگرە ــ ئەتراپ.
④ بەقا ــ باقىيلىق، ئەبەدىيلىك، بارلىق.
⑤ زاھىر ــ ئوچۇق، ئاشكارا، كۆرۈنۈپ تۇرغان.
⑥ سىرىش ــ خىرە، خۇنۇك؛ يېپىق.
⑦ جۇملە ــ ھەممە، بارچە.
⑧ شۇجائەت ــ باتۇرلۇق، جاسارەت.
⑨ شۇكۇھ ــ شەۋكەت، سۆلەت، ئۇلۇغلۇق.
⑩ شەدداد (3 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑪ ھەمىدە ــ ماختاشقا لايىق.
⑫ خىسال ــ خىسلەتلەر، سۈپەتلەر.
⑬ ئەدل ــ ئادالەت، توغرىلىق، ئىنساپ.
⑭ نىك ــ ياخشى، گۈزەل.

ئىككىنچى شەھەنشاھ① كىيانى② ئىرۇر،

ئەدەن③ دۇررىنىڭ④ جەمى كانى ئىرۇر.

ئۈچىنچى كەسىر⑤ ئىردى ئاتەشكان⑥،

سىپاھلارغە⑦ ئىردى بۇ جەھان ھەرب كان⑧.

تۆرتىنچى ئىدى ساسان[20] لەقەب،

يۈرۈپ سەير⑨ ئىتىپ ھۆكمى خار-تەئەب⑩.

ئۇلار ھەم كېتىپ بۇ جەھاندىن ۋەفا،

كۆرەلمەي ۋەفا، تارتىبان كۆپ جەفا.

سەير ئەنجام⑪ ئىش يەتمەي مۇرادىغە،

ھۇسۇلىيۇ مەقسەدى كامىغە⑫.

---

① شەھەنشاھ — بۈيۈك پادىشاھ، شاھلارنىڭ شاھى.

② كىيان (14- ئىزاھاتقا قاراڭ).

③ ئەدەن — يەمەندە ئەڭ ياخشى مەرۋايىتى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر ئارالنىڭ نامى.

④ دۇرر — ئۈنچە، مەرۋايىت.

⑤ كەسىر — كۆپ، مول.

⑥ ئاتەشكان — ئوتخانا، ئوت كانى.

⑦ سىپاھ — لەشكەر، قوشۇن.

⑧ ھەرب كان — جەڭ مەيدانى، ئۇرۇش كانى.

⑨ سەير — 1) يۈرۈش؛ 2) ئايلىنىپ تاماشا قىلىش.

⑩ تەئەب — مۇشەققەت، قىيىنچىلىق.

⑪ ئەنجام — ئاخىر، تۈگەش، نەتىجە.

⑫ كام — تىلەك، ئىستەك، مەقسەت.

بەدەن شۇڭقارى كەتتى پەرۋاز ئېتىپ،
قالىپ مەلىكتىن① يەر ئۈزرە ناز ئېتىپ.
جەھان شەكلى پۇر تۇدە② تۇپراق ئېرۇر،
كۆڭۈل بەرمەگەيكى، ئۇزاق ئېرۇر.
بۇ ئالەمگە سەن ئىئتىماد③ ئەتمەگىل،
خۇدادىن بۆلەك نەرسە [نى] ياد ئەتمەگىل.
كى تاجى شەھەنشاھ كيۇدەست ئېدى،
فەلەك كىشۋەرى④ ئالدىدا پەست ئېدى.
ئىككىنچى ھۇشەڭ ⑤ جەھان شەھ ئېدى،
ئاڭا جۇملە خەلق بەند-فەرمان⑥ ئېدى.
ئۈچىنچى دەلىر⑦ تۇس ئەۋرەگى⑧ شەدداد،
پىرى دىۋ ئادەمغە بىرۇر ئېردى داد.

---

① مەلىك — پادىشاھ، ھۆكۈمدار.
② تۇدە — دۆۋە، توپ.
③ ئىئتىماد — ئىشىنىش، ئىشەنچ.
④ كىشۋەر — مەملىكەت، ئىقلىم.
⑤ ھۇشەڭ (5- ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑥ بەند-فەرمان — پەرمانبەردار، بويرۇققا بويسۇنغۇچى؛ ئىتائەتلىك.
⑦ دەلىر — يۈرەكلىك، جەسۇر، باتۇر.
⑧ ئەۋرەگ (6- ئىزاھاتقا قاراڭ).

تۆرتىنچى يەنە شاھ توھمارەس①،
چۇ رۇستەم (21) ئىدى ئانىڭ ئالدىدا خەس②
بەشىنچىسىدۇر بەلكى جەمشىد③ شاھ،
ئۇلار ۋەقتىدە يوق ئىدى كىينە خاھ④
زۇھاك⑤ پەلىد⑥ بولدى ئالتىنچى شەھ،
ئەمىن⑦ بولمادى مور ـ مارۇ⑧ پىشەھ⑨.
ئاڭا سەيغدۇر⑩ پادىشاھ نىسبەتى،
ئەزەلدىن ئەبەد زالىم لەئىنەتى.
بەشىنچى فەرىدۇن⑪ ئالىي جەناب،
مۇنۇ چەھرە (22) ئاندىن تاپىپ فەتھ⑫ باب⑬

---

①توھمارەس، توھمارىس (7 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
② خەس ـ چاڭ، توزان، ئەخلەت.
③ جەمشىد، جەمشىت (8 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
④ كىينەخاھ ـ ئاداۋەت ساقلىغۇچى، دۈشمەنلىك قىلغۇچى، ئۆچ ئالغۇچى، قىساسچى.
⑤ زاھاك (9 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑥ پەلىد ـ ئىپلاس، پاسكىنا.
⑦ ئەمىن ـ خەۋپسىز.
⑧ مور ـ مار ـ چۈمۈلە ـ يىلان؛ كۆچمە: قۇرۇت ـ قوڭغۇز.
⑨ پىشەھ ـ ھۈنەر، كەسىپ.
⑩ سەيف ـ قىلىچ.
⑪ فەرىدۇن (10 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑫ فەتھ ـ ئېچىش، ئېچىلىش.
⑬ باب ـ ئىشىك.

توققۇزىنچى بولۇپ نودەر① دەستگىر②،
زەماننى يورۇتتى ھەكىم دەلىر.
ئۈچىنچى مەلىك داغى ئەفراسىياپ③،
فۇسۇن④ـ ھىيلە بىرلە ئىبرۇر كايىنات.
يېتىپ ئون بىرىنچىدە توھۇمەست⑤ ئىدى،
سەلابەتدە⑥ ئەسكى⑦ ئالماس ئىدى.
قىلىپ مۇختەسەر⑧ سۆز تەرىقىن رەقەم⑨،
ئىسكەندەر⑩ سىغاتىغە سۇردى قەلەم.
كىيان⑪ مەلىكىنىڭ بەلكى جانى ئىبرۇر،
مەلىكلەر ئارا تاجى زىندەسىدۇر⑫.

---

① نودەر (11 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
② دەستگىر ـــ ياردەمچى، قوللىغۇچى.
③ ئەفراسىياپ (12 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
④ فۇسۇن ـــ ھىيلە، سېھىر، نەيرەڭ.
⑤ توھۇمەست (13 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑥ سەلابەت ـــ قاتتىقلىق؛ مۇستەھكەملىك.
⑦ ئەسكى ـــ قەدىمكى، كونا.
⑧ مۇختەسەر ـــ قىسقىچە، ئىخچام.
⑨ رەقەم ـــ يازماق، پۈتمەك.
⑩ ئىسكەندەر (19 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑪ كىيان (14 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
⑫ زىندە ـ تىرىك، جانلىق.

ھەممە① خىسال② زەممە③ فىئال④،

مۆلايىم تەبىئ⑤ ئەلا⑥ كۆللى ھال⑦،

ۋەزىر ئولدىلار خىزىر ئىلياس[23] ئاغا،

............⑧.

مەلەكلەر ⑨ ئۇلارغە بولۇپ رەھشۇناس⑩،

كەراماتى⑪ بىھەد ئېرۇر بىقىياس.

چۈ ئادەم پەيەمبەر⑫ قىلىپ تەربىيەت،

مۇقەررەب⑬ فەرىشتەلەر ئەيلەپ مەدەت.

---

① ھەممە — قىزغىن، قايناق.

② خىسال — خىسلەتلەر، سۈپەتلەر.

③ زەممە — يامان ھال، يامان ئادەت.

④ فىئال — ئىش، ھەرىكەت، قىلىق، ئادەت.

⑤ تەبىئ — خاراكتېر، تالانت: مۆلايىم تەبىئزېھنى راۋان، ئۆتكۈر.

⑥ ئەلا — شۇغا، ...ئۇستىگە، ...دىن، ...گە.

⑦ كۆللى ھال — ھەممە، پۈتكۈل، بارلىق خۇسۇسىيەت.

⑧ ئەسلى قولىيازمىدا بۇ بىر مىسرا چۈشۈپ قالغان.

⑨ مەلەك — پەرىشتە.

⑩ رەھشۇناس — يول بىلگۈچى، يول تونۇغۇچى.

⑪ كەرامات — كارامەت.

⑫ ئادەم پەيەمبەر (1- ئىزاھاتقا قاراڭ).

⑬ مۇقەررەب — يېقىن تۇرغۇچى، يېقىن دوست.

ئەدەم① مەئدەندىن② زۇھۇر ئەيلەدى،
سىياۋۇش③ ئۇتىن بىقۇسۇر④ ئەيلەدى.
كېلىپ يەر يۈزىگە بۇ ساھىبقىران⑤،
نە ساھىبقىران، بەلكى شەمس⑥ قىران.
يەنە مەھۇ⑦ ئىتىپ جۇملە ناپاكلار،
يوق ئەتتىيۇ زالىم ناپاكلار.
چۇ ئەۋۋەل جەددى⑧ فەتھ⑨ دارا[24] ئىدى،
چىقارماقغە ئۇنى ھەددي بار ئىدى،
ئىككىنچى جەددى خۇنكار رۇم[25]،
ھەياۋۇ بوي تىغ سىنان⑩ مەرزۇبۇم⑪.

---

① ئەدەم — يوق، يوقلۇق.
② مەئدەن — مەدەن، كان.
③ سىياۋۇش — (17 - ئىزاھاتقا قاراڭ).
④ بىقۇسۇر — قۇسۇرسىز.
⑤ ساھىبقىران — 1) بەختىيار؛ بەختكە ئېرىشكەن؛ 2) بۈيۈك پادىشاھلارغا بېرىلىدىغان نام.
⑥ شەمس — قوياش، ئاپتاپ.
⑦ مەھۇ — يوقلىش، تۈگەش، مەھۇ ئەتمەك، يوق قىلماق، تۈگەتمەك.
⑧ جەدد — بوۋا، بوۋىسى.
⑨ فەتھ — قولغا كىرگۈزگۈچى، غەلبە قىلغۇچى.
⑩ سىنان — نەيزە ئۇچى؛ ئۈتكۈر نەيزە.
⑪ مەرزۇبۇم — مەملىكەت، تېررىتورىيە.

ئۈچىنچىسى خاقان قەيسەر(26) ئىدى،
ئەزىم① جەڭ، بەدئەختەر② كەشىر ئىدى.
قىلىپ ھىيلە مەھلۇل③ بىسيار④ فەن⑤،
كىيىپ ئاقىبەت ئاتەشىن گۈل⑥ فىگەن.
جەھاندىن ۋۇجۇدى نابۇد بولۇپ،
جەھەننەم سارى كەتتى مەھبۇس بولۇپ.
ئالىپ يەتتە كىشۋەرنى⑦ ئول ھەق فۇرسەت،
چۇ روي زەمىن⑧ ھەم بىرىپ نۇش دەست⑨.
كى يۇنان(27) يەئجۇج(28) ئەفلاتۇن(29) ھەكىم،
سىيابان بەھىر⑩، ھەرەندۇن(30) ھەكىم.

---

① ئەزىم — ئۇلۇغ، كاتتا، بۈيۈك، زور.
② بەدئەختەر — بەختسىز، ئىشى يۈرۈشمىگەن.
③ مەھلۇل — تەھلىل، تەھلىل قىلماق، تەكشۈرمەك.
④ بىسيار — كۆپ، مول.
⑤ فەن — 1) پەن؛ 2) ھىيلە.
⑥ ئاتەشىن گۈل — قىزىل گۈل.
⑦ كىشۋەر — مەملىكەت؛ ئىقلىم.
⑧ زەمىن — يەر، زېمىن.
⑨ نۇش دەست — 1) قول، مەدەت؛ 2) مۇيەسسەر بولماق، ئېرىشمەك.
⑩ بەھىر — دېڭىز؛ سىيابان بەھىر — قارا دېڭىز.

يۇرۇپ سەير ئېتىپ يەتتە دەريا ئارا،
كۆرۇپ شاھ ماران[31] شەريان① ئارا.
پەيغەمبەر ئەرۋاھى ئىمداد② ئېتىپ،
مۇسۇلمان كاپىردىن ئازاد ئېتىپ.
نەچچە كۈن بۇ ئالەم تۇزۇلۇپ دىلدىلە③،
چىكىپ تا رۇم ئىلگۈن④ غۇلغۇلە⑤.
تاماشايى بەھر ـ مۇھىت⑥ ئەيلەبان،
شىرا⑦ خەلقىنى مۇنبەت ئەيلەبان.
ۋەسىيەت ئاناسىغە فەرياد ئېتىپ،
فەلەك چەرخىگە سەرەنجام⑧ ئېتىپ.
بەدەن بۇلبۇلى بولدى تەندىن جۇدا،
بۇ دەم كىشۋەرى بولدى جاندىن جۇدا.

قىسسە: بۇ پادىشاھلارنىڭ بىرى دارا ئىدى. ئۇ كىيان تەبىقسىدە يەتتە مەملىكەتكە پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا

---

① شەريان ـ باياۋان، ۋادى.
② ئىمداد ـ مەدەت، ياردەم.
③ دىلدىلە ـ تۇراقسىزلىق، خاتىرجەمسىزلىك.
④ ئىلگۈن ـ ئىل رەڭ.
⑤ غۇلغۇلە ـ شاۋقۇن، سۈرەن، شارقىرىشى.
⑥ بەھر ـ مۇھىت، دېڭىز ـ ئوكيان.
⑦ شىرا ـ سودا ـ سېتىق.
⑧ سەرەنجام ـ ئاخىرى، سۈڭ، ئاقىبەت.

رۇم [32] دا بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى فىلقۇس [33] دەپ ئاتىشاتتى، ئۇ داراغا تەۋە ئىدى. يىلدا داراغا مىڭ يومۇرتقا ئالتۇن تاپشۇراتتى. ئۇنىڭ پەرزەنتى يوق ئىدى. تاسادىپەن، بىر كۈنى شىكارغا چىقىپ، خوشال ھالدا بارگاھىغا كېلىۋېتىپ، يولدا بىر ۋەيرانە ئۆينى كۆردى. بۇ ۋەيرانە گويا ماتەمدار كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئوخشاش بۇزۇق ئىدى. فىلقۇس بۇ ۋەيرانىگە كەلدى. بۇ ۋەيرانىلىقتا بىر مەزلۇم تۇغقان، تۇغۇتتا ئانىسى ئۆلۈپ، بالىسى يىغلاپ ياتقانىكەن. بالىنىڭ ئاۋازى گايى چىقىپ، گايى چىقمايتتى. فىلقۇس بۇ بالىنى كۆرۈپ كۆڭلىگە بىر ئوت چۈشتى - دە، مەھرەملىرىگە: «بۇ مەزلۇمنى مۇشۇ ۋەيرانىغا دەپنە قىلىڭلار!» - دەپ بۇيرۇپ، ئۆزى ئاتتىن چۈشۈپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن بالىنى قولىغا ئېلىپ، مېھرىبانلىق كۆرسىتىپ «ئوغلۇم» دەپ پەرۋىش قىلدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى «ئىسكەندەر» قويدى. بۇ ۋەقە بەزى تارىخلاردا مۇنداق دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ: فىلقۇسنىڭ بىر ساھىبجامال قىزى بار ئىدى. ئۇ دارادىن ھامىلدار ئىدى. ئاي - كۈنى تولۇپ بىر ساھىبجامال ئوغۇل تۇغدى. فىلقۇس «ئوغلۇم» دەپ پەرۋىش قىلدى. كۈنلەرنىڭ ئۆتىشى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ تىلى چىقتى. يوقۇماس [34] ئىسىملىك بىر ھۆكۈما بار ئىدى. ھۆكۈمالىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى. ئىسكەندەرنى شۇ ھۆكۈماغا «ئىلىم ئۆگىتىڭ» دەپ تاپشۇرۇپ بەردى. بۇ ھۆكۈما ئارىستو [35] نىڭ ئاتىسى ئىدى. ئۇ ئىسكەندەرنى ئۆزىگە تاپشۇرغىنىدىن پەخىر-

لىنىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن تىرىشىپ ئىلىم ئۆگەتمەككە مەشغۇل بولدى.

بۇ ھۆكۈمانىڭ ئىسكەندەرنىڭ تۇغۇلۇشىدىن خەۋىرى بار ئىدى. ئۇ نۇجۇم كىتابلىرىغا قاراپ ئىسكەندەرنىڭ تەلىيىنى بىلدى ۋە ئۇنى ئۇلۇغ پادىشاھ بولىدۇ، يەتتە قات ئاسمانغا شانۇ شەۋكىتى يېتىدۇ، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدۇ دەپ ھۆكۈم قىلدى.

ھۆكۈما بۇ ھەقتە مۇلاھىزە قىلغاچ، ئۇنىڭغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئىلىم-ھېكمەتتىن تەلىم بېرىشكە باشلىدى.

ئىسكەندەرنى كەسىپ-كامالەتتە ۋايىغا يەتكۈزدى. ئاندىن پالۋانلىقنى ئۆگىتىشكە كىرىشتى. دۈشمەننى يوقىتىش يوللىرى ۋە سىپايىگەرچىلىكتىن تەلىم بەردى. گاھ ئات ئۈستىدە قورال ئوينىتىش، گاھ ھالقا كەمەند (سىرتماق) تاشلاش قاتارلىقلارنى ئۆگەندى. ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىقى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، رۇي-زېمىندا ئۇنىڭغا باراۋەر كەلگۈدەك چەۋەنداز-پالۋان چىقمايتتى.

قىسسە: ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى فىلقۇسنىڭ ئۆمرى ئاخىرىغا يەتتى. بۇ چاغقىچىلىك ئىسكەندەر تەگدىشى يوق پادىشاھ بولالىغىدەك دەرىجىدە يېتىلگەنىدى. فىلقۇس ئەلنى شادلاندۇرۇش مەقسىتىدە ئامۇر مەملىكىتىنى ئىسكەندەرگە تاپشۇردى.

فىلقۇسنىڭ كېسىلى قوي بولۇپ قالغاندا، ئىسكەندەرگە: «ئەي ئوغلۇم، تەخت-بەختىنى ساڭا تاپشۇردۇم، مەملىكەتتىن

ئوبدان خەۋەر ئالغىن!» دەپ ۋەسىيەت قىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى.

قىسسە: ئىسكەندەر بۇ ۋەسىيەتلەرنى بىجا كەلتۈرمەسلىككە چارىسىز ئىدى. ئاتىسىنىڭ تەزىيىسىنى تامام قىلىپ، پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇ ئاتىسىدىن زىيادە پىكىر يۈرگۈزەتتى. ئەيش - ئىشرەت بىلەن مەي ئىچەتتى. بارلىق ھۆكۈمالار كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھازىر ئىدى. ھەرقانداق مۇشكۈل ئىشنى ئارىستو باشلىق ھۆكۈمالارنىڭ جاۋابى مەسلىھەتى بويىچە ھەل قىلاتتى. شۇ تەرىقىدە تۈننى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، ئىككى ھەسسىنى ئۆتكۈزۈپ، بىر ھەسسى قالغاندا، غەپلەتتە ئۆتكەن ئۆمرىگە تەۋۋە قىلىپ يىغلايتتى. كۈندۈزى تەختتە ئولتۇرۇپ دادىخا (ئەرز) سورايتتى. ۋە: «ئەي خالايىق، ھەرقانداق دەردىڭلەر بولسا ئېيتىڭلار؛ مېنى ئۆزۈڭلارغا ئوخشاش بىلىڭلار؛ ئالدىراپ ئەرزىڭلارنى كۈتاھ قىلماڭلار؛ تەخت - تاجىمدىن قورقماڭلار؛ ئادىللىق بىلەن ھاجىتىڭلارغا مەلھەم قوياي» دەيتتى.

قان تۆككەن كىشلەرنىڭ قىساسىنى ئېلىپ بېرەتتى. كىشىنىڭ قولىنى كەسكەننىڭ قولىنى كېسەتتى. ئاتىسى فىلقۇسنىڭ ۋاقتىدا ئازار قىلىنغان ئىشلارنى يوق قىلاتتى. سىپاھلار پادىشاھنىڭ خىلۋەتتە ئولتۇرغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ پۇقرالارغا ئازار بەرگەن بولسا، ھەم سىپاھلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، پۈتۈن خالايىقنى زالىملارنىڭ زۇلمىدىن خالاس قىلاتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر يەنە رۇمنىڭ ئىككى يىللىق خىراجىنى ئىلتىپات يۈزىسىدىن كەچۈرۈم قىلدى. ياخشىلارنىڭ مەرتىۋە-سىنى مەرھەمەت بىلەن يۇقىرى كۆتۈردى. يامانلارنىڭ جازا-سىنى بەردى. ئاندىن نەرخ (باھا) تۈزۈمەككە قەدەم قويدى. ئېغىر ئېلىپ يېنىك ساتقۇچىلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ، تارازىنىڭ تېشىنى باراۋەر قىلىپ، تاشقا مۆھۈر باستۇردى.

بارلىق يوللارغا تېنىچ كىشىلەردىن قويۇپ، يۇرتنى قاراق-چىلاردىن خاتىرجەم قىلدى. شۇنچىلىك ئادىللىق بىلەن ئىش تۇتتىكى، «شىر ئالدىدا كىيىك ئامان تۇردى».

ھەزرىتى ئىسكەندەردىن ئاۋۋالقى پادىشاھلاردىن كېيىنكى پادىشاھلارغىچە، بۇ ئالەمدە ھېچبىر پادىشاھ ئۇنداق قىلغان ئەمەس. ئەلمۇ ئۇنداق پادىشاھقا مۇيەسسەر بولغان ئەمەس.

ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلەپ كەل-سەك، دەپتەرگە سىغمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بەزى ئىش-لىرى خاتىرىگە ئېلىنغان، بەزى ئىشلىرى خاتىرىگە ئېلىنمىغان.

ھەزرىتى ئىسكەندەر رۇمغا پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئاۋ-ۋال ئەتراپىدىكى دۈشمەنلەرنى يوق قىلدى. چېرىك تارتىپ مەغرىب زېمىنلىرى[36]نى بويسۇندۇرۇپ، بۇ يەرلەردىن ئۆتۈپ زەنگىبار[37] مەملىكىتىنى ئالدى. ئاندىن دارا بىلەن جەڭ قىلدى. ئۇ يەردىن بېرىپ فەرەڭ[38]نى ئالدى. ئۇ يەردىن قايتىپ مىسىر شەھىرىنى ئالدى. مىسىرنىڭ ھاۋاسىنى ئوبدان كۆرۈپ، ئۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلدى. ئاندىن ئىراق[39]

زېمىنىنى، ئەجەم[40] شەھەرلىرىنى، ئاندىن شام[41] نى، ھەلەب[42] نى ئالدى. ئۇ يەردىن يېنىپ يەمەن[43] شەھىرىنى ئېلىپ، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ مەككە ئەزىمىگە كېلىپ، خانەئى مۇبارەكنى زىيارەت قىلىپ، ئاندىن بېرىپ خارەزمنى ئالدى. ئۇ يەردىن يېنىپ دەشتى قىپچاقنى ئالدى. ئاندىن ئۇرۇس شەھەرلىرىنى ئالدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ مەشرىق زېمىنلىرى[44] گە يۈرۈش قىلىپ، ماۋەرائۇننەھر[45] گە كەلدى. بۇ جاينىڭ سۈيى ۋە ھاۋاسى ئوبدان بولغاچقا، بۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئىسمىنى سەمەرقەند دەپ ئاتىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ شەھىرى كىرمان[46] غا كەلدى. ئاندىن خۇراسانغا كەلدى. بۇمۇ ئاجايىپ خۇش ھاۋالىق جاي ئىكەن، بۇ يەردىمۇ بىر شەھەر بىنا قىلدى. ئاندىن ئىسفاھانغا كەلدى. پۈتۈن ئالەمنى كېزىپ فەتھ قىلدى. يەنە يېنىپ رۇمغا كېلىپ، ئەيش-پاراغەت بىلەن مەشغۇل بولدى. ئۇ، دۇنيانى يەنە بىر قېتىم سەيىر قىلماقچى بولۇپ، نۇرغۇن مەملىكەتتە ئاجايىپ ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، يەئجۇج-مەئجۇج[47] نىڭ چىقىدىغان يولىنى قويۇچ بىلەن سېپىل سوقۇپ توستى. بارلىق چۈشكۈنلىرىدە لەنگەر بىنا قىلدۇردى. يولۇچى-مۇساپىرلار بۇ لەنگەرلەردە قونۇپ ئەيش-پاراغەت قىلىپ ئۆتەتتى.

قۇرۇقلۇقتا بويسۇندۇرمىغان شەھەر قالمىدى. ئاندىن دەريا-دېڭىزلارغا يۈزلەندى. كېمىدە يۈرۈپ سۇ ئىچىدىكى سۇ خەلقىنى؛ دېڭىز ئارىسىدىكى ئون ئىككى مىڭ ئارال خەلقىنى

بويسۇندۇردى. بۇنىڭغا ھېچبىر قانائەت قىلماي، ئوكيانغا قەدەم قويۇپ، سۇنىڭ تېگىنى كۆرۈشكە ھەۋەس قىلدى.

ھۆكۈمالار ھېكمەتتىن بىر شېشە راسلاپ بەردى. ئىسكەندەر شېشىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئاغزىنى بېكىتتى. مىڭ غۇلاچ تاناپ باغلاپ، تاناپنىڭ ئۇچىنى ئەلگە تۇتقۇزۇپ، ئۆزى دېڭىزغا چۆكتى. دېڭىزدىكى ئاجايىپلارنى كۆرۈپ مەقسىتىگە يەتتى. ئاندىن يەنە كېمىگە ئولتۇردى.

يولباشلىغۇچى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام[48]؛ دېڭىز سەپىرىنىڭ باشلىقى ھەزرىتى ئىلياس[49] ئىدى.

خۇدايىتائالا ھەزرىتى ئىسكەندەرگە ۋەلىيلىك مەرتىۋىسىنى بەرگەنىدى. بەزىلەر «پەيغەمبەر ئىدى» دېيىشىدۇ. ھەزرىتى ھەق سۇبھانەۋەتائالا تەۋفىق بەرسە، بىر-بىرلەپ بايان قىلغايمىز، ئىنشائاللاتائالا رەببىل ئالەمىن!

راۋىيان ئەخبار ۋە ناقىلان ئاسار (رىۋايەت قىلىپ خەۋەر بەرگۈچى ۋە نەقىل كەلتۈرۈپ ئەسەر يازغۇچى)راست سۆزلۈك رىۋايەتچىلەر ئانداق رىۋايەت قىلغانكى، ھەزرىتىئىسكەندەرنىڭ ئاۋۋال قىلغان ئىشلىرىدىن بىرى: ئاتىسى فىلقۇس رۇمغا پادىشاھ ۋاقتىدا، داراغا يىلدا مىڭ يۇمۇرتقا ئالتۇن باج تاپشۇراتتى. ئۇ چاغدا دارا يەتتە ئىقلىم[50]غا پادىشاھ ئىدى.

فىلقۇس ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ تەختىگە ئوغلى ئىسكەن-دەر ئولتۇرغان ۋاقتتا، ئۇ ئاۋۋال تىغ تارتىپ بارلىق شەھەر-لەرنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر ھەر يەرگە قەدەم قويسا، شۇ يەرنى ئالدى. ئۇنىڭ دۆلىتى كۈندىن كۈنگە زىيادە بولدى. تىغىنىڭ شولىسى ئالەمنى قاپلىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە شەھەر ئالماقتىن ئۆزگە ھېچ ئىش يوق ئىدى. ھەممە پادىشاھلاردىن ئۆزىنى «ئۇلۇغ» دەپ بىلەتتى.

ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى ئالەمدىن ئۆتكىنىگە ئۈچ يىل بولغاندا، ئىسكەندەر ئاتىسىدىن ئون ھەسسە چوڭ پادىشاھ بولدى. ئاتىسىنىڭ دارا ئاغا يارماق تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئەسلا نەزىرىدە تۇتمىدى. «ھەركىشىنىڭ ئەزەلدىن ھىممىتى يۇقىرى بولسا، كىشىگە تەۋە بولۇشنى ھەرگىز نەزەردە تۇتمايدۇ».

ھەزرىتى ئىسكەندەر بىر كۈنى تەختتە خۇشال-خورام ئولتۇراتتى. دارا قېشىدىن ئەلچى كەلدى. مەھرەم، ياساۋۇللار ئىسكەندەردىن رۇخسەت ئېلىپ، ئەلچىنى باشلاپ كىردى. ئەلچى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. جېنى ۋەھىمىدە قېلىپ ئىسكەندەرگە دۇئا قىلدى.

ئەلچى ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋىتىدىن مادارسىزلاندى. ئىس-كەندەر بۇنى بىلىپ، ئەلچىنىڭ يۈزىگە قارىماي، ئۆزگە كىشى-لەرگە قاراپ ئولتۇردى.

بىرەر سائەتتىن كېيىن ئەلچىنىڭ كۆڭلى توختىدى. ھەز-رىتى ئىسكەندەر ئەلچىدىن شاھانە قىياپەتتە سورىدى:

— ئەي ئەلچى، قەيەردىن كەلدىڭ؟

— پادىشاھ دارا قېشىدىن كەلدىم، — ئەلچى ئورنىدىن

تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— پادىشاھ دارا تازىمۇ؟ نېمە ئۈشقا كەلدىڭ؟

— ئەي پادىشاھى ئالەم، نېمە ئۈشقا كەلگىنىمنى سورىدىلا، ئېيتماسلىققا چارەم يوق، — دەپ سۆزگە كىردى ئەلچى، — ئەي پادىشاھى ئالەم، ئاتىلىرى فىلىقۇس داراغا ھەر يىلىدا مىڭ يۇمۇرتقا ئالتۇن تاپشۇراتتى. ھالا فىلىقۇس ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۈچ يىلدىن بىرى خىراج كەلمىدى. شۇ سەۋەبتىن مېنى ئەۋەتتى. ئەگەر ئىنايەت قىلىپ بەرسىلە، ئېلىپ باراي، بولمىسا قانداق جاۋاب بەرسىلە شۇنى دەي.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، تەختتى ئوت بولۇپ، قاتتىق غەزەپكە كەلدى، لېكىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ غەزەپ ئوتىغا ھېكمەت سۈيىنى سەپتى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي ئەلچى، داراغا مەندىن سالام دېگىن ۋە يەتكۈزگىنكى، پادىشاھلىقنىڭ ئەبەدىيلىكى يوقتۇر. نەچچە كۈنلۈكلا ئۆمرۈڭ قاپتۇ، بىھۇدە كايىمىغىن. يارماق ئالىمەن دەپ ھەۋەس قىلمىغىن. ئالتۇن يۇمۇرتقا بېرىدىغان كىشى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋېتىپتۇ. ئەگەر بۇ نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلساڭ، بىز ساڭا دوست، ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭ، سېنىڭ سۆزۈڭ بىزگە مۇناسىپ كەلمەس. بىز يارماق بېرىدىغان پادىشاھتىن ئەمەسمىز. ئارىمىزدا بىھۇدە خۇسۇمەت پەيدا قىلمىغىن. سېنىڭ لەشكىرىڭ تولا، بىزنىڭ ئاز بولسا، ئازغىمۇ، كۆپكىمۇ مەدەت

بەرگوٚچی ئاللاتائالا بار......

ئىسكەندەر سوٚزىنى توٚگەتكىچە ئەلچى ئىرىپ سۇ بولدى ۋە قوپۇپ يولىغا ماڭدى. ئايىغى بىلەن مىڭىۋاتامدۇ ياكى بىشى بىلەنمۇ بۇنى ھىچ بىلمەيتتى.

ئەلچى ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئېيتقانلىرىنى كىلىپ دارىغا بىر-بىرلەپ يەتكۈزدى. دارا دەرغەزەپ بولۇپ:

— ئۇ ماڭا مۇنداق سوٚزلەرنى قىلىپتۇ. تەسەۋۋۇر قىلمەنكى، ئۇ يا دىۋانە، يا مەست ياكى ئەقىلسىزدۇر، — دىدى.

— ئۇ نارەسىدە ئەمەس، — دىدى ئەلچى، — بەلكى ئەقىللىق، بالاغەتكە يەتكەن، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئىكەن.

بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:

— ئەلچىنى بەندكە ئىلىڭلار! — دەپ يارلىق قىلدى دارا ئاچچىقى كىلىپ. ئەلچى بەندكە ئىلىندى.

— ئۇ مىنىڭ قۇلۇمنىڭ ئوغلى، — دىدى دارا، — ئاتا-ئانىسى مىنىڭ ئاتا-بوۋامنىڭ توغىما قۇلى ئىدى. ئۇنىڭ سوٚزىنى ئېتىبارغا ئالغىلى بولمايدۇ. مەندىن قورقماي مۇنداق سوٚزلەرنى ئېيتىپتۇ. ئۇنىڭغا شۇنداق ئەدەب بىرەيكى، مۇندىن كىيىنكىلەرگە ئىبرەت بولسۇن. بىر يوٚرەكلىك ئەلچى ئەۋەتەي، ئۇ ئىتتىك ئالماستەك سوٚزلەرنى قىلسۇن.

دارا بىر يوٚرەكلىك ئەلچى تەيىنلەپ، ئۇنىڭدىن بىر كوٚيە، بىر چۇماق، بىر قاچا كوٚنجۇت ئەۋەتتى. بۇ ئەلچى مەنزىللەردىن ئىشىپ، ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

خەۋەرچىلەر دارا قېشىدىن يەنە ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى.

قىسسە: ئىسكەندەر:

— ئەلچىنى ئېلىپ كېلىڭلار، — دەپ يارلىق قىلدى.

ئەلچى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ كۆزى خىرە، ئەقلى تېرە بولدى. بەدىنىگە تىترەك ئولاشتى. ئاغزىدىكى سۆزىنى ئۇنۇتتى. ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋىتىدىن لال بولدى. كەلگىنىگە يۈز مىڭ پۇشايمان قىلدى.

ئەلچى يەر ئۆپۈپ دۇئا قىلدى. ئاندىن سۆزگە كىردى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، دارا ئېيتقان سۆزلەرنى ئېيتقىن دېسلە ئۇلاجىم يوق، ئېيتاي، بولمىسا بېشىمنى دارا قېشىغا سالامەت ئېلىپ كېتەي، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تۇردى.

— ئېيتىدىغان سۆزۈڭنى ئېيتقىن، — دېدى ھەزرىتى ئىسكەندەر.

— دارا سالام ئېيتتى. ئاتىسى بىزگە قانچىلىك يارماق تاپشۇرۇپ تۇرغان بولسا، ئىسكەندەر ھەم شۇنداق قىلسۇن. ئۈچ يىللىق خىراجنى ئېلىپ، بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىپ ئاستانىمىزنى (پايتەختىمىزنى) سۆيسۇن. مەن گۇناھىدىن ئۆتەي. ئاتىسى ئۆلگەندىن بېرى بىزگە خىراج ئەۋەتمىدى، بىزمۇ كىشى ئەۋەتمەي تۇردۇق. ئۆتكەندە ئەلچى ئەۋەتكەندۇق. بىراق ھەددىدىن زىيادە سۆزلەرنى قىلىپتۇ. بىز ئۇنى ئۆزى

كىچىك، تېخى بېشى تاشقا تەگمىگەن، دىۋانە، ئەقىلسىز، جۇنۇن ھەم تەلۋىمىش دەپ ئاتىلىدۇق. شۇڭا گۇناھىدىن ئۆتتۇق. ئۈچ يىللىق خىراجىنى ئېلىپ كېلىپ، ئاستانىمىزنى تاۋاپ قىلسۇن، ھېسابسىز ئېلتىپاتلار كۆرسۇن. قورقۇپ كەلمىسە، كىچىك ۋە بىلمەسلىكتىندۇر. قاچانكى كەلمىسەك، تەسەۋۋۇر قىل دەپ ئۇنىڭغا مۇناسىپ بىر كۆيە، بىر چۇماق، بىر قاپچىدا كۈنجۈت ئەۋەتتىم، — دېدى دەپ ئەلچى سۆزىنى ئادا قىلدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۆز كۆڭلىدە «دارا ئاچچىقىدا بۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئەۋەتىپتۇ؛ ھەممە پادىشاھلارنى مېنىڭ بەندەم دېمەك ھېسابسىز مۇشكۇلدۇر؛ پادىشاھلىقنى خۇدايتا- ئالا ئۆزى بەرگەندۇر. ھەممە پادىشاھلار خۇدايىتائالانىڭ قۇلىدۇر؛ خۇدا قۇلۇم دېسە، ھەقتۇر، دارانىڭ قۇلۇم دېمىكى، ئەينى خاتادۇر؛ ماڭا ئېھسان ئۈچۈن كۆيە، چۇماق، كۈنجۈت ئەۋەتىپتۇ، بۇ سىردىن ياخشى پال ئالدىم: ھۆكۈمالار ئېيتقان- دەك بۇ دۇنيانىڭ سۈرىتى كۆيىگە ئوخشاش يۇمىلاقتۇر؛ دارا بىزگە كۆيە ئەۋەتىپتۇ، بۇ گوياكى دۇنيانى بىزگە بەرگەنگە باراۋەردۇر؛ بىزگە كۈنجۈت ئەۋەتىپتۇ، بۇ گوياكى ئالەم خەلقىنى بىزگە بەرگەنگە باراۋەردۇر؛ چۇماقنىڭ سىرى شۇكى، بۇ گويا مەيدانىنى بىزگە بەرگەنگە باراۋەردۇر» دەپ ئويلىدى-دە، ئۇ:

— بىرنەچچە توخۇ كەلتۈرۈڭلار! — دەپ يارلىق قىلدى.

بىرنەچچە توخۇ كەلتۈرۈلدى. بۇ توخۇلار كۆنجۈتنى ئانداق تەردىكى، بىر دانىمۇ كۆنجۈت قالمىدى. بۇ ۋەقەدىن ئەلچى ھەيران قالدى.

ئىسكەندەر ئەلچىگە رۇخسەت بەردى. ئەلچى قايتىپ دارا قېشىغا كېلىپ، ئۆتكەن ۋەقەنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى. دارانىڭ ئاداۋەت ئوتى ئۆرلىدى. ئۇز كۆڭلىدە ئېيتتىكى، بۇ يۇرتلاردىن ئامانلىق كەتتى..........

## 2

**دارانىڭ ئاداۋەت قىلىپ چىرىك توپلاپ ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۈستىگە ئاتلانغىنى؛ دارا بىلەن ھەزرىتى ئىسكەندەر جەڭ قىلىپ، ئاخىر دارانىڭ ئىككى ۋەزىرى دارانى خەنجەر سىلىپ ئۆلتۈرۈپ، ئىسكەندەر بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ دارانىڭ خۇننى ئېلىپ، بۇ جەڭدە زەپەر، فەتھ-نۇسرەت تاپقىنى**

قىسسە: دارا پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئەۋەتكەن جاۋابىنى ئىشتىپ غەزىپى زىيادە بولدى. كېچە-كۈندۈز چىرىك توپلاش بىلەن مەشغۇل بولدى. ئەتراپقا كىشى ئەۋەتتى: ئىران، تۇران[51]، مەشرىق، مەغرىب، جەنۇب ۋە شىمالغا كىشى چاپتۇردى. زالىم سىپاھلارنى بۇيرۇپ، ھەر تەرەپتىن چىرىك يىغىپ جەم قىلدى.

دارا چىرىكلەرنى تاماشا قىلغىلى چىقتى. چىرىكنىڭ

مۇنچە تولىلىقىنى كۆرۈپ، ئەقلى ھەيران قىلىپ كۆڭلىدە «مۇنچە چىرىك بىلەن ئاسمانغا چىقسام، ئاسمانمۇ قورقۇپ قاچار» دەيتتى.

پۈتۈن ئىقلىمنىڭ پادىشاھلىرى تارتۇق-سوۋغىلار بىلەن داراغا كۆرۈنۈش قىلدى. دارا يىغىپ بارگاھىغا چۈشتى. خىتاي① پادىشاھى خاقان، ھىندىستان پادىشاھى قاراخان، مىسىر پادىشاھى ۋەرەقە، قىپچاق پادىشاھى تىمۇرتاش... (ئۆزگە پادىشاھلارنىڭ ھىسابى يوق ئىدى) دارانىڭ بارگاھىغا كەلدى.

دارا ئورنىدىن تۇرۇپ خاس ئۆيگە كىردى ۋە بىر نەچچە ئاقىل، دانىشمەن پادىشاھلارنى مەسلىھەت ئۈچۈن چاقىرىپ، ئۇلارغا ئىنايەت قىلىپ سۆز تاشلىۋىدى، بۇ پادىشاھلار بىجانىدىل قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. دارا ئاندىن سۆز باشلاپ:

— ئەي پادىشاھلار، سىلەرنى چاقىرتىشتىن مەقسىتىم شۇكى، رۇم شەھىرىدىكى فىلقۇس ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭ بىر ئوغلى قالغانىدى، ئۇ دىۋانە ئىكەن. ئۈچ يىل بولدى،

---

① بۇ كىتابتىكى «خىتاي» دىگەن نام قىتانلارنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇنىڭدىكى قەدىمكى مىللەت ۋە دۆلەت ناملىرى بىلەن ئىسكەندەر زامانىسىنىڭ 10 نەچچە ئەسىر پەرقى بار، بۇ ئاپتورنىڭ ياكى كۆچۈرگۈچىنىڭ تارىخىي بىلىم ساۋادىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن يول قويۇلغان سەۋەنلىك — مۇھەررىردىن.

خىراج بەرمىدى. كىشى ئەۋەتسەك، ھەددىدىن زىيادە سۆز-لەرنى قىلىپ قايتۇرۇپتۇ. نەسىھەت بىلەن يەنە ئەلچى ئەۋەتـ-تۇق، قۇلاق سالمىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئەدەب بەرمەك لازىم بولدى. شۇ سەۋەبتىن سىزلەرنى چاقىرتتىم. نىمە دەيسىز-لەر؟ — دېدى.

بارلىق پادىشاھلار ئورنىدىن تۇرۇپ، دۇئا قىلىپ:

— ئەي پادىشاھ، ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، دۆلەتلىرى زىيادە بولسۇن! بۇنىڭغا چېرىك يىغىش لازىم ئەمەس ئىدى. بىزنىڭ بىرىمىزگىلا رۇخسەت بەرگەن بولسىلا، ئىسكەندەرنىڭ ئەدىبىنى بېرەر ئىدۇق، — دېيىشتى.

— ئۇنداق قىلساق بولماس، — دېدى دارا، — ئۇ پۈتۈن شەھەرلەرنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپتۇ، ئۇنىڭغا بىقىپ ھىيلە قىلماق لازىم. شۇڭا ھەممىڭىزنىڭ بارغىنى ئوبدانىدۇر.

پادىشاھلار بىردەك دارانىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل كۆردى.

دارا چېرىكلەرگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى، ھەممە پادىشاھلار ئۆز لەشكىرىنى ئېلىپ ئاتلاندى. دارا شان-شەۋكىتىنى پەلەككە يەتكۈزۈپ، ئارقىسىدىن راۋان بولدى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ دەبدەبىسىدىن يەتتە قات زېمىن لەرزىگە كېلەتتى.

قىسسە: ھەزرىتى ئىسكەندەر دۆلەتىنىڭ ئۇلۇغ ئاربابلىرى بىلەن مەجلىس تۈزۈپ بەزمە-ئىشرەت قىلىپ ئولتۇراتتى، دارا قوم-تۇپراقتىن تولا لەشكەر بىلەن كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن

خەۋەر كەلدى. ئىسكەندەر (بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ) لەشكەر-لىرىنى شۇنداق تەخ قىلدىكى، بۇنى سۆز بىلەن سۈپەتلەپ بەرگىلى بولماس ئىدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر ھېچبىر ئەندىشە قىلمايلا دارانىڭ ئالدىغا يۈرۈش قىلدى. دارا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە ۋەھشەت (قورقۇنچ) پەيدا بولدى.

ئىككى تەرەپتىن ئىككى جاھان قوزغىلىپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى.

ئىككى قوشۇن ئىككى تەرەپتىن كېلىپ جاي-جايغا ئورۇن-لاشتى ۋە چۆرە-ئەتراپىغا خەندەك قېزىشتى.

كېچە، ئۇچار قاناتلارمۇ قىمىرلىمايتتى. ئىككى پادىشاھ بىر-بىرىگە تاقابىل ھالدا مەيدان راسلاشتى. ئوتتۇرىدا بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى، بىر ياندا ئىسكەندەر، يەنە بىر ياندا دارا تۇراتتى.

ئىسكەندەر ئەتراپىقا خەندەك قازدۇرۇپ لەشكەرلىرىدىن خاتىرجەم بولۇپ، بارلىق سىپاھلىرىنى يىغىپ، دارانىڭ لەشكەرلىرىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن تاغ تۆپىسىگە چىقتى.

قارىسا، يەر-زېمىننى لەشكەر قاپلاپ كېتىپتۇ. چېرىكلەرنىڭ دەبدەبىسى يەر-زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرەتتى. چاڭ-توزاندىن پۈتۈن ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغانىدى.

ئىسكەندەر بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. كۆڭلىدە تەپەككۇر قىلىپ، مۇنداق

چېرىك بىر يەرگە روبىرو بولسا، مەلۇمدۇركى، جىقى ئاز ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. ئەمدى قايتىپ كېتىشنىڭ ئورنى يوق، دەپ قارىدى، بۇ چاغدا تاغ تۆپىسدە ئىككى كەكلىكنىڭ سوقۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. كەكلىكنىڭ بىرى چوڭ، بىرى كىچىك ئىدى. كىچىك كەكلىكنى ئۆزىگە، چوڭ كەكلىكنى داراغا تەقلىد قىلدى. شۇ ئەسنادا ئاسماندىن بىر بۈركۈت چۈشۈپ، چوڭ كەكلىكنى چاڭگىلىغا ئېلىپ، ئاسمانغا چىقىپ غايىپ بولدى. ئىسكەندەر بۇ ھالنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە كۆڭلىدە «بۇ دۈشمەننىڭ مەغلۇپ بولۇشىدىن بىشارەتتۇر» دەپ ئويلاپ لەشكىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

ئىككى پادىشاھ بىر-بىرىنىڭ مەقسىتىنى بىلەلمەيتتى. دارانىڭ سىپاھلىرى داراغا مەدەت بىرىپ:

— رۇخسەت بەرسلە، بىرىمىزلا ئىسكەندەرنىڭ جازاسىنى بىرەتتۇق، — دېيىشەتتى.

— ئىسكەندەر قول باغلاپ، ئۆزى ئېيتىپ ئالدىمغا كېلىدۇ، — دەيتتى دارا.

نەچچە كۈندىن كېيىن مەسلىھەتلىشىپ، بارلىق كۈچى بىلەن ئىسكەندەرگە قارشى جەڭ قىلىش قارارىغا كېلىشتى. «دۈشمەننىڭ ئېتىبارسىز قارىغىنى، جانغا خەتەردۇر».

بارچە خالايىقنىڭ ئۇيقۇسى كۆككە ئۇچتى. بۇ ئىككى پادىشاھ بىر-بىرىگە روبىرو بولغىلى قەدەم قويۇشتى. جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى پەلەككە ياڭرىدى. لەشكەرلەر دەريا

كەبى سەل بولۇپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىشتى. گويا ئۇلۇغ دەريالار مەۋج ئۇرغاندەك، بۇ ئىككى قوشۇن بىر-بىرىنىڭ قارىسىنى ئېلىش بىلەن تەڭ چوقان سېلىشتى.

قىسسە: قىلىچ-قىلىچقا، نەيزە-نەيزىگە ئۇرۇلاتتى. بۇنى كۆرگەن ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ يۈرەكلىرى يېرىلاتتى. تون-قوياقلارنىڭ شولىسىدىن خالايىقنىڭ كۆزلىرى خىرەلىشەتتى. جان قايغۇسىدا قورقۇپ چىرايلىرى تاتىراتتى. جېنىدىن تويۇپ، كۆڭۈللىرى غەمگە تولاتتى.

ھەرقايسى پادشاھ ئۆز سەپلىرىنى تۈزۈپ، قىلىچۋازلارنى قىلىچۋازلار بويىچە، نەيزىۋازلارنى نەيزىۋازلار بويىچە، ئۇنۇتۋازلارنى ئۇمۇتۋازلار بويىچە قاتار قىلىپ، شۇنداق سەپ ھاسىل قىلدىكى، سەپنىڭ باش-ئاخىرىنى كۆرۈپ بولمايتتى.

دارا ئەجەم لەشكەرلىرىنى شۇنداق تەرتىپ بويىچە تەييارلىق قىلغۇزدىكى، ئوڭ تەرەپتىكى لەشكەرلىرى مەشرىق زېمىن خەلقى — سەمەرقەندتىن تا خىتايغىچە يۈز مىڭ ئۆزبېك، يۈز مىڭ موغال، يۈز ئەللىك مىڭ قالماق؛ (بۇلاردىن ئاتتە مىڭ قالماق پالۋانلاردىن ئىدى. بۇلارنىڭ پالۋانلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ھەممىسى ئوت ئويناتقۇچىلار ئىدى) سول تەرەپتىكىسى مەغرىب زېمىن خەلقى ئىدى. بۇلارغا باغداتنىڭ خاتىبى باش ئىدى. بۇلار جەمئىي ئاتتە يۈز مىڭ كىشى بولۇپ، كۆك تۆمۈردىن نىقاب كىيگەن داڭلىق پالۋانلاردىن ئىدى. بۇلاردىن

بۆلەك يەتتە يۈز مىڭ پالۋان ئارقا تەرەپتە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. دەشت قىپچاقتىن، خارەزىمدىن كەلگەن ھەددى-ھېسابسىز پالۋانلارنىمۇ تەرتىپلەپ، سەپ تۈزدى. ھەر سەپتە مايسىرەڭ يۈز مىڭ تۇغ-ئەلەم جۇلالىنىپ لەپىلدەيتتى. دارا لەشكەرلىرىنى بۇ تەرىقىدە سەپكە تىزغان بولۇپ، ئۇلار شىردەك ھۆركىرەپ، نەرە تارتىپ تۇراتتى.

بۇ تەرەپتە ھەزرىتى ئىسكەندەرمۇ لەشكەرلىرىنى رەتلەپ، ئوڭ تەرىپىگە فەرەڭ سىپاھىلىرىنى تۇرغۇزدى. دۈشمەنىنىڭ تولىلىقىنى كۆزىگە ئىلمايتتى، سول تەرىپىگە ئۇرۇس پالۋانلىرىدىن سەپ تۈزدى. بۇلارنىڭ سانى يۈز مىڭ بولۇپ، ئۇلار كۆك تۆمۈردىن نىقابلانغان ھالدا تەييار بولۇپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ يۈزلىرى قىزىل ئىدى. ئۇلار بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

نەزم:

ئىسكەندەر شاھشەھلەر سەرۋەرىدۇر①،
كەۋاكىب②لار قەتارە مۇشتەرىيدۇر③.
بەلەند④ ھىممەتلىكى ئۇچتى زىيادە،
ئىسكەندەر ئالدىدا دارا پىيادە.
شۇجائەت بابىدا گوياكى رۇستەم،

① سەرۋەر — يولباشچى، يېتەكچى.
② كەۋاكىب — يۇلتۇزلار.
③ مۇشتەرىي — يوپىتېر پلانېتىسى.
④ بەلەند — يۈكسەك، ئېگىز.

كەبى سەل بولۇپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل كېلىشتى. گويا ئۇلۇغ دەريالار مەۋج ئۇرغاندەك، بۇ ئىككى قوشۇن بىر-بىرىنىڭ قارىسىنى ئېلىش بىلەن تەڭ چوقان سېلىشتى.

قىسسە: قىلىچ-قىلىچقا، نەيزە-نەيزىگە ئۇرۇلاتتى. بۇنى كۆرگەن ۋەھشى ھايۋانلارنىڭ يۈرەكلىرى يېرىلاتتى. تون-قوياقلارنىڭ شولىسىدىن خالايىقنىڭ كۆزلىرى خىرەلىشەتتى. جان قايغۇسىدا قورقۇپ چىرايلىرى تاتىراتتى. جېنىدىن تويۇپ، كۆڭۈللىرى غەمگە تولاتتى.

ھەرقايسى پادىشاھ ئۆز سەپلىرىنى تۈزۈپ، قىلىچۋازلارنى قىلىچۋازلار بويىچە، نەيزىۋازلارنى نەيزىۋازلار بويىچە، ئۇدۇتۇۋازلارنى ئۇمۇتۇۋازلار بويىچە قاتار قىلىپ، شۇنداق سەپ ھاسىل قىلدىكى، سەپنىڭ باش-ئاخىرىنى كۆرۈپ بولمايتتى.

دارا ھەم لەشكەرلىرىنى شۇنداق تەرتىپ بويىچە تەييار-لىق قىلغۇزدىكى، ئوڭ تەرەپتىكى لەشكەرلىرى مەشرىق زېمىن خەلقى — سەمەرقەندتىن تا خىتايغىچە يۈز مىڭ ئۆزبېك، يۈز مىڭ موغال، يۈز ئەللىك مىڭ قالماق؛ (بۇلاردىن ئالتە مىڭ قالماق پالۋانلاردىن ئىدى. بۇلارنىڭ پالۋانلىقى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ھەممىسى ئوت ئويناتقۇچىلار ئىدى) سول تەرەپتىكىسى مەغرىپ زېمىن خەلقى ئىدى. بۇلارغا باغداتنىڭ خاتىبى باش ئىدى. بۇلار جەمئىي ئالتە يۈز مىڭ كىشى بولۇپ، كۆك تۆمۈردىن نىقاب كىيگەن داڭلىق پالۋانلاردىن ئىدى. بۇلاردىن

بۆلەك يەتتە يۈز مىڭ پالۋان ئارقا تەرەپتە سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. دەشت قىپچاقتىن، خارەزىمدىن كەلگەن ھەددى-ھېسابسىز پالۋانلارنىمۇ تەرتىپلەپ، سەپ تۈزدى. ھەر سەپتە مايسىرەڭ يۈز مىڭ تۇغ-ئەلەم جۇلالىنىپ لەپىلدەيتتى. دارا لەشكەرلىرىنى بۇ تەرىقىدە سەپكە تىزغان بولۇپ، ئۇلار شىردەك ھۆركىرەپ، نەرە تارتىپ تۇراتتى.

بۇ تەرەپتە ھەزرىتى ئىسكەندەرمۇ لەشكەرلىرىنى رەتلەپ، ئوڭ تەرىپىگە فەرەڭ سىپاھلىرىنى تۇرغۇزدى. دۈشمەننىڭ تولىلىقىنى كۆزىگە ئىلمايتتى، سول تەرىپىگە ئۇرۇس پالۋانلىرىدىن سەپ تۈزدى. بۇلارنىڭ سانى يۈز مىڭ بولۇپ، ئۇلار كۆك تۆمۈردىن نىقابلانغان ھالدا تەييار بولۇپ تۇراتتى. ھەممىسىنىڭ يۈزلىرى قىزىل ئىدى. ئۇلار بۇ بېيىتنى ئوقۇدى.

نەزم:

ئىسكەندەر شاھشەھلەر سەرۋەرىدۇر①،
كەۋاكىب②لار قەتارە مۇشتەرىيدۇر③.
بەلەند④ ھىممەتلىكى ئۇچتى زىيادە،
ئىسكەندەر ئالدىدا دارا پىيادە.
شۇجائەت بابىدا گوياكى رۇستەم،

---

① سەرۋەر — يولباشچى، يېتەكچى.
② كەۋاكىب — يۇلتۇزلار.
③ مۇشتەرىي — يۇپىتېر پلانېتىسى.
④ بەلەند — يۈكسەك، ئېگىز.

بۇ بائىسدىن① يوق ئېردى كۆڭلىدە غەم.
دېدى دارا: «چېرىكىم بىنهايەت،
قىلۇر تىغىم ئىسكەندەرنى جەراھەت.
ئىسكەندەردىن زىيادە جۇپ ئەياغىم،
شىكەست بەرسەم يۇمۇلغاي بۇ قەرارىم»
ئىسكەندەر ئېيتۇر ئېردى: «ئۇشبۇ دارا،
مېنىڭ قەسدىمدە ئېردى خار-زار.
چېرىكىم بولسە مىڭ-مىڭدىن ئارتۇق،
خۇدا بەرسە بولۇر نايىمغە باسرۇق»
تەۋەججۇھ② ئەيلەگىزلەر كىم خۇداغە،
ئىلاھا ئۇچرادۇق مۇنداغ بەلاغە.

**قىسسە:** لەشكەرلەر سەپ تارتىپ، جەڭ دۇمباقلىرىنى شۇنداق سوقتىكى، گويا بەد ھەيۋەت دېۋىلەردەك ئالەمگە غۇلغۇلا سالدى. ئەلەملەرنىڭ جىلۋىسىدىن يەر يۈزى مايسىرەڭ تۈسكە كىردى. چىمەنلىكتە سايرىغۇچى بۇلبۇللار داستان كەبى تۈمەنمىڭ ناۋالار بىلەن ئىلھام ئەيلەيتتى. تۇتى قۇشلار گۈزەل تىللىرى بىلەن سۆزمەنلىك قىلاتتى. سۈرەن-سادالار ئىچىدە ئالەمنى چاڭ-توزانلار قاپلىدى. بىر زاماندىن كېيىن چاڭ-توزانلار سۈزۈلۈپ، قاراڭغۇ ئالەم

① بائىس — سەۋەب.
② تەۋەججۇھ — يۈزلىنىش، يۈز تۇتۇش.

يۈرۈش بىلەن، لەشكەرلەر بىر-بىرلىرىنى تاماشا قىلىشتى.

ئىسكەندەر تەرەپتىن بىر پالۋان مەيدانغا كىرىپ، سىپايىگەرچىلىك تەرىقىنى بىجا كەلتۈردى. دارا تەرەپتىنمۇ بىر پالۋان مەيدانغا كىردى. ئىتنىڭ تۈۋىقىدىن تارتىپ دۈبۈلغىسىغىچە پۈتۈنلەي كۆك تۆمۈر بىلەن نىقابلانغانىدى. ئىسمى ھەيرانى ئىدى. ئۇمۇ سىپايىگەرچىلىك تەرىقىنى بىجا كەلتۈردى.

ئىسكەندەر تەرەپتىن كىرگەن پالۋاننىڭ ئىسمى بارۇق بەربەرى ئىدى. بۇ ئىككى پالۋان ئۈچ يۈز مەرتىۋە نەيزىۋازلىق قىلىشتى. ئاخىرى بارۇق چەبدەسلىك بىلەن شۇنداق نەيزە سالدىكى، ھەيرانە تىل تارتماي جان تەسلىم قىلدى. بارۇق ھەيرانىنى نەيزە بىلەن كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئىسكەندەر ئاۋۋال نۇسرەت تاپقىنىدىن شاد-خۇرام بولدى.

ئەمما، بارۇق مەيداندا تۇرۇپ يەنە پالۋان چاقىردى.

ھەيرانىنىڭ بىر ئىنىسى بار ئىدى. ئۇ مەيدانغا كىرىپ ھەيۋە كۆرسەتتى. ئاخىر ئىسكەندەرنىڭ بەختى يار بىرىپ، بارۇق ئۇنى ھەم نەيزە بىلەن ئىلىپ كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

بارۇق بەربەرى مەيداندا تۇرۇپ يەنە پالۋان چاقىردى. يەكمۇ يەك جەڭدە نام چىقارغان توققۇز يىگىت بار ئىدى. ھەر بىرى دىۋە سۈپەت پالۋانلار ئىدى. بۇلارمۇ بارۇقنىڭ ئالدىدا ھالاك بولدى. بارۇق بەربەرى بۇ بېيتنى ئوقۇدى.

نەزم:

کېلىڭلار ئالدىمىزغا يەككە ـ يەككە،
قىلايىن مەن جەڧا مۇردارى① سەگكە②
مېنىڭ ئالدىمدا دارا يورغە ئەچكۇ،
ئانىڭ كەينىدە مەن گوياكى تېكۇ③.
سايبان تاشلاسام نەيزە ئۇچىدە،
ئاچارسىز ئاغزىڭىزنى موككە ـ موككە.

قىسسە: دارا تەرەپتىن ھېچكىم مەيدانىغا كىرمىدى. بارۇقمۇ مەيداندىن كەتمىدى. دارا دەرغەزەپ بولۇپ: «بىر كىشى مەيدانىغا كىرسۇن!» دەپ يارلىق قىلدى. ئاخىر بىر پالۋان مەيدانىغا كىردى. بېشىغا قارا چىگىۋالغان، يۈزى قىزىل، سېرىق ساقال، قان تولغان كۆزلىرى گويا ئالماستەك بۇ پالۋان مەغرىب زېمىندىن كەلگەنىدى.

مەغرىب خەلقىدە پادىشاھ تەڭلىكتە قالغاندا، ئاندىن بىر كىشى مەيدانىغا چۈشۈپ، قارشى تەرەپنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ كۆتەرگەن پېتى مەغرىب زېمىنىغا ئېلىپ كېتىدىغان قائىدە بار ئىدى. شۇڭا بۇ پالۋان مەيدانىغا كىرىپ بارۇقنىڭ كەمىرىدىن تۇتقىنىچە، دارا قېشىغا كەلمەي، لەشكەر ئارىسىدىن چىقىپ

---

① مۇردار ــ ناپاك، ھارام.
② سەگ ــ ئىت.
③ تېكۇ ــ تېكە.

مەغرىبكە راۋان بولدى. دارا بىلەن ھەزرىتى ئىسكەندەر ھەيران قالدى.

ئىسكەندەر بارۇق بەربەرى ئۈچۈن پەرىشان بولدى. ئەمما دارانىڭ كۆڭلى تەسكىن تاپتى.

قىسسە: ئىككى پادىشاھ جەڭ دۇمباقلىرىنى ياڭراتقىنىچە بارگاھلىرىغا قايتتى. دارا زۆرۈرىيەتتىن شاراپ ئىچەتتى، بەلكى پەرىشانلىقتىن شاراپ ئورنىدا قان يۇتاتتى، «ئەتە يەنە قانداق ئىشلار يۈز بېرەركىن؟» دەپ غەم قىلاتتى.

ھەزرىتى ئىسكەندەرمۇ تاڭ ئاتقۇچە مەسلىھەت-كېڭەش بىلەن بولدى. بەزىلىرى مەدەت بېرەتتى ۋە بەزىلىرى قورقۇتاتتى.

ئىسكەندەر خىلۋەتخانىسىغا كىرىپ، يۈزىنى تۇپراققا سۈرتۈپ، يىغلاپ مۇناجات قىلدى. تاڭ ئاتقۇچە ھەر ئىككى تەرەپ چوقان سېلىپ، جەڭ دۇمباقلىرىنى سوقۇپ تۇردى. تاڭ ئاتتى. ئىككى دەريا — لەشكەر مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر مۇناجاتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ چىقاي دەپ تۇراتتى، بىر كىشى نامە كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ئۇ نامىنى ئېلىپ قارىغۇدەك بولسا، نامىدە: «بىز دارانىڭ ئىككى ۋەزىرى ئىدۇق، دارانىڭ زۇلۇم-ستەملىرى دەستىدىن ئەزىز جانلىرىمىزدىن تويدۇق. قاراپ تۇرساق ئاقىۋەت ئۇ بىزنى ئۆلتۈرگۈدەك، شۇڭا بىز ئاۋۋال قول سېلىپ ئۇنى ئۆلتۈرسەك، سىز نېمە دەيسىز؟» دېگەن سۆزلەر پۈتۈلۈپتۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى «ھىيلىمىكىن» دەپ، ھېچبىر جاۋاب بەرمەي، ئاللاتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، جەڭگە ئاتلاندى.

پالۋانلار ئىبخى مەيدانىغا كىرىشكەنىدى. دارانىڭ ئىككى ۋەزىرى كېلىپ بىرى دارانىڭ يۈرىكىگە، بىرى بېشىغا خەنجەر سالدى. دارا زور دەرەخ يىقىلغانىدەك يەرگە يىقىلدى. پادىشاھى بەھمەن(52)نىڭ چىرىغى ئۆچتى. پۈتۈن لەشكەرلەر ساراسىمىغا چۈشتى. «بىرەر ئىش دوقال كەلسە، سىپاھ قوزغەلار».

ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە قوزغالماسلىق توغرىسىدا يارلىق چۈشۈرۈپ، ئۆزى دارا لەشكەرلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. پۈتكۈل لەشكەرلەر دارانىڭ بېشىدا تۇراتتى. ئىسكەندەرنى كۆرۈپ ھەممىسى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. ئىسكەندەر ئېتىدىن چۈشۈپ دارانىڭ بېشىغا كەلدى ۋە دارانىڭ غەرق قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر يىغلاپ، دارانىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغانىدى، يېشى دارانىڭ يۈزىگە تامدى. دارا كۆزىنى ئېچىپ ئىسكەندەرنى كۆردى ۋە سۆزگە كىردى. دېدىكى:

— مەرھەبا، ئەي پادىشاھ، سەن ياش يىگىت، ھەم پادىشاھ ھەم پالۋانسەن. ھېچ ئاتىدىن سەندەك ئوغۇل تۇغۇلمىغاندۇر. سەن مۇشۇنداق چاغدا كېلىپ، دۈشمىنىڭگە مەدەت بېرىۋاتىسەن. ئەپسۇسكى، مەن جەڭ قىلىپ خەلقىڭنى تەشۋىشكە سالدىم. ئەمما، سېنىڭدەك جاھان يىگانىسىنى بىر كۆر-

سەم، سۆزىنى بىر ئاڭلىسام، دېگەن ئارمىنىم بار ئىدى. خۇدايىتائالانىڭ ياراتقان قۇلى ئىكەنسەن. ئۆلەر چېغىمدا مۇرادىمغا يەتتىم، ئەجەپ ۋاقتىدا كەلدىڭ. ساڭا ساچقۇ قىلاي دېسەم، جېنىمدىن بۆلەك نەرسەم يوق. قېشىمغا نېمە مەقسەت بىلەن كەلدىڭ؟ ئەگەر ياردەم بەرگىلى كەلگەن بولساڭ، خۇدايىتائالا ئىككى ئالەمدە ساڭا يار بولسۇن! ئەگەر بېشىمنى كەسكىلى كەلگەن بولساڭ، مەرتلىك قىلىپ بىر سائەت تۇرۇپ تۇرغىن. ئۈچ سۆزۈم بار، شۇنى ئېيتىۋالغىچىلىك ئامانلىق بېرىپ، ئاندىن بېشىمنى كەسكىن.

ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، ماتەمدار كىشىلەردەك يىغان تارتىپ شۇنداق يىغلىدىكى، كۆز-يېشى دەريا بولدى ۋە:

— ئەي، يەتتە ئەقلىمنىڭ پادىشاھى دارا، تىرىك بولغىن. مەن كەمىنە سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن. سېنىڭ ئالدىڭغا كىلىپ، بەل باغلاپ دۈشمەنلىرىڭنى جاھاندىن يوق قىلماپتىمەن. مەندىن خىراج تەلەپ قىلىپ، ئارىمىزدا ئاداۋەت پەيدا بولدى. لېكىن بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق. ماڭا نامە كەلگەندى، ئوقۇپ كۆرۈپ يالغاندۇر دەپ گۇمان قىلىپ، نامىنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ جازاسىنى بەرمەپتىمەن. ئاخىرى بۇ خەۋەر ئايان، يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى. ئۈچ ئېغىز ۋەسىيىتىم بار دېۋىدىڭ، ئېيتقىن، بېشىم بىلەن يۈمۈلاپ بولسىمۇ بىجا كەلتۈرەي.

— ۋەسىيىتىم شۇكى، — دېدى دارا، — ئىككى ۋەزىرىم ماڭا تىغ كۆتۈردى. ئاۋۋال ئۇلارنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرگىن. مۇندىن كېيىن ۋەزىرلەر پادشاھلارغا زىيان يەتكۈزمەيدىغان بولسۇن! ئۇلارنى ئۆلتۈرگىنىڭنىڭ ساڭا پايدىسى بار. يەنە بىرى شۇكى، مېنىڭ ئەۋلادىمغا زۇلۇم-ستەم قىلمىغىن. ئۇلار پادشاھى كىياندۇر. ساڭا يامانلىق قىلمايدۇ. خاندانلىق قەدرىنى نابۇت قىلمىغىن. قىزىم روشەنگنى نىكاھىڭغا ئالغىن. روشەندىن پەرزەنت تۇغۇلسا، پادشاھى كىيانلار ئۇنىڭدىن نەسەب تۇرغۇزسۇن. ماڭا پەرزەنت بولغىن. — ئۇ يەنە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزم:

قىزىم ئايرىلدى مەندىن ئەي، ئىسكەندەر،
مېنىڭ ئالدىمدا سەن گوياكى ھەيدەر.
ئەزىز ئەيلەپ ئانىڭ كۆڭلىنى خوش قىل،
ئۆزى روشەن ۋەلى روشەندە بىلگىل.
مېنىڭ گويا جىگەرىم پارەسىدۇر،
بويۇن سۇنماق ساڭا نى چارەسىدۇر.
بىلىڭكىم، ئاتى يەئنى روشەڭدۇر،
خەلايىق ئالدىدا گويا مەلەكدۇر.
گۇلىستان ئىچرە قەددى بىر قىزىلگۇل،
لەبى لەئل ساچى گوياكى سۇمبۇل.
ھەمە قىزلار ئىچىدە ماھى تابان،
مېنىڭ ۋەھمىدە بولغاندۇر پەرىشان.

قاشى يادۇركى، گويا كىرپىكى ئوق،
جەھان ئىچىدە ئانىڭدەك نازىنىن يوق.
دارا سۆزىنى تامام قىلىپ، جان بەھەق تەسلىم قىلدى.
ئىسكەندەر ھەسرەت-نادامەت چېكىپ، ۋەزىرلەرنى تۇتۇپ قېنىنى تۆكتى:
دېدى دارا، ئىنتائەتكە كېلىپمەن،
جەھان ئىزادى قەباھەتكە قالىپمەن.
قەبۇل قىلدىم بۇ كۈن ھۆكۈم قىلساڭ،
رىزا بولغىل سۆزۈمنى فەھىم قىلساڭ.
فەقىرغە ھەق تائالا بەرسە تەۋفىق،
ۋەسىيەتنى تەمام ئەيلەي بىتەسدىق.
ئىسكەندەر ھەم ئەرزىن ئەدا ئەيلەدى،
ئەدەددىن فۇزۇن① ھەم فىغان ئەيلەدى.
شاھ كىيانىلارنىڭ ئاپتابى ئۆچتى. ئەجەل شېمى كېلىپ بەھمەنلەرنىڭ قوياشىنى تۆۋەن قىلىپ، يۈزىنى يەرگە ئۇردى.
ئىسكەندەر پۈتۈن لەشكەرلەرگە تەسكىن② بېرىپ، شاھانە تەربىيەتلەر بىلەن پادىشاھ دارانىڭ جەسەتىنى يەرلىكتە قويدى. لەشكەرلىرىگە ئامانلىق بەردى. نەزم:
ئۇلاھا فانىدىن باقىيغە داراۋۇ جەھان كەتتى،

---

① ئەدەددىن فۇزۇن — ھېسابسىز، زىيادە.
② تەسكىن — تىنچلاندۇرماق، تىنچلىق.

بۇ ئالەم ئەۋجىدىن خۇرشىدە ياغلىغ نەۋجۇۋان كەتتى.
ھەمە شەھ سەرۋەرى دارا شەھى ساھىبقىران كەتتى،
لەھەدنىڭ ئاستىغە ئاھ دەپ ئىسكەندەرى باقتى.
كۆرۈنمەيدۇر كىرىپ يەر قوينىغە پىنھان بولۇپ ياتتى،
فەرامۇش① ئەيلەدى دۇنيانى كەلتۈرمەي خىيالىغە،
كۆرۈنمەيدۇر ئەجەل دەرياسىغە غەرق ئولدىيۇ ئاقتى.
دۇئالار قىلدى دارانىڭ ھەممە ئەرۋاھ-پاكىغە،
ئىسكەندەرگە قويۇپ فانىينى، باقىيغە رەۋان كەتتى.
ھەمە شاھلار ئىدى خارا، قىزىل گۈل ئېردى ئول دارا،
مۇناجات ئەيلەگەندە تەڭرىگە، بۇلبۇل ئىدى دارا.
ۋەللاھۇئەئـلەم (خۇدا بىلگۈچىدۇر).

① فەرامۇش — ئۇنتۇلماق، ئۇنتۇلۇش.

3

## هەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دارانىڭ خەزىنىلىرىنى ئۈلكىگە ئېلىپ، ئەتراپ-ئالەمدىكى ئىقلىم پادىشاھلىرىغا نامە ئەۋەتكىنى؛ بەزى پادىشاھلارنىڭ ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلىپ ۋە بەزىلىرى ئىتائەت قىلماي، ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئاتلانغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: دارانىڭ قازا تاپقانلىقى پۈتۈن ئالەمگە مەشھۇر بولدى. ئۇنىڭ بارلىق لەشكىرى پادىشاھ ئىسكەندەرگە باش ئۇردى. يىراقتىن كەلگەن پادىشاھلار: سەرخ سەقلات پادىشاھى، مەشرىق زېمىنىنىڭ پادىشاھى، خارەزم پادىشاھى ۋە خىتاي پادىشاھى خاقانلار قېچىپ ھەرقايسىسى ئۆز مەملىكىتىدە قارار تاپتى.

ئىسكەندەر فەتھ-نۇسرەت تېپىپ، تەختكە چىقىپ ئەيش-

ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولدى. دارانىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىجا كەلتۈردى. بەزىدە «شۇنداق كۈن ماڭمۇ بار» دەپ، دارانى ياد ئېتىپ يىغلايتتى. دارانى ئۆلتۈرگەن ۋەزىرلەرنى دارغا ئېسىپ چالما - كېسەك قىلدۇردى. تېنىنى ئوتتا كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورىدى. ئاندىن تەزىيەنامە پۈتۈپ روشەنگە ئەۋەتتى. بۇ نامىدە، تولا نالە - پىغان قىلماسلىق، قازاغا رازى بولۇش قاتارلىق پەند - نەسىھەتلەر يېزىلغان ۋە روشەنگە شاھانە لىباسلار كىيدۈرۈپ ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى.

دارا ھېسابسىز خەزىنە توپلىغانىدى. بۇنداق خەزىنە پادىشاھتىن پادىشاھقا مىراس قالاتتى. شۇڭا خەزىنىلەر كۈنسېرى كۆپەيىپ كۆپىيەتتىكى، كەمەيمەيتتى. بۇ خەزىنىدە مال - دۇنيا مۇشۇ تەرتىپتە توپلىنىۋاتقىنىغا ئۈچ يۈز ئون تۆت يىل بولغانىدى. پادىشاھلار بۇ جەۋھەرلەرنى خىراجەت قىلماي، ئۈستىلەپ يەنە جەۋھەرلەر قوشاتتى.

خەزىنىچىلەر خەزىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ، قول باغلاپ تۇرۇشتى. پادشاھ ئىسكەندەر ئۇلارغا ئىلتىپاتلار قىلىپ، خەزىنىلەرنى ھەر قايسىلىرىغا تاپشۇردى ھەمدە ئەھلى قەلەملەرگە خەزىنىنىڭ ھېسابىنى دەپتەرگە ئېلىشنى بۇيرۇدى ۋە دارانىڭ ھېسابات دەپتىرىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كۆردى، ھېسابات ئوخشاش چىقتى. ئىسكەندەر بارلىق خەزىنىنى ئوردىغا تاپشۇرۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، پۈتكۈل

خالايىقنى يىغىپ خەزىنىنى ئىككى يىل توشۇتتى، ئەمما ئىسپىمۇ تۈگىمىدى. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەر قالغان خەزىنە-لەرنى يۆتكىمەسلىك توغرىسىدا يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ، توشۇلغان خەزىنىلەرنى بىر يەرگە دۆۋىلىگەندە، خالايىق ئۇنىڭغا ھەيران قالدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ۋە دارانىڭ لەشكەرلىرىنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدا يارلىق قىلىپ، خەت پۈتۈپ مۆھۈر باستى. پۇقرالارنى ئەلەمدارلارنىڭ تۈرلۈك زۇلۇم-ستەملىرىدىن ئازاد قىلدى. يۇرت خەلقى بۇ ئىشتىن ھېسابسىز شادلاندى.

ئىسكەندەر ئېيتتىكى، ماڭا خەزىنە كېرەك ئەمەس؛ لەشكەر-لىرىم، خەلقىم شاد، مەملىكەت ئاۋات بولسا، ماڭا ئالتۇن-كۈمۈش، خەزىنە دېگەن شۇدۇر. خەزىنە ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، كىشى ئۇنىڭدىن نەپ ئالمىسا، بۇنداق خەزىنىنىڭ سايىدىكى تاشلاردىن نېمە پەرقى بولسۇن؟! ھەتتا بۇنداق خەزىنە كىشىنىڭ جېنىغا خەتەردۇر، ئەمما تاشلاردىن كىشىنىڭ جېنىغا خەتەر يەتمەيدۇ. ھۆكۈمالار كىشىنىڭ خەزىنىسى كۆپ بولسا، كىشىگە پايدا تەگمىسە، ئۇ ھالدا ھەممە خەلق ئۇ كىشىگە دۈشمەن بولغۇسى دەپ ئېيتقان. يۇرت خەلقى ئوبدان بولسا، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىپ كەلمەك ئاساندۇر.

ھەزرىتى ئىسكەندەر ھۆكۈمالاردىن چوڭقۇر تەلىم ئالغانلىقى ئۈچۈن، يۇرت ئىشىنى تۈرلۈك چارە-تەدبىر بىلەن سەرەمجان-

لاشتۇرۇپ، يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا نامە ئەۋەتىشكە تەييار-
لاندى. ھۆكۈمالار مەسلىھەت بىلەن نامە پۈتۈپ سەقلات
پادشاھى، ھىندىستان پادىشاھى، ئەرەب پادىشاھى، كەش-
مىر(53) پادشاھى، مىسىر پادىشاھى، باغدات خەلىپىسى ۋە
خاقانى چىنغا ئەۋەتتى. نامىنىڭ مەزمۇنى بۇ ئىدىكى، مەنكى
ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندۇرمەن. ئەي پادىشاھلار، بىلىڭلار،
تەقدىر ئىلاھىي پادشاھنى گاداي قىلغۇچى، گادايىنى پادشاھ
قىلغۇچى ئاللاتائالادۇر. مېنىڭ بۇ ئىشقا ئىختىيارىم
يوق ئىدى. خۇدايىتائالا يارىلىشىمدىنلا بەختىمنى يۇقىرى
قىلغانىكەن. ئاتام رۇمغا پادىشاھ ئىدى. ئالەمدىن ئۆتتى.
يۇرت خەلقى مېنى ئىختىيار قىلدى. ئامالسىز قوبۇل قىلدىم.
ئاندىن زەڭبار مەملىكىتىنى، ئورۇسنى، فەرەڭنى ئالدىم.
ھەر يەرگە قەدەم قويدۇم. خۇدايىتائالا قەدىمىمنى بەربات
قىلمىدى. ئەي خاقان، بەختىڭ يار بەرسە مېنىڭ ئالدىمغا كەل!
ئەگەر بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلماسلىق رەھىمسىز پەلەكتىن
ھەرنە كەلسە، ئۆزۈڭدىن كۆر. نامە تامام، ۋەسسالام.

ئەلچىلەر نامىنى ئېلىپ ھەرقايسى شەھەرلەرگە راۋان
بولۇشتى. پادشاھلار بۇ نامىگە بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە
تاپالمىدى. ئەمما ئۈچ پادىشاھ بۇ نامىگە پىسەنت قىلمىدى،
ئۇنىڭ بىرى خاقانى چىن، بىرى مۇللەۋ كەشمىرى، يەنە بىرى
ھىندىستان پادىشاھى ئىدى.

مۇللەۋ كەشمىرى مۇنداق دېدى: «ئەي ئىسكەندەر، مەن

سىھىرگەردۇرمەن. شەھرىم مۇستەھكەم، ئاستى دەريا، ئىككىن-
چىدىن، جادۇلىرىم بار. ئاسماندىن بالا ياغسىمۇ قايتۇرالايدۇ.
ئىسكەندەر ئالەمنىڭ چېرىكلىرىنى يىغىپ كەلسىمۇ شامال ئاپتى
پەيدا قىلىپ، بوران ئاسماننى ئۇچۇرغاندەك ئۇچۇرۇپ ھالاك
قىلىمەن. ئىسكەندەر كۆچ كەلسە، يۇرتۇمدا بىر تاغ بار، ئۇ
تاغنىڭ ئىچىدە قورغان بار. قورغاننىڭ ئىچىدە ھۆكۈمالارنىڭ
تەلىمى بويىچە يەتتە خىل مېتاللىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن تىلسىم
بىلەن ھاسىل قىلىنغان لەخمە بار. بىرەر مۇشكۇللۇك يۈز بەرسە،
شۇ لەخمىگە كىرىۋالىمەن. لەخمىنىڭ ئاغزىنى تاپالمايسەن.
ناۋادا قورغاننى ئالساڭ، ئوت بىلەن شامالنى ئوغۇرلايمەن.
بىزنى يېڭىشىڭ مۇمكىن ئەمەس...» ئۇ مۇشۇنداق خىيالدا
بولۇپ بويسۇنمىدى.

ھىندىستان پادىشاھى بولسا ئىسكەندەرنىڭ سۆزىنى قوبۇل
قىلىمەن، لېكىن باراي دېسەم تەييارلىقىم يوق. خىراج
بېرىشنىڭ ئىمكانى تېخىمۇ يوق. چۈنكى ئىسكەندەر دارا بىلەن
جەڭ قىلغان چاغدا، دارا چېرىك تەلەپ قىلغانىدى. شۇڭا
ھىندىستاننىڭ ئىككى يىللىق خىراجىتىنى چېرىكلەرگە جابدۇق
قىلىپ، لەشكەر ئېلىپ باردىم. ئىسكەندەرگە قارشى تۇردۇق،
بىراق ئىسكەندەرنىڭ بەختى يار بېرىپ، دارا ئەجەل دامىغا
گىرىپتار بولدى. مەن قېچىپ كەلدىم. ئىككى يىل سەبىر
قىلسۇن. يۇرتۇم كىچىككىنە بولسىمۇ ئاۋاتلاشسۇن. خىراج
تاپساق ئېلىپ بارارمىز. ئىسكەندەرنى كۆرمەككە ھەۋىسىم بار.

ياق دېسەڭلار، پەلەكتىن ھەر ئىش كەلسە، بەختىمدىن كۆرەي.
ئىسكەندەر ئۆز ئىززىتىنى ئۆزى قىلسۇن دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ئەمما خاقانغا (خاقانى چىن) بارغان ئەلچىگە خاقان شۇنداق جاۋاب بەردىكى، ئىسكەندەرنىڭ سۆزى ماڭا زەھەردىن ئاچچىق بىلىندى. نامە پۈتكەن كۆنى ئەقىل-ھوشى جايىدا ئەمەس ئوخشايدۇ. مېنىڭ ئىسكەندەردىن ھېچقانداق كەم يېرىم يوق. شۇنداق قائىدە باركى، پادىشاھ پادىشاھقا تەۋە بولمىسا، ئۇنىڭغا نامە پۈتۈلمەيدۇ. نامىگە يەنە ھېكمەتلىك سۆزلەرنى پۈتۈپتۇ، بۇنداق سۆزنى ئاسمانغا قاراپ تۇرۇپ ئېيتقىلى بولمايدۇ. دارا جاھاندار كىشى ئىدى. ئارىمىزدا دوستلۇقىمىز بار ئىدى. مېنى كېلىپ كۆرۈشۈپ كەتسۇن دەپ تەكلىپ قىلغانىكەن، شۇڭا بارغانىدىم. ئىسكەندەر بارچە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى بولۇپتۇ، لېكىن شۇنى بىلىشى كېرەككى، خىتاي دېگەن ئايرىم بىر ئىقلىمدۇر. ئىسكەندەر بۇ نامىدە يېرىك سۆزلەرنى قىلىپتۇ. ئاۋادا ئۇ داراغا ئوخشاش دوستلۇق ئىپادىلىسە، دوست بولىمىز، ئەگەر بۇ سۆزلەرگە ئۇنىمىسا، ئۇرۇشقا تەييارمەن. چېرىك تارتىپ كەلسە، ئالدىغا چىقىپ تاقابىل تۇرىمەن.

بۇ ئۈچ پادىشاھ ئالدىغا بارغان ئەلچىلەر قايتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ جاۋابلىرىنى بىر-بىرلەپ بايان قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر نامىگە بويسۇنۇپ كەلگەن پادىشاھلارغا ھېسابسىز ئىلتىپاتلار كۆرسەتتى. نامىگە بويسۇنمىغان ئۈچ

پادىشاھقا قارشى چېرىك تارتىپ بېرىش قارارىغا كەلگەنىدى، بىراق زىمىستان (قىش پەسلى) بولۇپ قالغاچقا، ۋاقىتنى كېيىنگە سۈردى. چۈنكى قائىدە بويىچە پادىشاھلار ئارا قىش ۋاقتى ئۇرۇش قىلىش مەنئى قىلىنغانىدى.

## 4

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسكەندەر جاھان ئەندىشىسىدە قىشنى ئۆتكۈزۈپ، ئافتابى ھەمەل بۇرجىغا① كەلدى. بۇ چاغقىچە لەشكەر تەييارلىقىنى قىلغانىدى. ھۆكۈمالار بىلەن ياخشى ۋاقىت-سائەتنى بەلگىلەپ، سىپاھلارغا تەرتىپ بېرىپ، خۇراسانغا يۈرۈش قىلدى. پۈتۈن ئىران زېمىنىدىكى خەلق قول باغلاپ ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇلارغا كۆپ ئىلتىپاتلار كۆرسەتتى ھەمدە خۇراسان خۇش ھاۋا جاي بولغانلىقتىن، ئۇ باشقا ئىقلىملاردىكىسى ئەركىن ھالدا ئاجايىپ كەڭ-كۇشادىلىق بىلەن يۈرۈپ تاماشالار قىلدى.

---

① ئافتابى ھەمەل بۇرجى — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ بىرىنچىسى، يەنى قۇياش ھېسابىدىكى كالىندار بويىچە بىرىنچى ئاي نامى (مارت-ئاپرېل ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ).

بۇلاق سۇلىرى دەريا بولۇپ ئاقاتتى. دەريا سۇلىرى كۆز-نىڭ غۇبارىنى ئالاتتى. باغلىرى بىھىشت سۈپەتلىك ئىدى. سۇلىرى خۇراساندىن ئۆتۈپ بەلخ[54] شەھىرىگە كىرەتتى (بەلخنى ھۆشەڭ بىنا قىلغانىدى). دەرياسىنى «مۇرغ ئاب» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ سۈيى ھەرقانداق ئاغرىققا شىپا بولاتتى. دانىشمەنلەر بولسا، بۇ سۇنى «گەنج رەۋان» دېيىشەتتى، ... خۇراساننىڭ سۈپىتىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ جايدا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، ئىسمىنى ھىرات دەپ ئاتىدى. بۇ يەردىن ئۆتۈپ بىر جايغا كەلدى، بۇ جاي «ماۋرا ئۇننەھرى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ جاي ئىككى دەريانىڭ ئارىسىدا بولۇپ، مەشرىق تەرىپىدە جەي-ھۇن[55] دەرياسى، مەغرىب تەرىپىدە سەيھۇن[56] دەرياسى بار ئىدى. سۈيىنى زەئىپ، ماغدۇرسىز كىشىلەر ئىچسە كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك بولاتتى.

بۇ جايدا شەھەر يوق ئىدى. ئىسكەندەر بۇ جاينىڭ خۇش ھاۋالىقىغا ھەۋەسلىنىپ، دەريا سۇلىرىنىڭ زايا كەتكەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىپ، بىر شەھەر بىنا قىلدۇرۇپ، ئىسمىنى سەمەرقەند قويدى. ئاندىن كەشمىرگە لەشكىرىي يۈرۈش قىلدى. كەشمىرگە يەتكۈچە نەچچىلىگەن شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئۆتتى. قارىسا، ئالدىدا ئىككى تاغ نامايان بولدى: بۇ ئىككى تاغنىڭ ئىككى يېنى شۇنچىلىك چەكسىز ئىدىكى، قىياس قىلىپ بولماي-تتى. تاغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر يورۇق بار ئىدى. ئۇ يول

بولۇپ، كەڭلىكى يۈز غۇلاچ ئىدى.
كەشمىر خەلقى بۇ يولنى توسۇپ، تاغقا پوس قويغانىدى. توسمىنىڭ ئىگىزلىكى ئەللىك غۇلاچ، قېلىنلىقى يۈز ئەللىك غۇلاچ ئىدى. ئىچى كەشمىر شەھىرى ئىدى. دەرۋازىسى تۆمۈردىن ياسالغان؛ ئۈستى تاش بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ، قاراۋۇلخانىلار قۇرۇلغان؛ قاراۋۇلخانىلارغا ئىككى مىڭ جاسۇس تۇرغۇزۇلغانىدى. مىڭ غۇلاچ دائىرىسىدە دۈشمەن يېقىن كېلەلمەيتتى. ھەرقانداق دۈشمەن ئۇ يەرگە قەدەم قويسا، ئايىغى باسماس بولۇپ، تەۋرەشكە ئىمكانىيىتى قالمايتتى.
ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ ھالدا ئارىستو ھېكمەت بىلەن يېتىپ كەلدى. يىراقتىن ئىمتىھان قىلىپ كۆرۈۋىدى، كەشمىرلىكلەرنىڭ جادۇسى بارلىقى بايقالدى. شۇنىڭ بىلەن چېرىكلەرنى ياندۇرۇپ يىراق بىر جايغا چۈشۈردى. بۇ ۋاقىتتا پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بەش يۈز ھۆكۈما بار ئىدى. بەش يۈز ھۆكۈمانىڭ بەش يۈز سەردارى بار ئىدى. بىرى ئەفلاتۇن، ئىككىنچى ئارىستو، ئۈچىنچى بەلىناس①، تۆتىنچى فەرنۇس، بەشىنچى شەھىناس، ئالتىنچى فەلمۇن دەۋۋاس، سەككىزىنچى ئەرشمەندەس، توققۇزىنچى سوقرات، ئونىنچى ھەرمەن...
پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ئون ھۆكۈما بىلەن كەشمىر جادۇلىرىغا

---

① بەلىناس (73 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ)

تەدبىر قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت قىلدى. ھۆكۈمالار ئىس-
كەندەرگە دۇئا قىلىپ: «بۇ ئىشتىن غەم يېمىسىلە، بۇنىڭدەك
يۈز مىڭ ئىش بولسىمۇ، بىرىمىز تەدبىرىنى قىلىمىز. ئەگەر
بۇ قەلئە ئاسمانغا ئاقاشقان بولسىمۇ ئۇنىڭ چارىسى بىزگە
ئاساندۇر. ناۋادا كەشمىرلەرنىڭ مىڭ جادۇسى بولسىمۇ،
بىرىمىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلەيمىز» دېيىشتى. پادىشاھ ئىسكەندەر
بۇ سۆزلەرگە ئاپىرىن ئوقۇپ، ئىشنى باشلاشقا پەرمان چۈشۈر-
دى.

ھۆكۈمالار ھېكمەتكە قەدەم قويۇپ، ئىلمىي ھېكمەتلەر
بىلەن پارتلىغۇچ ياساپ، دورا توشقۇزۇپ، ئۇنى پىلىك بىكى-
تىپ، دۈشمەننىڭ بېشىغا ئاتتى. ئۇ دۈشمەن ئارىسىغا چۈشۈپ
پارتلىدى. شۇنداق بىر ئاۋاز چىقتىكى، پارتلىغۇچنىڭ ئىچىدىكى
دورا جادۇلارنىڭ ئەسۋابلىرىنى كۆيدۈردى؛ تۈتۈنى جادۇلار-
نىڭ يۈزىنى، كۆڭلىنى ھەم قارا قىلىپ، جادۇلۇق ئىلمىنى يوق
قىلدى. كۆرۈنگەن بارلىق جادۇلار يوق بولدى. ھۆكۈمالار
پادىشاھ ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر خۇشال
بولدى. لەشكەرلەر ئىلگىرىلىدى.

ئەمما، تىلسىملاردىن يەنە بار ئىدى. ئۇنىڭغا ھەم پارتلىغۇچ
ئاتتى. جادۇگەرلەرنىڭ جادۇسىنى يوق قىلىپ، قولىنى كەس-
تۈردى. كەشمىرلەر قېچىپ مۇللەۋنىڭ قېشىغا كەلدى. مۇللەۋ
ھەيران قېلىپ، پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئاقابىل تۇرغىلى بولماي-
دىغانلىقىنى چاغلىدى. قاچماقتىن ئۆزگە چارە تاپالماي ئاخىر

قەلئەسىگە قاچتى. قەلئە تاغ تۆپىسىدە ئىدى. ئۇنى ھۆكۈما-
لىرى تىلسىم بىلەن بىنا قىلغانىدى. ئۇلار مۇشۇ قەلئەگە قېچىپ
چىقىپ، لەخمىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ خەزىنە-دەپىنىلىرىنى لەخ-
مىگە توشۇتتى. ئۆزلىرىمۇ بۇ لەخمىگە كىرمەكچى بولۇۋىدى،
ئەمما ھۆكۈمالىرى «سەبىر قىلىڭلا» دەپ توسۇپ قالدى.

قىسسە: پادىشاھ ئىسكەندەر ئەيش-ئىشرەت بىلەن مەشغۇل
بولۇپ، يەتتە كۈندىن كېيىن لەشكەر ۋە ئۇلۇغ-ئۇششاق
ھەممىسىگە قەلئەگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى.
ھەممە لەشكەرلەر قەلئەگە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، نەچچە كۈندە
قەلئەدىن ئۆتۈپ بولدى. شۇ ئەسنادا بۇ شەھەرنىڭ ئەلچىسى
كەلدى. بۇ ئەلچى ئەرز پۈتۈلگەن نامە ئېلىپ كەلگەنىدى.
نامىگە: «ئەي پادىشاھ ئىسكەندەر، بىز سىزنىڭ قۇلىڭىزدۇرمىز.
مۇللەۋنىڭ بارىدا بىزدە ئىختىيار يوق ئىدى. بولمىسا، بىز
كەلگەن كۈنىلا خىزمىتىڭىزگە كېلەر ئىدۇق. مۇللەۋنىڭ دارامە-
تىنى سىزنىڭ شان-شەۋكىتىڭىز يوق قىلدى. مۇللەۋ شىكەست
يەپ قاچتى. بىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا شەرمەندە ھالەتتە تۇرۇپ-
تىمىز. ئەرزىمىزنىڭ جاۋابىنى كۈتىمىز» دېگەن سۆزلەر پۈتۈل-
گەنىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مۇللەۋنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ چۈشتى.
مۇللەۋنىڭ ئاجايىپ شان-شەۋكەتلىك تۆت بېغى بار بولۇپ،
ھەممىسى ئەڭ گۈزەل گۈللەر بىلەن تولدۇرۇلغان گۈلشەن
ئىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ تەختى تەجەمىمۇل① دىن ئورۇن ئالدى. پۈتۈن لەشكەرلىرى شەھەرگە چۈشتى. شەھەر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ـ ئۇششاقلىرى كۆرۈنۈش قىلىپ يىغىلىشتى.

ئىسكەندەر كىشى كىشىگە دەخلى قىلمىسۇن، كىشى كىشىگە ئازار بەرسە دارغا تارتىڭلار دەپ پەرمان چۈشۈرۈپ، جار سالدۇردى.

ئىسكەندەر شەھەرنى سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ ئىككى جام كۆردى. ئۇ ئاجايىپ جاملار ئىدى. بىر جامغا بىر دېڭىزنىڭ سۈيىنى قۇيسا سىغاتتى. يەنە بىر جامدا مەي ئىچسە، ئىچىدىكى مەي ھەرگىز تۈگىمەيتتى. بۇ جامنىڭ تەرىپى چۆرىسىگە پۈتۈكلۈك ئىدى.

جەمشىت ئالەمگە پادىشاھ بولغان زاماندا ھۆكۈمالار تىلسىم بىلەن ئىككى جام ياساپ بەرگەنىدى: بىرىنى «جامى گېتىينەماي»②؛ بىرىنى «جامى ئىشرەتغىزا»③ دەپ ئاتايتتى. نەزم:

ئەجايىپ جام ئىدى گېتىينەماي،
چىقاركىم، چەكسە ھەر تۈرلۈك سەدايى.

---

① تەختى تەجەممۇل — بېزەكلىك تەخت.

② جامى گېتىينەماي؛

③ جامى ئىشرەتغىزا — جەمشىت پادىشاھ ياساتتۇرغان تىلسىملىق جام. ناۋايىنىڭ تەرىپلىشىچە جەمشىت پادىشاھ ھەكىملەرگە بۇيرۇپ ئىككى جام ياساتتۇرغان، بىرىنىڭ ئىسمى «جامى

«جامى ئىشرەتغىزا»دا مەي ئىچسە، مەي ھەرگىز تۈگەپ قالمايتتى. ئۆرۈلۈپ كەتسە تۆكۈلمەيتتى. ئىچكەنسىرى كۆپىيەتتى. تاماشاسى خۇپ ئىدى. جەمشىت ھەمىشە «جامى ئىشرەتغىزا»دا مەي ئىچەتتى، ئۇنى يەردە قويمايتتى.

ئىسكەندەر ھەم «جامى ئىشرەتغىزا»دا مەي ئىچىشكە كىرىشتى.

---

ئىشرەتغىزا» /جامى ئىشرەتغىزاي /— بۇ جامدىكى مەي ئىچكەن بىلەن تۈگىمەس، تولۇق تۆرۈۋېرەر ۋە قىيپاش قىلىنسىمۇ ھەم تۆكۈلمەس دېيىلگەن؛ ئىككىنچىسىنىڭ ئېتى «جامى گېتىنەماي»— بۇ جامدىن مەي ئىچكەن پەيتتە دۇنيادا يۈز بەرگەن ھادىسىلەر كۆرۈنۈپ تۇرار دېيىلگەن. بۇ جام «جامى جەھانبىن» ياكى «جامى جەھاننەما» دەپ ئاتىلىدىكەن.

## 5

# هەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئەنتاكىيە[57]دە هاممام فەرامۇشانغا① كىرىپ چىققانلىقى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە: ئۈچ ئاي زىمىستان قىش ئۆتتى. هۇت② تۈگەپ، هەمەل③ ياشلىنىش بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەر چېرىكلەرگە جەڭ تەييارلىقىنى قىلىش، ناغرا-دۇمباقلارنى راسلاش توغرىسىدا يارلىق قىلدى.

بىر ئاي دېگەندە تەييارلىق پۈتۈپ، ئىسفاھانغا لەشكەر

---

① هاممام فەرامۇشان — ئەنتاكىيە شەھىرىدىكى بىر هاممام (مونچا)نىڭ نامى؛ ئۇنتۇش ئۆيى، ئۇنتۇش مۇنچىسى.

② هۇت — 1) قەدىمكى ئاسترونومىيە ئىلمىدا ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ ئون ئىككىنچىسى؛ 2) شەمسىيە (قۇياش) هېسابىدىكى كالىندار بويىچە فېۋرال-مارت ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ هەمەل — 1) قەدىمكى ئاسترونومىيىدە ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ بىرىنچىسى؛ 2) قۇياش هېسابىدا كالىندار بويىچە بىرىنچى ئاي (ئاپرېل ئېيىغا توغرا كېلىدۇ).

تارتتى. ئىسفاھان پادىشاھى ھېسابسىز تارتۇق - سوۋغاتلار بىلەن يەتتە كۈنلۈك ئالدىغا كېلىپ، كۆپتىن كۆپ ئۆزرە ئېيتىپ ئاجايىپ ئاجىزانە ھالدا كۆرۈنۈش قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئىسفاھاننى جەڭ - جېدەلسىزلا بويسۇندۇرۇپ، ئاندىن خۇراسانغا يۈرۈش قىلدى. خۇراساننىڭ چېگرىسىغا يەتكەن ۋاقىتتا، پادىشاھ ئىسكەندەر كۆردىلەركى، بۇ جاي ئاجايىپ خۇش ھاۋا يەر ئىكەن. بۇلاقلىرى ھېسابسىز، ئەتراپىدا دەريالىرى بار بولۇپ، سۈيىنىڭ پاكىزلىقى كۆزنىڭ غۇبارىنى ئالاتتى. مېۋىلىرى بېھىشتىن، سۈيى «شەرابى ئەنتەھۇر»دىن نىشان بېرەتتى. بارلىق ئىقلىملاردىن بەلەن ئىدى. خەلقلىرى بارچە خەلقلەردىن ھوشيار؛ خوتۇن - قىزلىرى گۈزەللىك ۋە مۇلايىملىق بابىدا شەھرى ئەددار(58)دىن نىشان بېرەتتى. بارگاھلىرى گويا گۈلىستانى ئىرەم (ھەرەمباغ) ئىدى. بۇلاقلىرىنىڭ سۈيى تاكى بەلخ، ھەمەدان(59) ۋە شەھرى قەزۋىن(60) غىچە كېلەتتى. بەلخ قەلئەسىنى ھۇشەك بىنا قىلدۇرغان بولۇپ، بۇنى ئىبراھىم ئەدھەم(61)نىڭ جايلىرى دېيىتتى. بەلخنىڭ يېنە بىر چەشمىسى (بۇلاق) بولۇپ، ئۇ «مۇرغ ئاب» دەپ ئاتىلاتتى. سۈيى ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولاتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ جايدىكى سەيلە - تاماشاسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، لەشكەرلىرىنى كەشمىرگە تارتماقچى بولۇۋىدى، ئىسفاھان پادىشاھى ئېيتتىكى: «يا پادىشاھى ئالەم، بۇ يەردە بىر شەھەر بار. ئۇنى «تەنتاكىيە» دەپ ئاتايدۇ. ئۇ چوڭ شەھەر-

دۇر. خەلقى زۇلمەت تۈتۈنى ئىچىدە ياشىغۇچى قەبىھ تەلئەت① ئاتەشپەرەست② بەد مەزھەب③ لەردۇر. قەدەم تەشرىپ قىلىپ، شۇ شەھەرنى ئىسلام ئاباد④ قىلىپ ئۆتكەيلا.»

بۇ گەپلەر پادىشاھ ئىسكەندەرگە ياقتى. ئۇ لەشكەرلىرىگە ئەنتاكىيىگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ ئەنتاكىيىگە يېتىپ كەلدى. ئەنتاكىيە پادىشاھى دەل بەزمە-مەجلىس ئۈستىدە ئىدى. خەۋەرچى كېلىپ، "ئەي مەلىكە، مەھەلدۇر؟ بۇنداق ۋاقىتتىمۇ بەزم ئىشرەت تۈزۈپ ئولتۇرامسەن، بۇتلىرىڭنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، مەشئىلىڭنى ئۆچۈرۈپ ۋەيران قىلىپ، ئۆزۈڭنى «بەندەئى سۇبھانە» قىلماقچى بولۇپ پادىشاھ ئىسكەندەر كېلىۋاتىدۇ» دېدى. مەلىكەئى ئەنتاكىيە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قولىدىن جام چۈشۈپ كەتتى. ئۆزى بەدھال، ئەقلى لال بولغان ھالدا ئەمىر-ئۆمرالىرىغا قارىدى، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە جەڭسىز-جېدەلسىز ئىتائەت قىلماقچى بولدى.

مەلىكەئى ئەنتاكىيە قىرىق مىڭ چېرىك بىلەن خىلمۇخىل

---

①قەبىھ تەلئەت — چىرايى قەبىھ، قەبىھ چىراي.

② ئاتەشپەرەست — ئوتقا چوقۇنغۇچىلار.

③ بەد مەزھەب — يامان دىن.

④ ئاباد — ئاۋات، پاراۋان.

نازۇ-نېمەتلەر ئېلىپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئۈچ كۈنلۈك ئالدىغا كەلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەرمۇ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ھېسابسىز ئىززەت-ئىكراملار قىلدى. مەلىكەنى ئەنتاكىيە قىرىق مىڭ چېرىكى بىلەن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى ۋە يەتتە كۈن مېھماندارچىلىق قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بالاغەتكە يەتكەندى، بىر كېچىسى ئېھتىلام بولۇپ قالدى. مەلىكەنى ئەنتاكىيىنىڭ شەھىرىدە بىر ھامام بار ئىدى. ئۇنى «ھاممام فەرامۇشان» دەپ ئاتايتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر تۆت يۈز ئۇمەرا بىلەن ھامماغا كىردى. سپاھلىرى سىرتتا قالدى.

بۇ چاققىچە بۇ ھامامغا بىرەر كىشى كىرىپ باقمىغانىدى. ئىسكەندەر قورۇنۇپ تۇراتتى. ھاممامنىڭ تۈگۈلۈكىگە ئۈچ يۈز پەرىزات كېلىپ چۈشتى ۋە بىر ھازاغىچە مەي ئىچىشتى. كەيپى ئۆرلەپ تۇرغان شاھ پەرى بىر پەرىنى ھېكايە ئېيتىشقا بۇيرۇدى. بۇ پەرى چاشقاننىڭ ھېكايىسىنى ئېيتقانىدى، شاھ پەرىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇ پەرىنىڭ پۇت قولىنى بەند قىلىپ تەكچىگە چىقىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر كېلىپ بۇ پەرىگە «مەرھابا!» دېدى. پەرى ئىسكەندەرگە نالە قىلدى، ئىسكەندەر پەرىنى بوشىتىپ قويدى. پەرى چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، ئىسكەندەر: «مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تېلىڭ» دېدى. ئەمما پەرىزات:

«ئەي ئادەم ئوغلى ئادەمزات دېگەن بۋاپادۇر!» دەپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر ھەرقانچە يالۋۇرسىمۇ ئۇنىمىدى.
پادىشاھ ئىسكەندەر پەرىنىڭ پىراقىدا زارلىنىپ ئەتراپقا قارىۋېدى، كۆزىگە بىر ئىشىك نامايان بولدى. ئىشىكتىن كىرىپ قارىغۇدەك بولسا، بىر باياۋان تۇرغىدەك، نە سۇ، نە بىر تۈپ گىيادىن ئەسەر يوق. ھاۋا شۇنچىلىك ئىسسىپ كەتكەنكى، بەئەينى دوزاختىن نىشان بېرەتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئاھۇپەغانلار چېكىپ، يالىڭاچ ھالدا ھەر تەرەپكە يۈگۈرەيتتى. توساتتىن بىر كارۋان سېپى كېلىپ قالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇلارغا سالام قىلدى. سودىگەرلەر:
— كىم سەن؟ نېمە ھۈنىرىڭ بار؟ — دەپ سورىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر:
— ھەرقانچە قاراقچىلار بولسىمۇ، يالغۇز ھۆددىسىدىن چىقالايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى. سودىگەرلەر:
— ئۇنداق بولسا، ياخشى ھۈنىرىڭ بار ئىكەن، — دېيىشتى ۋە ئىسكەندەرگە بىر ئات، بىر ساغداق، بىر تون ۋە بىر قالپاق بەردى.
پادىشاھ ئىسكەندەر ئېتىغا مىنىپ نەچچە قەدەم يول يۈرۈۋېدى، تۇساتتىن چاڭ-توزان پەيدا بولۇپ، چاڭ-توزان ئارىسىدىن ئىقابلانغان بىر ئاتلىق ئەبلەخ چىقىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن سودىگەرلەر بىرى بىرىدىن رازىلىق سوراشتى، پادىشاھ ئىسكەندەر:

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ سورىۋېدى، سودىگەرلەر:

— بۇ ئاتلىق ئەبلەخ «يالغۇز قاراقچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ يۈز مىڭ كارۋاننى ئۆلتۈرگەن، — دېيىشتى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئالغا قاراپ ماڭدى، ھېلىقى ئاتلىق ئەبلەخ ئىسكەندەرگە بىر پاي ئوق ئاتتى. ئىسكەندەر چەبدەسلىك بىلەن ئوقنى تۇتۇۋالدى. ئاتلىق ئەبلەخ بۇنى كۆرۈپ، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ياندى-دە، غايىپ بولدى.

سودىگەرلەر بۇنىڭدىن شادمان بولۇشۇپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنى تارتۇقلاشتى. ئاندىن ئۇلار بۇ جايدىن ئۆتۈپ، بىر دەرياغا يېتىپ كېلىپ كېمىگە چۈشتى. كېمىنى شىددەت بىلەن سۈرۈپ كېتىپ باراتتى، تۇساتتىن بىر پولات پەنجە (قول) كۆرۈندى. كېمىچىلەر بۇنى كۆرۈپ داد-پەرياد قىلىشتى. پادىشاھ ئىسكەندەر نېمە بولغانلىقىنى سورىۋېدى، كېمىچىلەر:

پولات پەنجە پەيدا بولدى، ئۇ ھەرقانداق كېمىنى غەرق قىلىدۇ...، — دېيىشىپ تۇرۇشىغا پولات پەنجە كېلىپ، كېمىنىڭ لېۋىنى تۇتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر «يا، ئاللاھ بىئەيىب» دەپ پەنجىنى پەنجىگىرنىڭ قولىدىن شۇنداق تارتىپ ئالدىكى، دەريانىڭ يۈزى غەرق قانغا بويالدى. كېمىچىلەر بۇ بالادىنمۇ خالاس بولدى.

ئەمما سودىگەرلەر بۇ كىشى دەريادىن چىققاندا، سىلەرنى يالغۇز قاراقچىدىن ۋە پولات پەنجىگەردىن قۇتۇلدۇرۇپ قويدۇم دەپ بارلىق مال-مۈلۈكلىرىمىزنى تارتىۋېلىشى مۇمكىن، شۇڭا

بۇنى دەرياغا تاشلايلى دەپ مەسلھەت قىلىشتى.

بۇ چاغدا جەببار ئالەمدىن① ھەزرىتى جىبرىئىل[62] غا: «بۇ سودىگەرلەرنى سۇغا غەرق قىل، چۈنكى ئۇلار ئىسكەندەرگە يامانلىق ئويلاشتى، ئىسكەندەردىن ئۆزگىسى غەرق بولسۇن!» دەپ پەرمان چۈشتى. ھەزرىتى جىبرىئىل كېمىنى قاناتلىرى بىلەن بىر ئۇرۇۋېدى، كېمە پارە، پارە بولۇپ، سودىگەرلەر غەرق بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بىر تەختەپارەدە② يالغۇز قالدى.

تەختەپارە ئېقىپ بارا-بارا دەريانىڭ قىرغىقىدا توختاپ قالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر قارىغۇدەك بولسا، ئۇستىدىن بەش دانە يىلتىز ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. چىقماقچى بولۇپ يىلتىزنى تۇتۇشى بىلەن تەختەپارە ئېقىپ كەتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر يىلتىزغا ئېسىلىپ چىقىپ كېتىپ باراتتى. تۆپىدە بىر شىرنىڭ گۈركىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. سۇغا قارىسا، لەھەڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغىدەك. ئۇستىگە قارىسا، شىر خىرىس قىلىپ تۇرغىدەك. ئوتتۇرىدا ساڭگىلاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان پادىشاھ ئىسكەندەر مۇنداق پادىشاھلىقتىن پۇشايمان قىلىپ تۇرغان ۋاقىتتا، ئىككى چاشقان پەيدا بولۇپ يىلتىزنى قىيىشقا باشلىدى. قىيىپ ئىككى يىلتىز قالغاندا پادىشاھ ئىسكەندەر بىر ئاھ تارتتۇۋىدى، قۇلىقىغا «يا ئىسكەن-

① جەببار ئالەم — قۇدرەتلىك ئالەم

② تەختەپارە — تاختاي، تاختاي پارچىسى

دەر، بىلدىڭمۇ، بۇ ئالەمدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ھەرقانداق كىشى ئۆلۈم شارابىنى ئىچمەي قالمايدۇ①. ئۆلەر ۋاقتىدا ھەركىم شۇنداق تەڭلىكتە قالىدۇ. سەن ئىسكەندەردۇرسەن، پەرۋەردىگارنىڭ ئالەمنىڭ دوستى ئىكەنلىكىدىن خەۋەردار بول!» دېگەن ئاۋاز كەلدى.

ئاۋاز يوقاش بىلەن تەڭ يىلتىز قولىدىن چىقىپ كەتتى. ئىسكەندەر «دەرياغا چۆشۈپ لەھەڭگە يەم بولدۇم، ئىشىم ۋۇجۇدقا چىقمايدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى، لېكىن كۆزىنى ئېچىپ قارىغۇدەك بولسا، ئۇ بىر دۆۋە تۇپراقنىڭ تۆپىسىدە تۇرۇپتۇ. ئەتراپقا نەزەر سېلىپ بىر يەردىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى. پادىشاھ ئىسكەندەر شۇ يەرگە بېرىپ بىر دەالەئىي مۇختار، ھۆللەئى مەككار، زۇلمەتى دىدار شۇم قېرىنىڭ چاق ئىگرىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئىككى تىزى مەيدىسىدىن ئېشىپ تۇراتتى. ئۇ ئورۇقلۇقىدىن ئىككى كۆزى كاسىسىغا چاپلاشقانىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مومايىغا سالام قىلدى. موماي ئىلىك ئېلىپ:

— كېلىڭ، ئەي مەھبۇب، جان گۇداز!② ئاللاغا شۈكرى،

---

① «ھەربىر جان ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر»، «قۇرئان كەرىم»، 325 ـ بەت.

② جان گۇداز — جاننى قىينىغۇچى.

جامالىڭىزغا مۇيەسسەر بولدۇم، مېنىڭ ئۈچ قىزىم بار، ھېلى كېلىدۇ. سىزنى كۆرسە مەندىن تارتتۇېلىپ، ۋىسال دۆلىتىڭىزدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. بۇ تاختاينىڭ ئاستىدا پىنھان بولۇڭ، — دەپ ئىسكەندەرنى تاختاينىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدى.

شۇ ھالدا موماينىڭ ئۈچ قىزى يېتىپ كەلدى. موماي بىر كوزا شاراپ كەلتۈرۈپ، قىزلىرىنىڭ ئالدىدا قويدى ۋە:

ئەي قىزلىرىم، ھەرقايسىڭلار ئۆز مەشۇقۇڭلارنى ياد ئېتىپ بىر پىيالىدىن مەي ئىچىڭلار، مەن ھەم ئۆز مەھبۇبىم ئۈچۈن بىر پىيالە مەي ئىچەي دېدى.

ئاۋۋال چوڭ قىزى بىر پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، بىز شاھ پەرى بىلەن «ھاممام فەرامۇشان»غا بارغانىدۇق، خانىكام (شاھ پەرى) مېنى ھېكايە ئېيتىشقا بۇيرۇدى. مەن چاشقاننىڭ ھېكايە-سىنى ئېيتتىم. مەلىكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، مېنى باغلاپ تەك-چىگە چىقىرىپ قويۇپ ئۆزى كەتتى. بۇ چاغدا بىر يىگىت پەيشىپ قويدى ۋە «مېنىڭ بىلەن بىللە بولغىن» دەپ شۇنچە نالە قىلدى. مەن ئۇنىماي قېچىپ كەلدىم. مېنى ئۇ يىگىتنىڭ پىراقى خاراب قىلدى، دەپ بىر پىيالە شاراپ ئىچتى،

ئوتتۇرانچى قىزى ئۇ كۈنى زېمىن ئۈستىدە يالغۇز قاراقچى بولۇپ كېتىپ باراتتىم، تۇساتتىن بىرمۇنچە كارۋان پەيدا بولدى ۋە ئارىسىدىن بىر يىگىت چىقتى، مەن بىر پاي ئوق ئاتقانىدىم، ئۇ يىگىت مېنىڭ ئوقۇمنى چەبدەسلىك بىلەن تۇتۇۋالدى. شۇ كۈندىن بېرى ئۇنىڭ ئىشقىدا بىقارار دۇرمەن،

دەپ بىر پىيالە مەي ئىچتى. ئاندىن كىچىك قىزى بىر پىيالىغا شاراپ قۇيۇپ: مەن بىر كۈنى دەريانىڭ تېگىدە كېتىپ باراتتىم، قولۇمدا پولات پەنجىم بار ئىدى. كېمىنىڭ لېۋىنى تۇتۇپ سودىگەرلەرنى غەرق قىلاي دەپ تۇرغان ۋاقتىتا، بىر يىگىت قولۇمدىن پولات پەنجىمنى تارتىۋالدى. مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئىشقىدا ھەيرانە بولدۇم، دەپ بىر پىيالە مەي ئىچتى. موماي: ئەي گۈلچېھرىلەر، مەن چاق ئىگىرىپ ئولتۇراتتىم، ھېلىراقتا بىر يىگىت كىرىپ كەلدى. تاختاينىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويدۇم. مەن ئۇ يىگىتنىڭ ئالدىدا جان بەرگۈدەك بولدۇم، دەپ بىر پىيالە مەي ئىچتى.

قىزلار قوپۇپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنى تالىشىپ چوڭى: ئاۋۋال مەن ئىشرەت قىلىمەن، دېدى. ئوتتۇرانچىسى: مەن ئىشرەت قىلىمەن، دېدى. كىچىكى: مەن ئىشرەت قىلىمەن، دېدى. موماي، مەن تېپىۋالدىم، شۇڭا مەن ئىشرەت قىلىمەن. ئۇ مېنىڭ مەھبۇبىمدۇر. مەن سىزلەرنىڭ ئاناڭلاردۇرمەن. ئاۋۋال ماڭا بېرىڭلار!، دېدى. قىزلار: سەن بىلەن بىللە بولغاندىن كېيىن بىزگە ئاتا بولۇپ قېلىپ راۋا بولمايدۇ. ھازىر بىزنىڭ ھەرقايسىمىزغا راۋادۇر، چۈنكى قېيىن ئىگىچە كۈيئوغۇلغا راۋادۇر. قېيىن سىڭىل بولغۇچىمۇ راۋادۇر. ئۆلگىچە ھەم راۋادۇر. تىرىك بولسا ئاشىقلىق قىلىش جايىزدۇر، دېيىشىپ، ئۆزئارا تالىشىپ قېلىپ، ئاخىر چوڭ قىزى مومايىنى ئۆلتۈردى؛ ئوتتۇرانچىسى چوڭىنى ئۆلتۈردى؛ كىچىكى ئوتتۇرانچىسىنى

ئۆلتۇردى ۋە:

— ئەي يىگىت، ماڭا مۇھەببىتىڭنى ئىزھار قىلغىن! — دېدى. پادىشاھ ئىسكەندەر:

— نەئۇزى بىللاھ (ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن!)، مەن تېخى بالاغەتكە يەتكىنىم يوق. بۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن، — دېدى. ئەمما قىز ئۇنىماستىن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ كىيىمىنى يەشمەكچى بولۇۋېدى، پادىشاھ ئىسكەندەر بىر پەشۋا ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ بېشى ئۈزۈلۈپ ئۆلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر يالغۇز قالدى.

شۇ ئەسنادا قۇلىقىغا «يا پادىشاھ ئىسكەندەر، قوپقىن، بۇ ئۆينىڭ ئارقىسىدا بىر چارە باغ بار. بوستانلىقتا بىر مەلىكە ئۇخلاۋاتىدۇ. سەن بېرىپ مەلىكىنىڭ قىچقىنى تېپىپ ئويغاتقىن، شۇ چاغدا ئىشىڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ» دېگەن ئاۋاز كەلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ ئۆيدىن چىقىپ باغقا باردى. باغنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىقلىق ئىدى. قۇلۇپنى سۇندۇرۇپ باغقا كىردى. قارىغۇدەك بولسا، مېۋىلەر پىشىپ، گۈللەر رەڭمۇرەڭ ئېچىلىپ كەتكەن؛ بۇلبۇللار سايرىشىپ تۇرغان؛ ئېرىقلاردا سۇ ئېقىپ تۇرغان؛ شاتۇتىلار خۇش ئاۋاز سۆزلەپ تۇرغانىكەن.

بوستاندا بىر مەلىكە — ماھى تابان ئۇخلاپ ياتقان بولۇپ، چىپ-چىپ تەرلەپ كەتكەن؛ قاپقارا ئىككى تال سۇمبۇل چېچى خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجاندەك ھالقا قىلىپ ئۆرۈلگەنىدى.

نەزم:

سۇنبۇلىن① لەئلىن② ئاچپدۇر ئەنبەرىن ئاسا③ ئىمىش④
داغى مەجنۇن فەنا يەتمىش لالەئى ھەمراھ ئىمىش،
بىستەرىن⑤ كۆزگۆسىدە بىر سارىمەن، بىر سارى يار،
چېھرە ئەكسىن كۆرگۈزۈپتۇر ئول گۈلى رەئنا ئىمىش،
ھۇر يەڭلىغ ئول پەرى پەيكەر⑥ ئەجەب زىبا⑦ ئىمىش
سىينەسىن⑧ ئاچۇق قويۇپتۇر بولمىش ئول سىيمتەن⑨،
مۇرغ⑩ دامىدەك مىسالى قويمىش ئاندا ئاشكار.

قىسسە: پادشاھ ئىسكەندەر ئاستا-ئاستا كېلىپ تەختىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە كۆڭلىدە مەلىكىنىڭ قىچقىنى قانداق تاپارمەن؟ دەپ ئويلاپ تەپەككۇر قىلىپ تۇراتتى. غايىپتىن «ئەي

---

① سۇنبۇلىن — قاپقارا سۇمبۇل چاچ.
② لەئلىن — قىپقىزىل لەۋ.
③ ئەنبەرىن ئاسا — ئەنبەرگە ئوخشاش. ئەنبەر ھىدلىق خۇش بۇي.
④ بۇ خەت ئەسلى قوليازمىدا «ايماس» يېزىلغان بولۇپ مەنا ئېتىبارى بىلەن «ئىمىش» ئېلىندى.
⑤ بىستەر — تۆشەك، ياستۇق.
⑥ پەرى پەيكەر — پەرى سۈپەت، گۈزەل.
⑦ زىبا — گۈزەل، چىرايلىق.
⑧ سىينە — كۆكسى، مەيدىسى.
⑨ سىيمتەن — كۈمۈش بەدەن.
⑩ مۇرغ — قۇش.

ئىسكەندەر، قىچىقىنى تېپىپ، خوشال ئۇيغاتساڭ تەلىيىڭ، ئەگەر پەرىشان ئويغانسا، ئالەمنى غەرق قىلغۇسى» دېگەن ئاۋاز كەلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر: «قولغىمغا سۆز قىلغان كىمسەن؟» دېگەندە يەنە «ئىشىگىنى قىلغىن، سورىمىغىن!» دېگەن ئاۋاز كەلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر: «مەلىكىنىڭ قىچىقى قايەردىدۇر؟» دېدى. «قىچىقى ئايىغىدىدۇر» دېگەن سادا كەلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مەلىكىنىڭ ئۆتىكىنى تارتتى. مەلىكە تەبەسسۇم بىلەن ئويغاندى ۋە:

— ساڭا بۇ تەدبىرنى كىم ئۆگەتتى؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ھەمراھىم بار ئىدى، شۇ ئۆگەتتى، — دېدى ئىسكەندەر، — ئەي مەلىكەم، ماڭا تېگىڭ.

— يا ئىسكەندەر، — دېدى مەلىكە، — سەن يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ دۇرسەن، ئەمما، سەن رۇم پادىشاھىنىڭ قىزى بىراندۇقتا ئاشىق بولۇپ، ئۇنىڭغا يەتتە مەرتىۋە باسۇرۇق بولۇپ، ئاندىن ئۇنى ئالالايسەن ۋە مېنى شۇ چاغدا چوڭ مەلىكە قىلساڭ قوبۇل قىلاي.

پادىشاھ ئىسكەندەر ماقۇل بولۇپ، بەزمە ئەسۋابلىرىنى تۈزۈپ، بىردەم شاراب ئىچىشتى. مەلىكە خۇشال بولۇپ قولىنى ئىسكەندەرنىڭ بويىنىغا گىرەلەشتۈرۈپ، ئاندىن:

— ئۆتكەندە ھاممام فەرامۇشاندا مومايىنىڭ قىزىنى باغلاپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندۇق، قانداق بولدىكىن؟ — دەپ سورى-

ۋېدى، پادىشاھ ئىسكەندەر:

— ئۇ قىزنى باغلاقتىن خالاس قىلدىم؛ ئاندىن قاراقچىغا، پولات پەنجىگە ئۇچرىدىم؛ ئاندىن موماي‌غا ئۇچرىدىم. بۇلار ماڭا ئاشىق ئىكەن. مېنى تالىشىپ بىر-بىرىنى ئۆلتۈردى. مەن ئۇ يەردىن چىقىپ بۇ يەرگە كىردىم، — دېدى. مەلىكە:

— ئەي ئىسكەندەر، سەن ئۇ قىزلار بىلەن ئىشرەت قىلغاندە سەن؟ — دېدى. پادىشاھ ئىسكەندەر:

— مەن ئۇ قىزلارنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتمىدىم، — دېۋىدى، مەلىكە:

— يا ئىسكەندەر، مەن ئۇنداق سۆزلەرگە ئىشەنمەيمەن، — دېدى ۋە بىر قىزغا:

— ئۇرغىن بۇ ئادەمنى! — دەپ بۇيرۇدى. بىر قىز پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ يۈزىگە بىر كاچات ئۇردى. پادىشاھ ئىسكەندەر تەختتىن يىقىلدى. بىر سائەتتىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ قارىسا باغمۇ يوق، بوستانلىقمۇ، مەلىكىمۇ يوق. ئۆزى بىر باياۋاندا يېتىپتۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەر قىلغان سۆزلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ئاھ تارتىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا: «يا ئىسكەندەر، نېمە قىلىپ يۈردۈڭ؟ ھېلىھەم بولسىمۇ بارغىن، بۇ يەردە بىر دەريا بار. بۇ دەريادىن غەۋۋاسلار مىسىر پادىشاھىغا گۆھەر سۈزىدۇ. ئۇلارغا شاگىرت بولۇپ، توققۇز گۆھەر تېپىپ مەلىكىگە①

① مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزى

تۆھپە قىلساڭ يەنە مەقسىتىڭگە يېتىسەن» دېگەن ئاۋاز كەلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر نەچچە پەرسەڭ يول يۈرۈپ، دەريا لېۋىگە بېرىپ غەۋۋاسلارنى تاپتى ۋە ئۇلارغا سالام قىلدى. غەۋۋاسلار سورىدى:

— سەن نېمە ئادەم؟ ئىسكەندەر ئېيتتى:

— مەن غەۋۋاستۇرمەن.

— ئۇنداق بولسا، ھەرقانداق نەرسە تاپساق شېرىك ئالاي-لى، — دېدى غەۋۋاسلار. ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بىلىگە تاناپ باغلاپ، دەرياغا چۆمدى. تانىنىڭ بىر ئۇچى غەۋۋاسلاردا قالدى.

غەۋۋاسلار دەرياغا بىر كىرىۋالسا، ئەتىگەندىن ئاخشامغىچە چۆمەتتى. ئەمما پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ دەريانىڭ تۈۋىگە يەتمەي تۇرۇپ نەپىسى تۇتۇلدى. ئەزىيەي ئۆلۈم كىكىرتىكىدىن بوغۇپ تۇرغاندا، بىر كىشى پەيدا بولۇپ:

— يا ئىسكەندەر، ساڭا بىر نەپەس تىرىكلىك خوپمۇ ياكى دۇنيانىڭ پادىشاھلىقىمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئىسكەندەر:

— بىر نەپەس، تىرىكلىك خوپتۇر، — دېدى.

ئۇ كىشى سۇغا ئىشارەت قىلدى. سۇ پادىشاھ ئىسكەندەردىن قىرىق گەز يىراقلاپ ئاقتى.

ئۇ كىشى پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئون سەككىز گۆھەر بەردى ۋە:

— توققۇزىنى غەۋۋاسلار ئالسۇن، توققۇزىنى سىز ئېلىڭ،

ئەمدى چىقىڭ! — دەپ غايىب بولدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر سۇدىن چىقىپ، توققۇز گۆھەرنى غەۋۋاسلارغا بەردى، توققۇز گۆھەرنى ئۆزى ئالدى. غەۋۋاسلار «بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ توققۇز گۆھەرنىمۇ ئېلىۋالايلى» دەپ خىيال قىلىپ تۇرغاندا، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ قۇلىقىغا «غەۋۋاسلار سېنى ئۆلتۈرمەكچى» دېگەن ئاۋاز كەلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ، غەۋۋاسلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈردى. شۇ ھالدا مىسىر پادىشاھى يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا گويا رۇستەم مازەندەراندا①، ئەمىر ھەمزە ئەقابەندتە، ئەمىر ئاۋامۇسلىم سەف مەرۋاندا جەڭ قىلغاندەك قاتتىق جەڭ بولدى. ئاخىر پادىشاھ ئىسكەندەر مىسىر پادىشاھىغا روبىرو بولۇپ دەپنە ئوقىنى چىللەئى كەمانغە② بەند قىلىپ ئاتقانىدى. ئوق كەشتىگە كۆل تىككەندەك ئاغزىدىن كىرىپ گەجگىسىدىن بوسۇپ چىقتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر جەڭدىن قايتىپ كەلگەندە مىسىر خەلقى ئىسكەندەرنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلدى.

مىسىر پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

ئاردىن ئوتتۇز يىل ئۆتتى. مەلىكىدىن ئىككى ئوغۇل، ئۈچ

---

① مازەندەران (71-ئىزاھاتقا قاراڭ).

② چىللەئى كەمان — كامالەك ياكى يانىڭ كىرىچى.

قىز تۇغۇلدى. يىگىرمە ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلدى، يەتتە يىل سەرگەردانلىقتا يۈردى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ھاۋا تومۇز ئىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر مەلىكە بىلەن باغدا ئىشرەتتە ئىدى. ئىرىقتا سۇ ئېقىپ تۇراتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر غۇسل قىلماق بولۇپ، سۇغا چۆمۈلۈپ بېشىنى چىقىرىپ قارىۋىدى، ئۆزىنى ئىلگىرىكى «ھاممام فەرامۇشان»دا كۆردى. بۇ چاقچىقە ھاممامغا كىشى كىرمىگەنىدى. سىرتتا بارلىق نەۋكەر چاكارلىرى ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ئىسكەندەر ھەيران قالدى ۋە:

— مېنىڭ خوتۇن-بالىلىرىم قېنى؟ — دېدى. ئۇلار:

— يا پادىشاھ ئالەم، بىز تېخى سىزنى غۇسل قىلىپ بولدىمۇ-يوق؟ دەپ گۇمان بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمىز، — دېيىشتى.

— مەن ھاممامغا كىرگىلى ئوتتۇز يىل بولدى، — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر، — يەتتە يىل سەرگەردانلىقتا يۈردۈم، يىگىرمە ئۈچ يىل مىسىرغا پادىشاھلىق قىلدىم، مەلىكەئى مىسىردىن ئىككى ئوغۇل، ئۈچ قىز تاپتىم، — دەپ ئىسكەندەر زار-زار يىغلاپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى: نەزم:

يەكبارە دېك دىدەنى يارەم ھەۋەسەست،

دەر ئارزۇيى دۇبارە بسيار كەسەست.

(كۆپلىگەن كىشىلەر [ئۆز يارىنى] ئىككى قېتىم كۆرۈش

ئارزۇسىدا بولىدۇ، ئەمما، مەن يارىمنى پەقەت بىرلا قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن)

پادىشاھ ئىسكەندەر ئۈچ كۈنگىچە كىشىگە سۆزلىمىدى. بارلىق شاھان، شەھرى ياران، ئەركانى دەۋلەتلەر دورا يېگەن بىلىقتەك بۇ ئىشنىڭ تەدبىرىنى تېپىشقا ھېچ ئىلاج قىلالمىدى. ھۆكۈمالار جەم بولۇپ زارلىنىپ ئىلتىجالىق كۆز ياشلىرى بىلەن ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىللا(63) غا مۇتەۋەججىھ① بولدى. ئۇلار دۇئا ـ تەلەپلىرىنى تاماملىغان كېچىدە ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام پادىشاھ ئىسكەندەرگە دۇئا قىلىۋىدى، پادىشاھ ئىسكەندەر كىيىملىرىنى كىيىپ سەراپەردەئى جەمشىتكە② كەلدى. بولغان ۋەقەنى بىر ـ بىر بايان قىلغانىدى، خالايىق ئىشەنمىدى. بۇ چاغدا، خىزىر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەي خالايىق، بۇ ۋەقەلەر ئەلۋەتتە راستتۇر. پادىشاھ ئىسكەندەر يالغان ئېيتمايدۇ، ــ دېدى.

ھاممىدا بەش يۈز ئەللىك فەرامۇش③ بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە دۇئا قىلدى. ئۇلارمۇ ئۇنۇتقاقلىقتىن خالاس بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىغا كەتتى. بۇ چاغدا ئالەم خەلقى ئىسكەندەرگە:

ــ يا پادىشاھى ئالەم، شەھرى بەلخ④ ئەجەب بىسەرەمـ

---

① مۇتەۋەججىھ ــ يۈز تۇتۇش، يۈز تۇتقان.

② سەراپەردەئى جەمشىت ــ جەمشىت سارىيى، ئوردا.

③ فەرامۇش ــ ئۇنتۇلغاق، ئۇنتۇغۇچى.

④ شەھرى بەلخ ــ بەلخ شەھرى (54 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).

جان، شەھەر خەلقى كاپىر، بۇ شەھەرنى ئىسلام ئاباد قىلغان بولسىلا، — دەپ ئۆتۈنۈش قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر سىپاھ - لەشكەرلىرىگە ئالدى بىلەن بەلخقە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. لەشكەرلەر توپ - توپ، سانجاق - سانجاق، قەبىلە - قەبىلە، ئايماق - ئايماق بويىچە كۆچۈپ، بەلخنىڭ چېگرىسىغا كېلىپ چۈشتى. فەر دەۋس (64):

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مەن بەلخقە ئەلچى بولۇپ كىرىپ، بەلخ شاھىنى جاڭگالغا باشلاپ كېلەي، بۇ جايغا بەھرام شاھ ئەزىمەتلەردىن بۆكتۈرمە قىلسۇن، — دەپ بەلخقە كەلدى.

بەلخ پادىشاھىغا پادىشاھ ئىسكەندەر قېشىدىن ئەلچى كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

ھۆكۈما بەلخ پادىشاھىنىڭ قېشىغا كىرىپ نامە تۇتتى. نامە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «چەكسىز ماختاش ۋە ساناقسىز مەدھىيىلەر ئۇل رەھىملىك قادىر ئاللاغا بولسۇن! ئۇ قۇدرىتى بىلەن يوقنى بار، بارنى يوق قىلغۇچىدۇر. ئۇ ئەزىزنى خار، خارنى ئەزىز قىلغۇچى، تىرىكلەرنى ئۆلتۈرگۈچى، ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر. ھەزرىتى ئىبراھىم خەلىلۇللا ئۇنىڭ سىزلەرگە ئەۋەتكەن ئەلچىسىدۇر. ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرمەك پەرزدۇر. ئەي بەلخ پادىشاھى، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىنكى، دارانى ئۆلتۈردۈم، ئىران، تۇران، ماۋەرا ئۇننەھر، خۇراسان،

ئۇرۇس، فەرەڭ قاتارلىق شەھەرلەرنى ئالدىم. نامە يەتكەن زامان كېلىپ ئىمان ئېيتىپ، ئاللانىڭ پاك بەندىسى، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئۇممىتى بول. بۇ سۆزگە ئۇنىمساڭ نەسلى-ئەۋلادىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن. نامە تامام، ۋەسسالام.»

بەلخ پادىشاھى بۇ نامىنى كۆرۈپ:

— مەن ھەرگىز مۇسۇلمان بولمايمەن. جەددى-پۇشتۇم ئاتەشپەرەست① ئىكەن، بۇنىڭدىن ھەرگىز يانمايمەن، — دېدى.

— ئەي پادىشاھ، — دېدى ئەلچى، — سىز ئازغىنە كىشى بىلەن جاڭگالدا يوشۇرۇنۇپ يېتىڭ، مەن پادىشاھ ئىسكەندەرنى ئېلىپ چىقاي، شۇ چاغدا تۇتۇۋېلىڭ.

بەلخ پادىشاھى شادمان بولۇپ، ئۇن سەككىز ئالتۇن ئىنئام قىلىۋېدى، فەرفەرىنۇس ئالغىلى ئۇنىمىدى، ئۇ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا يېنىپ كېلىپ:

— يا پادىشاھى ئالەم، بەلخ پادىشاھى جاڭگالغا كەلمەكچى بولدى، — دېدى. پادىشاھ ئىسكەندەر خۇشال بولدى.

بەلخ پادىشاھى ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندە، قىزى ئۇنىڭدىن:

— نېمىگە شۇنچە خۇشالدۇرسەن؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي قىزىم، — دېدى بەلخ پادىشاھى، — ئەلچى ئىسكەندەرنى تۇتۇپ بەرمەكچى بولدى.

— ئەلچى ئىنئامنى ئالدىمۇ؟

---

① ئاتەشپەرەست — ئوتقا چوقۇنغۇچى.

— ئالغىلى ئۇنىمىدى.

— جاسۇس ئىكەن، سېنى ئىسكەندەرگە تۇتۇپ بەرگۈسى.

— سەن نېمىنى بىلىسەن!— دەپ قىزنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، چېرىكلەرنى چاقىرتىپ، سەكسەن مىڭ كىشى بىلەن نىشان بەرگەن جاڭگالغا كېلىپ يوشۇرۇنۇپ ياتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر تۆت لەك لەشكەر بىلەن تۆت تەرەپتىن تەگدى. بەلخ پادىشاھى نادامەت چەكتى، پايدا بەرمىدى. ئادەمنىڭ ئۆلۈكى ساينىڭ تېشىدەك ياتاتتى. بىر كېچە-كۈندۈز جەڭ بولۇپ، سەكسەن مىڭ كىشىدىن يىگىرمە مىڭ كىشى ئۆلۈپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى.

بەلخ پادىشاھى شاھ بەھرام بىلەن بىرنەچچە قەپەس ئېلىشتى. ئەمما شاھ بەھرام كۈچلۈك كېلىپ بەلخ پادىشاھىنى ئاتتىن ئۈزۈپ ئېلىپ، بېشىدىن چۆرۈپ يەرگە تاشلىدى. زەنجىر بىلەن بەند قىلىپ ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن مۇسۇلمان بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. تېنىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى كۆككە سورىدى. قالغان ئاتمىش مىڭ لەشكىرى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بەلخقە بۆلەك ھاكىم قويۇپ ئاندىن ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى.

## 6

# كەشمىر پادىشاھى مۇللەۋنىڭ تىلسىمات-قا بېكىنىپ ئوت بىلەن شامالنى ئوغۇرلىۋالغىنى؛ پادىشاھ ئىس-كەندەر ئەفلاتۇنغا ئىلتىجا قىلىپ، ئۇنىڭ تەدبىرى بىلەن تىلس-ماتنى بۇزۇپ، مۇللەۋنى ئۆزىگە تەۋە قىلغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر مۇللەۋ توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى سورىۋېدى، ئۇمەرالىرى ئۇنىڭغا:

— مۇللەۋ تىلسىمات قۇرغىنىغا بېكىنىۋالدى، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ھۆكۈمالىرى بىلەن خىلۋەتكە پاتتى.

كەشمىر دېگەن ئاجايىپ پاكىز، گۈلزار شەھەر بولۇپ، ھاۋاسى ئىسسىق ئىدى. ئەگەر شامال چىقىپ تۇرسا، گويا بېھىشتىن نىشان بېرەتتى. شامال چىقمىسا، گوياكى دوزاخ ئىدى. بۇ يۇرتتا ئوت-شامال غايىب بولسا تاقەت قىلىپ

تۇرغىلى بولمايتتى. ئۇ ھالدا بۇ جايدا تۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتى بولمايتتى.

— ئەي ھۆكۈمالار، — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر، — مۇللەۋ ئوت بىلەن شامالنى ئوغۇرلاپ ئالسا، ئۇنىڭغا ئىلاج قىلالامسىزلەر؟ مۇبادا مۇللەۋنىڭ تىلسىماتىنى يېشەلمەي يانساق، ئاڭلىماققىمۇ ياخشى ئەمەس.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دېيىشتى ھۆكۈمالار، — مالال بولمىسلا.

— ماڭا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەرسىلە، — دېدى ئەفلاتۇن، — ئۇنىڭ ئىلاجىسىنى مەن قىلاي.

پادىشاھ ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ تۇراتتى، توساتتىن شامال توختىدى، يەر-زېمىن گويا دوزاخ بولدى. ئاشخانىدىكى ئاشپەزلەر پەرياد قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئوت غايىب بولدى. تۆمۈرنى تاشقا ئۇرسا، ئوت ئورنىدا سۇ چىقىدۇ؛ تاماق پىشمىسا، بىزگە گۇناھ بولمىغاي، — دېيىشتى.

ئوت ۋە شامال توختاش بىلەن تەڭ ئەلنىڭ قوللىرى ئېڭەكلىرىگە تۇۋرۇك بولدى. كىشىلەر ئەفلاتۇنغا ئىلتىجا قىلىشتى. ئەفلاتۇن ئىشقا كىرىشتى. ئۇ جامىست ھەكىمنىڭ ھېكمەت كىتابىدىن «پادىشاھ ئىسكەندەر لەشكەر تارتىپ كەشمىرگە بارغاندا مۇللەۋ ئوت بىلەن شامالنى ئوغۇرلايدۇ، بۇنىڭ چارىسى مۇنداق: مۇللەۋ قېچىپ كىرگەن قەلئەنىڭ بىر ئۆيى بار. تام-

تۇرۇسى تاشتىن، ئۇنى ھۆكۈمالار ھېكمەت بىلەن ياساپ شامال ھەددىدىن ئارتۇق چىقىپ كەتكەندە، شامالنى شۇ ئۆيدە بەند قىلغان. ئۆينىڭ تۈڭلۈكىنى يېپىپ ئالسا، شامال توختاپ كېتە-دۇ. تۈڭلۈكنى ئاچسا شامال چىقىدۇ. ئەي ئادەملەر، ۋاقىپ بولۇڭلاركى، بۇ قەلئەنىڭ ئۈستىدە يەنە بىر قۇدۇق بار. ئۇنىڭ تۈۋى تار، ئاغزى كەڭ. قەلئەنىڭ دەرىزىلىرى شۇنىڭ-دا، ئۇنىڭ قەھرىدە ئاتەشكەردە بار. بۇ قۇدۇق كىيۇمەرس ئادەمنىڭ ۋاقتىدا قېزىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تىلسىملىق سۈرەت بار. ئۇنىڭغا كەردە بۇردە ئورنىتىلغان. ئوتنىڭ كانى بولۇپ، قۇدۇقنىڭ ئاغزىدا ئوت شولا ئۇرۇپ تۇرىدۇ. خەلقلەر ئۇنىڭدىن مەنپەئەت كۆرىدۇ. ئەگەر قۇدۇقنىڭ ئاغزى بېكىتىل-سە، ئوت ئۆچىدۇ. قاچانكى ئىسكەندەر كەشمىرنى ئالسا، كەشمىرنىڭ پادىشاھى بۇ تەدبىرنى قوللىنىپ تۈڭلۈكنى، قۇدۇق-نىڭ ئاغزىنى بېكىتىپ ئوت بىلەن شامالنى توختىتىدۇ. ئۇ چاغدا بۇنىڭ ئامالىنى پەقەت ئەفلاتۇنلا قىلالايدۇ. چۈنكى ئەفلاتۇن ھېكمەت ئىگىسىدۇر. شۇڭا ئەفلاتۇن قورغاننىڭ ئاغزىنى ئىستەپ تاپسۇن ۋە ئۇ يەرگە چېدىر تىكىپ ئولتۇرسۇن، قەلئەنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرسۇن، ئىچىگە كىرىپ ساناپ ئون يەتتە قەدەم ماڭسۇن، ئۇنىڭدىن زىيادە ئۆتمىسۇن، ئىككى يېنىغا ياخشى نەزەر سالسۇن، ئىككى ياندا ئىككى تەخت بار، ئۇنىڭ بىرىگە ئوتنى، بىرىگە شامالنى قويغان. ئۇ تەختلەرنى تەۋرەت-سە، بىرىدىن ئوتقا، بىرىدىن شامالغا يول ئېچىلىدۇ. تەختنى

بۇزۇپ تاشقىرىغا قىچىپ چىقسا، شۇ ھالدا ئوت بىلەن شامال قوزغىلىپ گۇركىرەپ چىقىدۇ. يىقىن ئەتراپتىكى ئەللەرنى ئوت كۆيدۇرۇپ، شامال پارە-پارە قىلىدۇ. ئىگىز ئىمارەتلەرنى نابۇت قىلىدۇ. ئۇ قورغاندىكىلەرنىمۇ ئوت بىلەن شامال نابۇت قىلىدۇ، قەلئەدىكى خەلق كاۋاپ بولىدۇ. ئەفلاتۇن قورغاندىن ھايال بولماي چىقىپ، سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە كىرىپ ئۇ تەختە-لەرنى ئورنىدا قويسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئوت-شامال ئىلگىرىكى ھالەتكە قايتىدۇ، ...» دېگەنلەرنى كۆرگەندى. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىشقا قەدەم قويالىدى.

ئەفلاتۇن قورغاننىڭ ئاغزىنى تاپتى ۋە ئۇ يەرگە چېدىر تىكىپ ئولتۇرۇپ ۋەقەلەرنى ئىسكەندەرگە بايان قىلىۋېدى، پادشاھ ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ئاپىرىنلار ئوقۇدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئەفلاتۇن بىلەن قورغانغا كىردى. ساناپ ئون يەتتە قەدەم ماڭدى. ئىككى ياندا ئىككى تەخت بار ئىدى. ئەفلاتۇن ئىسكەندەرگە: «تەختلەر شۇ، تېز بولايلى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن» دېدى. ئىسكەندەر تەختلەرنى قوزغى-ۋېدى، ئوت ئاسمانغا قاراپ ئۆرلىدى، شامال گۇركىرەپ قوزغى-لىپ خەلقنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. ئەفلاتۇن يەنە قورغانغا يۈگۈرۈپ كىرىپ تەختنى ئۆز ئورنىغا بېكىتىپ قويدى. ئوت بىلەن شامالنىڭ گۇركىرەشلىرى پەسەيدى.

ئىسكەندەر بىلەن ئەفلاتۇن خۇشال بولۇپ، قايتىپ كەلدى. بىردەمدىن كېيىن تۈرلۈك-تۈرلۈك ئاۋازلار پەيدا بولدى.

ئوت يالقۇنلاپ خالايىقلارنى كۆيدۈردى. ئاندىن شامال ئاسمانغا ئۇچۇرۇپ تاشلىدى. بەزىلىرى قېچىپ چىقتى، كۆپىنچىسى ئەل بولدى. مۇللەۋ ئوغلى فىروز بىلەن تىرىك قالدى. مۇللەۋ كۆڭلىدە «ئىسكەندەر دېگەن ئۇلۇغ پادىشاھ ئىكەن» دەپ كېلىپ پادىشاھ ئىسكەندەرگە باش ئۇردى. ئۇ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، مەنكى گۇناھكارىڭدۇرمەن. جاپاغا لايىقدۇرمەن، ئوتتا كۆيدۇم، يېرىم جان بولۇپ قالدىم، — دېدى ۋە بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، نەزم:

ئىسكەندەر شاھلار سەردارى بولسۇن،
تىرىك بولساكى تەڭرىم يار بولسۇن.
خىيال ئەتسە جەھاندا خار بولماي،
كېچە تاڭ ئاتغۇچە بىدار① بولسۇن.
ئۇزاق بولسۇنكى ئۆمرى دەۋلەتى كۆپ،
ئۇلۇغ بولسۇن، سارى زەردار بولسۇن.
ئەگەر ئۆلمەي تىرىك بولساكى مۇللەۋ،
كېلىپ ئالدىڭدا خىزمەتكار بولسۇن.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزەمنى ۋە ئوغلۇم فىروزنى گۇناھىمىزدىن ئۆتۈپ شادمان قىلغىن، — دەپ مۇللەۋ زار-زار يىغلاپ، قول باغلاپ تۇردى.

ئىسكەندەر مۇللەۋنىڭ ئىشكەستىلىكىنى كۆرۈپ گۇناھىدىن

① بىدار — ئويغاق، ھوشيار.

ئۆتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر:

— تەخت-تاجىمنى قولۇمغا بېرەي، ناۋادا ئۆلۈپ كەتسەڭ ئورنۇمغا ئوغلۇڭ فىروزنى پادىشاھ قىلاي، قىزىڭ مىھرىنازنى نىكاھىمغا ئالاي، پەرزەنت بولسا مەندىن ۋە سەندىن نەسەپ تۇزۇلسۇن، — دېدى. مۇللەۋ بۇ ئىلتىپاتنى ئىشىتىپ، خۇشال بولۇپ جان تەسلىم قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مۇللەۋنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلدۇردى. ئۇنىڭ ئوغلى ۋە قىزى نەچچە كۈنگىچە تەزىيە تۇتۇپ، ئاندىن ئاش-سۇيىنى بەردى. ئاندىن مۇللەۋنىڭ ئوغلى فىروزغا شاھانە لىباسلار كىيدۈرۈپ، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا پادىشاھ قىلدى ۋە يەنە يۇرت ئۇمەرالىرىدىن ئۇنىڭ توققۇز ئۇمەراسىغا مەنسەپ بېرىپ، سەرۇپاي ئىنئام قىلدى. مۇللەۋنىڭ قىزى مىھرىنازغا نەپىس ماتادىن سەرۇپاي بېرىپ، دېدى:

— ئەي مىھرىناز، ئەي فىرۇز، خۇدايتائالانىڭ قازاسىغا رىزالىق بېرىڭلار. بۇ ئالەمدە خاھ شاھ، خاھ گاداي بولسۇن ھەممىسى ئۆلمەي قالمايدۇ. غەپلەتتىن ئويغىنىپ ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىنى قىلماق كېرەك. ساڭا پادىشاھلىقنى بەردىم. خەير-ئېھسان قىلغىن، پۇقرالارغا ئېتىبار قىل، مەملىكىتىڭ ئاۋات بولغاي.

پادىشاھ ئىسكەندەر مۇللەۋنىڭ ئوغلىغا نەسىھەتلەر قىلىپ، ئاندىن ھىندىستان تەرەپكە لەشكەر تارتتى.

7

## پادىشاھ ئىسكەندەر ھىندىستانغا بېرىپ، ھىندىستان پادىشاھى راي ئەئزەمنى بويسۇندۇرۇپ، ھىندىستاننىڭ تۆت مىڭ تۆت يۈز شەھىرىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر فىروزغا «ئىككى ئايدىن كېيىن مېرىنازنى تۇتقۇز قەۋەت پەردىنىڭ ئىچىدە كۆتۈرۈپ ھىندىستانغا كەلگىن» دەپ يارلىق قىلىپ، ئۆزى ھىدىستانغا راۋان بولدى. نەدە شەھەر بولسا، ئۇنى ئىسلام ئاۋات قىلىپ، كۆپ مەنزىلەرنى بېسىپ ھىندىستان مەملىكىتىگە كەلدى.

ھىندىستان پادىشاھى رايغا «پادىشاھ ئىسكەندەر ھېسابسىز لەشكەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر يەتتى. راي پادىشاھ ئىسكەندەرگە قانداقمۇ تاقابىل تۇرالىسۇن؟ ئۇ شۇ زامان سوۋغا-سالاملارنى تەييار قىلىپ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كىشى ماڭدۇردى: ماتالارنى توققۇزدىن-توققۇزدىن تەييارلاپ، توققۇزلىغان پىللارغا يۈكلەپ يولغا سالدى. ھەر پىلنىڭ

چوڭلۇقى تاغچە بار ئىدى. زور قىلسا تاغنى يوق قىلالايتتى. بۇ پىللارنىڭ خەرتۇمى گويا ئەجدىھادەك ئىدى. پىللار يەتتە خىل رەڭلىك توقۇم توقۇپ، ئۈنچە-مەرۋايىتلار بىلەن ھەشەمەتلىك قىلىپ بېزەلگەنىدى. ھەربىر پىلنىڭ ئۈستىدە ئاپتاپ تەلەتلىك كىنىزەكلەر بار ئىدى، پىللار ماڭغاندا كىنىزەكلەر چۇرقۇرۇشاتتى.

يەنە پىلدەك توققۇز ئات بار ئىدى، بۇ ئاتلارنىڭ يۈگۈرىشى شامالدىن تېز ئىدى؛ بۇلارنىمۇ يەتتە خىل زەر تارتىلغان كىمخاپتىن يوپۇق يېپىلغان، ئېگىزدۈرۈقلىرى ئالتۇندىن ئىدى. ئۈستىدە قىممەت باھالىق ماتالاردىن كىيىم كىيگەن ھىندى غۇلاملىرى تەخ بولۇپ ئولتۇرۇشقانىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قالاتتى.

پادىشاھ راي ھىندىستان دىيارىدىكى شەيخ، زاھىد ۋە سالىھلارنى يىغىپ:

— پادىشاھ ئىسكەندەردىن مېنىڭ گۇناھىمنى تىلەڭلەر. مەن بىر كەمىنە قۇلىدۇرمەن، يامانلىق ھەرگىز خىيالىمغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرۇشۇم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەرزىم شۇكى، ئەلچى نامە ئېلىپ كەلگەندە بېرىشقا ئاجىز كەلدىم، نامەنى ئېلىپ بېشىمغا قويدۇم، قولۇم قىسقىلىق قىلدى، خىزمىتىدە بولالمىدىم. ئۈمىدىم شۇكى، پادىشاھ ئىسكەندەر مۇبارەك قەدەم باسسا، مەن ھۆرمىتىنى قىلسام. تېنىمدە جېنىم بولىدىكەن، ئۇنىڭ قۇلىدۇرمەن، — دەپ سۆزىنى ئادا قىلدى ۋە مەزكۇر

سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇلۇغ ئەكابىرلارنى ئەۋەتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر نامەنى ئوقۇپ كۆرۈپ رايىنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. كەلگەن ئەمىر ـ ئەكابىرلار رۇخسەت بىلەن كىرىپ رايىنىڭ ئەرزىنى ئېيتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر:

ــ رايىنىڭ بۇنچە چوڭ گۇناھى يوق ئىدى، ئەگەر گۇناھى بولسا ئۆتتۈم. بۇ يەرگە كەلسۇن، مەرتىۋىسىنى ئاۋالقىدىن ئۈستۈن قىلاي. ھەرقانداق پادىشاھ ئىككىنچى بىر مەملىكەتكە ئەلسە، خىراج ئالىدىغان رەسمىيەت بار ئىدى. ئەمما مەن ئىككى يىللىق خىراجدىن ئۆتتۈم، ــ دەپ يارلىق قىلدى.

خالايىقلار گاچىلىشىپ شۈكرى ـ سانا ئېيتالماي قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئاغزى گەپكە كەلگەندە ھەممىسى دۇئا قىلىپ:

ــ يا پادىشاھىم، بۇ جاھان سىلىدىن خالىي بولمىسۇن، يەتتە ئىقلىم سىلىگە بويسۇنسۇن. ھالىمىز خاراب ئىدى، كۆڭلىمىز ئەينەكتەك ساپ بولدى. رۇخسەت قىلسىلا پادىشاھ رايىمۇ يۈمۈلۈپ كېلەتتى. ئاياغلىرىنىڭ تۇپرىقىنى كۆزىمىزگە سۈرتسەك، ــ دېيىشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر قايتىشقا رۇخسەت بەردى. بۇ خەلق يېنىپ رايغا خەۋەر بەردى. راي شۇ سائەتتە پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. رايىنىڭ كىيگىنى كېپەن، بويىنغا قىلىچ، قوللىرىغا كىشەن، بويۇنلىرى باغلاقلىق ئىدى. بۇنى

كۆرۈپ پادشاھ ئىسكەندەرگە يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى ۋە كىپەن بىلەن قىلىچىنى ئىلىۋېتىشىنى بۇيرۇدى. قوللىرىنى يەشكۈزدى. راي پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئاياغلىرىنى قۇچاقلاپ، زار-زار يىغلىدى. پادشاھ ئىسكەندەر راينىڭ قولىدىن تۇتۇپ كۆرۈشتى. راينىڭ بېشى ئاسمانغا يەتتى. رايغا ئورۇن كۆرسىتىپ ئولتۇرغۇزدى. پۈتۈن ھىندىستان خەلقىغە ئىلتىپاتلار قىلدى.

— ئەي پادشاھى ئالەم، — دەپ ئەرز قىلدى راي، — قىش كۈنى سەپەر قىلماق دۆلەتكە مۇناسىپ ئەمەس، ھىندىستاننىڭ قىشلىق سەيلىگاھى ئوبداندۇر. ئاجايىپ ھۇنەرلەر بار. خالايىقنىڭ تەبىئىتى نورۇز ۋاقتىدىكىدەك تازا بولۇپ، يامغۇرلار يېغىپ، دەرەخلەردىن گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدۇ. سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس. مارت ئايلىرىنى ئۆتكۈزۈپ ئاندىن ماڭسىلا.

بۇ سۆزلەر پادشاھ ئىسكەندەرگە ناھايىتى خوش يېقىپ، بىر يەرگە چۈشۈپ ئورۇنلىشىۋېلىشقا ماقۇل بولدى، راي شەھەرگە چۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى، ئىسكەندەر:

— سىپاھلار شەھەرگە سىغمايدۇ، بىر پىشكە ① چۈشەيلى، — دېدى.

«پىشى ئەنكار» دەپ ئاتىلىدىغان بىر پىشنى تەييارلاپ، پادشاھ ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلدى. پادشاھ ئىسكەندەر پىشكە

---

① پىش — يېقىن ئەتراپ، يېقىن جاي.

چۈشتى. بۇ پىشنىڭ ئىشكار قىلغىلى بولىدىغان يەرلىرى كۆپ ئىدى. بۇ پىش گويا «گۈلىستانى ئەزەم» دەك ئىدى. گىيالىرى ئود - ئەنبەر، دەرەخلىرى سەندەل ئىدى. شامال چىقسا، ھىندىستاننى خۇش پۇراق قاپلايتتى. دەرەخلىرى گويا پەلەككە چىرمىشىپ چىقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئاپتاپ ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرى ئىچىدە غايىب بولاتتى، جويىز بىلەن بوز بۇغىنىڭ ھەمدى بوشلۇقنى قاپلايتتى. دەرەخ ئۇچىغا چىرمىشىپ چىققان تاللاردىكى ئۈزۈملەر گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭ تۆپىسىدە قۇشلار خىلمۇخىل سادالار چىقىرىپ سايرىشاتتى، بۇ پىشنىڭ قۇشلىرىنى سۈپەتلەشكە سۆز توغرا كەلمەيتتى.

بۇ پىشنىڭ شىمال تەرىپى ھىندى دەرياسى، جەنۇب تەرىپى ھىندىستان شەھىرى، شەرق تەرىپى شىكەر چىقىدىغان قومۇشلۇق ئىدى. ھەممە ئېرىقلاردا شىكەر ئاقاتتى. سەيلىگاھلىرىدا بۇغا - ماراللار ئوتلاپ يۈرەتتى. دەريالىرىدىكى كۆمۈش رەڭ بېلىقلار ھەيران قالدۇراتتى.

پادىشاھ راي شۇنچىلىك دەرىجىدە قۇللۇقنى بىجا كەلتۈردىكى، بۇنى سۈپەتلەشكە سۆز توغرا كەلمەيتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر قىش چىققۇچە بۇ جايدا ئىشرەت بىلەن مەشغۇل بولدى.

8

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ھىندىستاندىن كۆچۈپ چىنغا — خاقانى ئەئزەمگە[1] ئاتلانغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، زاماننىڭ ئاپتابى ھەمەل[2] بۇرجىغا[3] كەلدى، ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ دىماقلىرىغا ھاۋايى سەپەر (سەپەر قىلىش ھەۋىسى) چۈشتى، ھىندىستان شەھەر-لىرىنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سىپاھ-لەشكەرلىرىگە خىتاي مەملىكىتىگە يۈرۈش قىلىشقا يارلىق چۈشۈردى. يىغى-زارە، چۇقان-سۈرەن ئىچىدە ئىسكەندەرنىڭ چەڭ دۇمباقلىرى

---

① ئەئزەم — ئەڭ كاتتا، ئەڭ بۈيۈك

② ھەمەل — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە — ئون ئىككى بۇرۇجنىڭ بىرىنچىسى، يەنى قۇياش ھېسابىدىكى كالىندارنىڭ بىرىنچى ئېيىنىڭ نامى (مارت-ئاپرېل ئايلىرىغا توغرا كېلىدۇ)

③ بۇرۇج — قەدىمكى ئاسترونومىيىدە: قۇياش ھېسابىدا بىرىلدا ئون ئىككى نۇقتا بار، دەپ قارىلىدۇ، نۇقتىلار «بۇرۇج» (ئاي) دەپ ئاتىلىدۇ.

پىللارغا يۆكلەندى. بارگاھلىرى قوزغىتىلىپ، پۈتۈن لەشكەر كۆچۈپ خىتاي مەملىكىتىگە ئاتلاندى. خىتاي شەھىرىگە بارغىچە نەچچىلىگەن شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ ئاخىر خىتاي سەددىگە (چېگرىسىغا) يېتىپ كەلدى.

خاقانى چىن ھېسابسىز چېرىك يىغدى ۋە ئاۋۋال ئەلچى ئەۋەتەيلى، ئۇنىسا خوپ، ئەگەر ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا بېقىپ جەڭ قىلايلى، دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ ئەلچى ئەۋەتتى. ياساۋۇللار خاقاندىن كەلگەن ئەلچىنى ئىسكەندەرنىڭ يارلىقى بىلەن ئېلىپ كەلدى. ئەلچى پادىشاھ ئىسكەندەرنى كۆرۈپ تىلى تۇتۇلۇپ قالدى. ئاغزىدىكى سۆزى كۆككە پەرۋاز قىلدى. ئىسكەندەر بۇ ھالەتنى چۈشىنىپ ئۆزى باشقا تەرەپلەرگە قاراپ تۇردى. ئاندىن ئەلچى ئەقلىگە كەلدى ۋە پادىشاھ ئىسكەندەر سورىغان سوئاللارغا جاۋاب بەردى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، خاقان ماڭا بېرىپ ئىسكەندەردىن سورىغىن، نېمە ئىشقا كېلىپتۇ. دوستلۇققا كەلگەن بولسا خوپ، ئەگەر جەڭ قىلغىلى كەلگەن بولسا، ئۇنىڭغا رازىلىق بەردىم، ھەر ئىش بولسا ئۆز بەختىمدىن كۆرەي دەپ يارلىق قىلىپ مېنى ئەۋەتتى.

— خاقان ئۆزىنى مېنىڭ بىلەن باراۋەر تۇتۇپتۇ، — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر تەبەسسۇم بىلەن، — لەشكىرىگە ئىشىنىپتۇ. دارانىڭ لەشكىرى خاقانىنىڭ لەشكىرىدىن زىيادە ئىدى، ئۇنىڭغا تاقابىل بولدۇم. ئاللاتائالا ماڭا يار بولدى، مەن غالىب

كەلدىم. ئەي ئەلچى، قايتىپ بىرىپ خاقانغا ئېيتقىن، ئۇ كىلىپ ماڭا دوست ـ بەيئەت① قىلسۇن، ئەگەر ئۇنىمىسا، ھەر ئىش بولسا ئۆزىدىن كۆرسۇن، ــ دەپ ئەلچىنى يولغا سالدى.

ئەلچى جاۋابنى خاقانغا يەتكۈزدى ۋە «خاقان، بۇ نەرسە مەن گۇمان قىلغاندىن زىيادە ئىكەن» دەپ ئاداۋەت ئوتىغا ياغ قويدى. خاقان كۆڭلىنى توختىتىپ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ كىلىشىنى پەملەپ تۇردى.

كۆك تۇمۇردىن ساۋۇت كىيگەن، ئۆتكۈر قىلىچ ئويناتقۇچى روينتەن② دەك توققۇز مىڭ بەش يۈز پەھلىۋاننى ۋە تۈن كىچىلەردە قارا چۇمۇلىنىڭ كۆزىگە نەشتەر ئۇقىنى خاتاسىز سانچىيالايدىغان ئىرانلاردىن يەتمىش ئىككى پالۋاننى شەھەر تىشىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، چۆرىگە خەندەك قازدۇردى. ھىچ ئىشىدا كاملىق قالمىدى. خەندەكنىڭ كەڭلىكى ئون بەش قىرى③ ئىدى. خەندەك ئىچىگە ئىستىھكام ياسىتىپ، ئۇنىڭغا ئوقياچىلارنى قويدى.

يەنە بىر تەرەپتىن پادىشاھ ئىسكەندەر سۈرەن سېلىپ، يەر تەۋرىتىپ مۇرۇمەلەختەك④ كىلىشتى ۋە خاقاننىڭ قارىسىنى

---

① بەيئەت ــ ئەھد ـ پەيمان، بويسۇنۇش، ۋەدە.
② روينتەن ــ «شاھنامە» قەھرىمانلىرىدىن ئىسفەندىيارنىڭ لەقىمى.
③ مۇرۇمەلەخ ــ چۇمۇلە ـ چېكەتكە.
④ قىرى ــ ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى، غۇلاچتىن قىسقىراق.

ئېلىپلا سەپ تۈزۈپ تۇردى. ئىككى تەرەپتىن ناغرا - دۇمباق-لارنى ئانداق سوقتىكى، ئاسمان - زېمىن لەرزىگە كەلدى، بۇ سادالارنى ئىشىتكەن ئاسمان پەرىشتىلىرىدىن بىرى يەر يۈزىگە چۈشۈپ، ماجرالارنى ئاڭلاپ قايتىپ پەرىشتىلەرگە:

«ئىككى قوش جەڭ قىلماقچىكەن» دېۋىدى، ئاندىن پەرىش-تىلەرنىڭ كۆڭلى تىنىم تاپتى.

خاقان لەشكىرى ئىسكەندەرنىڭ دەبدەبىسىدىن سەراسىمىگە چۈشۈپ، چارىسىز ئارقىسىغا ياندى. شۇنداق ۋەھىمىگە قالدىكى، خاقان «ئەمدى ئىسكەندەرگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز، ئۆلۈم بېشىمىزغا كېلىپ تۇردى» دەپ جەڭگە چىقتى. تەبىئەت دۇنيا-سىدا ھېچنېمە تەۋرىمەي تىپتىنچ تۇراتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر سەھەر ۋاقتىدا جەڭگە ئاتلىنىشنى مەسلىھەت قىلدى. ھۆكۈمالار:

— يا پادىشاھى ئالەم، ئىككى كۈن سەۋر قىلايلى، — دې-يىشتى.

خاقاننىڭ دانىشمەنلىرى خاقانغا نەسىھەت بېرىپ:

— ئىسكەندەر قەدەم قويغانلىكى يەرنى ئېلىپتۇ، ئىسكەن-دەرگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ، كېيىن پۇشايمان قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، — دەپ خاقاننى ئەقلىگە كەلتۈردى.

خاقاننىڭ بىر خاس كىشىسى بار ئىدى، ئۇ ئەلنىڭ تەنە سۆزلىرىنى ئىشىتىپ، تول خۇتۇنلاردەك يىغلىدى. خاقان ئىس-كەندەرگە بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىكەنلىكىنى

بىلدى. نەزم:

ئىسكەندەر شاھى ئېردى ئاسا① سەڭ②

چىنى تاشلار بىلە قىلغاي نىچۈك جەڭ؟

قىلۇركىم تاش چىنىنى فارە-فارە،

بويىسۇنماقتىن ئۆزگە يوقتۇر چارە.

— ئەي مەھرەم، — دېدى خاقان، — مېنىڭ بارگاھىمغا كىشى كىرگۈزمىگىن؛ ئىشىكتىن نېرى بارمىغىن؛ مەندىن كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولسۇن. مەن تاڭ ئاتقۇچە كەلسەم خۇشال بولغىن، كەلمىسەم ئۈمىدىڭنى ئۈزگىن. ئەمما بۇ سىرنى كىشىگە ئېيتمە-غىن، مەندىنمۇ سورىمىغىن.

خاقان بارگاھىغا كىردى. پادىشاھلىق لىباسىنى تاشلاپ، ئەلچىلىك لىباسىنى كىيدى. مەھرەمگە بارگاھ يېنىغا بىر ئات كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى، بىر ئات كەلتۈرۈلدى. خاقان ئاتقا مىنىپ شەھەر دەرۋازىسىغا كەلدى ۋە دەرۋازىۋەنگە دەرۋازىنى ئېچىشنى بۇيرۇدى. دەرۋازىۋەن ئاچمىدى. بۇ چاغدا خاقان: «خاقان مېنى ئىشقا بۇيرۇدى» دەپ مۆھۈرىنى كۆرسەتكەندى، دەرۋازىنى ئېچىپ بەردى. خاقان ۋەھىمە ئىچىدە ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كەلدى. ئىسكەندەرگە خاقاندىن ئەلچى كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى.

---

① ئاسا — گوياكى مەنىسىدە.

② سەڭ — تاش.

— ئەلچىنى بۇ يەرگە ئېلىپ كىرىڭلار، — دېدى ئىسكەندەر.
ئەلچىنى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا تەختنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. ئىسكەندەر:
— چۈش كۆردۈم، چۈشۈمدە ئىككى ئاپتاپ بىر-بىرىگە يېقىن كەلدى. ئانداق جەڭ بولدىكى، نەيزە-نەيزىگە يېقىنلاشتى، — دېدى.
ھۆكۈمالار بۇنىڭغا تەبىر بېرىپ:
— بۇ يىل ئەتىيازدا نۇرغۇن ۋەقەلەر يۈز بېرىدىغان ئوخشايدۇ، — دېيىشتى.
پادىشاھ ئىسكەندەر ئەلچىدىن سۆز سورىدى. ئەلچى ئورنىدىن قوپۇپ مىڭ بىر قۇسۇن بىلەن سۆزگە كىرىشىپ:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئىجازەت بەرسەڭ، مېنىڭ ئېيىماقچى بولغان سۆزۈم ئۆزەمنىڭ سۆزى ئەمەس، خاقانى چىننىڭ سۆزى — دېدى.
— ھەرقانداق سۆزۈڭ بولسا ئېيتقىن! — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر.
— ماڭا خاقان ئۇلۇغ سۆزلەرنى ئېيتىپ ئەۋەتكەنىدى، بۇ سۆزلەرنى ھەرقانداقلىكى كىشىنىڭ ئاڭلاۋېرىشى لايىق ئەمەس، ساڭىلا چېتىلغان يوشۇرۇن سۆز ئىدى. بۇ يەردە سەن بولساڭ ۋە مەن بولسام، ئۆزگە كىشى بولمىسا ئېيتاي، خاقان ماڭا بۇنىڭغا ئۇنىمسا، ئېيتماي يېنىپ كەل، ئەگەر سەندىن

قورقسا، پۈت-قولۇڭغا ئىشكەل سېلىپ بەند قىلسۇن، ئىسكەن-دەر ئالدىدا قىلىچ قويۇپ ئولتۇرسۇن، ئاندىن ئېيتقىن دېگە-نىدى. ئەگەر مەندىن قورقسىڭىزلار پۈت-قولۇمغا كويزا-كىشەن سېلىڭلار، — دېدى.

— ئەي ئۇمەرالار، ھەممىڭلار تاشقىرىغا چىقىڭلار! — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر، — پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ قېشىدا ئادەم-زات ئۇرۇقىدىن كىشى قالمىدى، پەقەت ئىسكەندەر بىلەن خاقان ئىككىيلەنلا قالدى. ئاندىن پادىشاھ ئىسكەندەر سۆز سورىدى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، مېنى ئەلچى دەپ ئويلاپ قالمى-غىن، — دېدى ئەلچى، — خاقان مەندۇرمەن. بۈگۈن مەن بار-گاھىڭغا كەلدىم. بۇنداق كېلىشىمگە نەچچىلىگەن ئىش سەۋەبچى بولدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ھەيران قالدى. ئېيتتىكى:

— ئەي خاقان، بۇنداق ئۆزىڭنىڭ پۈت-قولىنى ئۆزى باغلاپ دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىدىغان، ئۆز ئايىغى بىلەن كېلىپ تۇتۇلىدىغان خاتا ئىشنى ھېچقانداق پادىشاھ قىلمىغان. ئەمدى سۆزۈڭ بولسا ئالدىرىماي ئېيتقىن.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، بېشىمغا مۈشكۈل ئىش چۈشتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزۈم كەلدىم، بىچارىلەردەك دادلاندىم. ئادا-ۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن بۆلەك تەدبىر تاپالمىدىم.

پادىشاھ ئىسكەندەر تەھسىن-ئاپىرىنلار قىلدى ۋە:

— ئەي خاقان، ئەلچىگە ئېيتقان سۆزۈڭ ماقۇللىققا ئېرىشتى، لېكىن جاھانگىرلىك ھەۋىسى بېشىمغا چۈشكەن ئىسكەندەر، جاھاندىكى شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇشقا كىرىشتىم. شۇ سەۋەبتىن بۇ يۇرتلارغا كەلدىم، — دېدى.

خاقان پادىشاھ ئىسكەندەرگە دوئا قىلىپ سۆزگە كىرىشتى ۋە كۆڭلىدىكى مۇرادىنى ئېيتىشقا باشلىدى:

— مېنى دۈشمەن دەپ ئويلىدىڭ، ئەگەر مەن دۈشمەن بولسام، ئۆزۈمنى ئايىغىڭغا پايىمال قىلمايتتىم، ھېچقانداق پادىشاھ بۇنداق قىلمىغان. بىلمەيمەن، ئېھسان قىلارسەنمۇ، يا سىياسەت قىلىچلىرىنى چاپارسەنمۇ؟

— ئەي خاقان، كۆڭلۈڭ خاتىرجەم بولسۇن، سەن مېنىڭ ئاتامدەك تۇرسەن، سەن تەختتە ئولتۇرغىن، مەن تەختىڭدىن چۈشۈپ خىزمىتىڭدە تۇراي، ئاتام ئىرىلدى دەي، سەن پادىشاھ بول، مەن باش قوماندان بولاي، — خاقان سۆيۈنۈپ، دوئا قىلىپ ئاپىرىن ئوقۇدى ۋە:

— بۇ سىرنى پاش قىلمىغىن، ماڭا ئەلچى ئورنىدا ئىلتىپات قىلىپ ياندۇرغىن. لەشكىرىڭگە بۇ ئەلچى ياراشتۇرغىلى كەلگەنىكەن، مەن قوبۇل قىلدىم دېگىن. تاڭ-ئاتقاندىن كېيىن ماڭا ئەلچى ئەۋەتكىن. مەن سېنىڭ پەرمانىڭنى تۇتۇپ كېلەي. ئەلنىڭ ھوزۇرىدا ماڭا تازىم قىلىپ ئىنايەتلەر كۆرسەتكىن. ئاتا-بوۋام خاقان بولۇپ ئۆتتۈۋاتقىلى مىڭ يىل بولۇپتۇ، ئەمما، ھېچقانداق پادىشاھقا خىراج تۆلىگىنى يوق. مەنمۇ

خىراج تۆلـىگەن ئەمەس. نومۇس قىلىپ مەنـدىن باشقا پادى-
شاھلارغا ئوخـشاش خـىراج تاما قىلمىغـىن. شان-شەۋكىتىم
سۇنمىسۇن. يۇرت خەلقىنىڭ قېشىـدا ئىززەت-ئىكـرام بىلدۇ-
رۇپ، مېنى ئاتام دېگىن، خىراجەت دېگەن سۆزنى ئۇنۇتقىـن.
ئەگەر خىراجەت ئېلىش خىيالىڭ بولسا، مېنىڭ خەزىنەمدە
مال ئىنتايىن تولا. ماڭا سېنىڭدەك ئوغۇل لازىم. شۇ قاتارلىق
مال تۆكەيكى، سىپاھـىلار يىغىـپ بولالمىسۇن، ئەلۋەتـتە. بۇ
سۆزلەرنى ئاشكارا قىلمىغىن. شۇ سەۋەبتىن ئۆزەم ئەلچى
بولۇپ كەلدىم، — دېدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇمەرالىرىنى چاقىرىپ:

— ئەي ئۇمەرالار، بۇ ئەلچى ئەلچىلىك سۆزنى ئادا قىلدى.
پۈت قولىنى بوشىتىپ قويۇڭلار، — دېدى ۋە: — خاقانغا مەندىن
سالام دېگىن، — دېدى.

خاقان تازىم قىلىپ، ئىسكەندەرنىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى.
قاراڭغۇ بولغاندا لەشكەرگاھىغا كېلىپ، تۈن يېرىمىدا بارگاھىغا
چۈشتى. مەھرەم كىشىسى ئولتۇراتتى. خاقان بارگاھىغا كىرىپ،
ئەلچىلىك لىباسىنى سېلىپ، شاھانە لىباس كىيدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ھۆكۈمالارغا:

— بۇ ئەلچى ياراشتۇرغىلى كەلگەنىكەن. ئەمدى بىزمۇ بىر
دانىشمەن ئەلچى ئەۋەتەيلى، خاقان نېمە دەيدىكىن. سۆزىـنى
ئاڭلاپ كەلسۇن، — دېـدى. ھۆكـۈمالار مۇۋاپىـق كـۆردى ۋە
بىر ئەلچىنى جابدۇپ يولغا سالدى. ئۇنىڭغا:

— خاقانغا دۇئا دېگىن ۋە ئەي خاقان، ئاداۋەتنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويغىن، بىز سېنىڭ مەملىكىتىڭدە مېھماندۇر-مىز. بىزدە گۇناھ يوق دېگىن! — دېدى.

خاقان ئىسكەندەردىن ئەلچى كېلىپتۇ دەپ بارلىق ئۇمەرالىرىنى يىغدى. ئەلچى ئەلنىڭ قېشىدا بايىقى سۆزلەرنى بايان قىلدى.

خاقان ئېيتتىكى:

— ئىسكەندەر ئاداۋەت يۈزىسىدىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا لەشكەر تارتىپ كەلدى. بىزمۇ زۆرۈرىيەتتىن لەشكەر تارتىپ ئالدىغا چىقتۇق. ئەمدى مۇلايىم سۆزلەرنى ئېيتىپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. بىزدە ھېچبىر ئاداۋەت يوق. سۆزلىرىنىڭ راست بولسا، بىزمۇ بارىمىز.

— بۇلار مېنىڭ سۆزۈم ئەمەس، — دېدى ئەلچى، — پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ سۆزى، بولمىسا ئۆزلىرىنى ئېلىپ بارىمەن دېيىشكە ھەددىم ئەمەس.

خاقان خۇشال بولۇپ لەشكەرلىرى بىلەن بىللە ئاتلاندى. يەر تەۋرىگەندەك مەلۇم بولدى.

خاقان «ھەممە لەشكەر جابە-جا ① تۇرسۇن، مېنىڭ بىلەن يۈز كىشى كەلسۇن» — دەپ يارلىق قىلىپ قويۇپ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرگاھىغا كەتتى. پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ

① جابە-جا — ئۆز ئورنىدا، تۇرغان جايىدا.

بارلىق ئۇمەرا ـ ھۆكۈمالىرى خاقاننىڭ ئالدىغا چىقىپ خاقان بىلەن كۆرۈشتى. خاقان ئاتتىن چۈشۈپ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كىردى. ئىسكەندەرمۇ بارگاھىدىن چىقىپ، خاقان بىلەن ئاتا ـ ئوغۇلدەك قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشتى. پادىشاھ ئىسكەندەر خاقاننى قولىدىن تۇتۇپ تەختكە تەكلىپ قىلدى. ئەمما خاقان ھىجاپ (پەردە) ساقلاپ كېيىنراق تۇردى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇنىماي، خاقاننى تەختتە ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن كېيىن ئۆزى ئولتۇردى. ئىسكەندەر بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي، خاقانغا كىچىكلىك بىلەن سۆزلەپ ئاتىلىق ـ ئوغۇللۇق ئىزھار قىلدى. ئاندىن بەكاۋۇللار ① ئاش تارتتى. خاقانغا شۇنداق مېھماندارلىق قىلدىكى، بۇنى سۈپەتلەشكە سۆز توغرا كەلمەيتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر:

— ئەمدى ئاتلانسىلا بولىدۇ، خىتاي خەلقى بۇنداق مۇلازىمەتلەرنى چۈشەنسۇن، — دېدى.

خاقان خۇش ۋاقىت بولۇپ ئاتلاندى، پادىشاھ ئىسكەندەر «جامى ئىشرەتغىزا»دا مەي ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

---

① بەكاۋۇل — 1) خان دەستۇرخانچىسى، 2) باش ئاشپەز.

9

# چىن خاقانىنىڭ پادىشاھ ئىسكەندەرنى ئۆز شەھىرىگە تەكلىپ قىلىپ مېھمان قىلغىنى

خاقان پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن ياخشىلىشىپ، ئۆز لەشكەرگاھىغا كەلدى. خىتاي خەلقى بۇنى ئاڭلاپ «ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپتىمىز، ئاۋادا جەڭ قىلغان بولساق پادىشاھ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ ئاتلىرىنىڭ ئايىغىدا قالار ئىدۇق» دەپ ھېسابسىز شادمان بولدى.

خاقان دۆلەتنىڭ بارلىق كاتتىلىرىنى چاقىرتىپ ئىلتىپاتلار قىلىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللىرىنى ئالدى ۋە خۇش خۇيلىق بىلەن:

— ئىسكەندەر بارلىق شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ ھەممە پادىشاھلارنى ئۆزىگە بەندە (قۇل) قىلىپتۇ. بىزگە بۇنداق ئىلتىپات قىلار دەپ ئويلاپ باقمىغان ئىدۇق. ئاداۋەتنى تاشلاپ بىزنىڭ كۆڭلىمىزنى ساپ قىلدى. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ماڭا ئىززەت ئىكراملار قىلدى. تەختتىن ئورۇن بېرىپ مېنى ئاتلىقتا قوبۇل قىلدى. ئۆزى ئوغۇللاردەك خىزمىتىمدە بولدى. بۇ تۇر-

غان ھەممىز ئۇنىڭ ئازاد قىلغان بەندىسى بولدۇق. ئۇنىڭغا خىزمەت قىلماسلىققا چارەم يوق. بۇ ئىشقا پىكىر قىلىڭلار، — دېدى.

خىتاي خەلقى دۇئالار قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سەن ھەر سۆزگە ئىگىمىز ئاچساڭ، بىز پەرمانبەردارمىز. پادىشاھ ئىسكەندەر ئەزىز مېھمانىمىزدۇر، ئۇنىڭغا ھەرقانچە خىزمەت قىلساقمۇ يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، سەن بىزنى نېمىگە بۇيرۇساڭ جان دىلىمىز بىلەن تەييارمىز، — دېيىشتى.

خاقان ئاجايىپ خۇشال بولدى ۋە:

— سىپاھلارغا پۇل بېرىدىغان ۋەزىپىنى توختىتىپ پۇلنى مېھمانغا خىراجەت قىلايلى، ئازلىق قىلسا، خەزىنەمدىن چىقىراي. مېھمان ئۇزىغاندىن كېيىن، سىپاھلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆزەم بىر تەرەپ قىلاي، — دېدى.

پۈتۈن خەلق خۇش ۋاقىت بولدى ۋە بىر بىرىگە مەدەت بېرىشىپ مېھمان كۈتۈشنىڭ جابدۇقىنى قىلىشتى.

خىتاي خەلقىنىڭ ئىسكەندەرگە تارتۇق قىلىش ئۈچۈن تەييارلىغانلىرى بىر دەريا بولدى. ئۇنى توشۇش ئۈچۈن كارۋان تەييارلىدى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر ھەيران قالاتتى: مىڭ ئات، مىڭ يەتتە يۈز تۆگە، مىڭ خېچىرغا ئۈنچە-مەرۋايىت، نەپىس يىپەك توقۇلمىلىرى، چىنە-ئاياقلار يۈكلەنگەنىدى. مىڭ نەپەر ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، ئاپتاپ تەلەت-

بلىك، كىرپىكلىرى سۇزۇلۇق نەشتەردەك، قاپاقلىرى كەكك، ئاغىز-لىرى گويا بادامدەك، كىيگەن لىباسلىرى سۈز بىلەن سۈپەتلەپ چىققۇسىز دەرىجىدە ياراشقان كېنىزەك ۋە يەنە ياغشىراق ئىككى تۆھپىمۇ بار ئىدى. ئىككى تۆھپىنىڭ بىرى «ئايىنەئىي چىن»① بولۇپ، خۇددي «جامى جەمشىت»كە ئوخشاش ئىدى. بۇ ئەينەك تىلسىمات بىلەن ياسالغانىدى. ھەر يۈزدە ئوخشىمىغان نەرسە نامايان بولاتتى. بىر يۈزىنىڭ تاماشاسى شۇ ئىدىكى، پادىشاھ ئەرىز-دادىغا سورىغاندا، يەنى ئىككى كىشى بىر-بىرىگە داۋا قىلىشسا، بىرى يەنە بىرىنىڭ ھەققىدىن تانسا ئۇنىڭغا گۇۋاچى ھاجەت ئەمەس ئىدى. سۆزى راست بولسا ئەينەكنىڭ يۈزىدە كۆرۈنەتتى، يالغان بولسا كۆرۈنمەيتتى. يەنە بىر يۈزىنىڭ خاسىيتى شۇ ئىدىكى، پادىشاھ مەي ئىچىپ ئەيش قىلماقچى بولۇپ بۇ ئەينەككە قارىسا، ئۇنىڭدا رەڭگارەڭ سۈرەتلەر نامايان بولاتتى. كۆڭۈلگە ھوزۇر بەخش ئەتكۈچى بىلەن مەي ئىچكەندە ئەينەكتە يۈزى، بەدىنى كۆرۈنەتتى. ئەگەر مەي ئىچىپ مەست بولۇپ قالسا ئەينەكتە يۈزى روشەن كۆرۈنمەيتتى. ئاندىن مەي ئىچىشنى توختىتىشى لازىم ئىدى. ئەگەر كىشىنىڭ ئەلپازى بۇزۇق بولسا، ئەينەكتە يۈزى بۇزۇق كۆرۈنەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ھالىغا چۈشلۇق ئىش قىلىش لازىم ئىدى. يەنە بىر تۆھپە چىن كېنىزىكى

① ئايىنەئىي چىن — چىن ئەينىكى، جاھاننامە ئەينەك.

بولۇپ، بۇ جاھاننىڭ ئاپىتى ئىدى. جامالى ھۆر-پەرىلەر بىلەن زىددىيەتلىشىپ، ئۇنىڭدىن كۈندەشلىكى ئېشىپ كېتىپ جەننەتكە قېچىپ كەتكەن ئىمىش. ئۇنىڭ چېچىنىڭ غەۋغاسى خىتاي مەملىكىتىدە پۇر ئىدى؛ كۆزىنىڭ غەۋغاسى چىن مەملىكىتىگە چوقان-سۈرەن سالاتتى، قاشلىرى يېڭى چىققان ئايغا ئوخشايتتى. گۈلدەك ئىككى مەڭزىنىڭ ئۈستىدىكى ئىككى قىيپاچ كۆزلىرى ئەلنىڭ قېنىنى ئىچىشنى كۈتۈپ زەئىپ-ئاغرىق كىشىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. يېقىن كېلىپ قارىسا، يۈزىنىڭ روشەنلىكىدىن ئاغزى ھەرگىز كۆرۈنمەيتتى. پالۋانلىقتا خىتاي تەۋەسىدە ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالىغۇدەك پالۋان يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئاتقان ئوقى توققۇز مەنزىلدىن ئۆتۈپ كېتەلەيتتى.

قىسسە: خاقان پادىشاھ ئىسكەندەرگە بۇ قاتارلىق تارتۇق-سوۋغىلارنى تەييار قىلىپ، بارلىق ئۇمەرالىرىنى پادىشاھ ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلىپ، ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇمەرالار پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ، يەر ئۆپۈپ:

— پادىشاھى ئالەم، خاقان ئۆزلىرىدەك ئۇلۇغ پادىشاھنىڭ مۇبارەك قەدەملىرىگە ئىنتىزاردۇر، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر خاقان شەھىرىگە پۈتكۈل لاۋ-لەشكەرلىرى بىلەن ئاتلاندى.

خاقان بىر ئايلىق يەرگىچە چوڭ ماتالاردا پاياندار سالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر ھەر ئون قەدەم باسقاندا باشلىرىغا لەئلە-مەرۋايىت چاچاتتى. يەر يۈزى مەرۋايىتقا تولدى. شۇنداق

قىلىپ شەھەرگە كىردى. كۆردىكى بۇ ئاجايىپ بېزەلگەن شەھەر بولۇپ، باغلىرى بېھىشتىن نىشان بېرەتتى.

پادشاھ ئىسكەندەر خاقاننى يېنىغا چاقىرىپ ئاتا-ئوغۇلدەك يېقىن ئولتۇردى. سۆھبەت ئارىلىقىدا بەزمە تۈزۈپ شاراپ ئىچىشتى. تەختنىڭ بىر يېنىدا ھۆكۈمالار ئولتۇرۇشتى. خاقان شۇنداق مېھماندارچىلىق قىلدىكى، قىياستىن تاشقىرى ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر ئۈزۈلدۈرمەي شاراپ (مەي) تۇتاتتى.

خاقان پۇتكۈل چىن مەملىكىتىنى ئىسكەندەرگە بەخشىش ① قىلسا، گايى ئىسكەندەر ئۆزىگە تەۋە بولغان پۈتكۈل زېمىننى خاقانغا بەخشىش قىلاتتى.

خاقان پايىگاغا چۈشۈپ تارتۇق-سوۋغىلارنى توققۇزدىن-توققۇزدىن قىلىپ ئىسكەندەرگە تارتتى. پادشاھ ئىسكەندەر بۇ تۆھپىلەرنى كۆرۈپ خاقانغا تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇدى.

پادشاھ ئىسكەندەر ئىككى تۆھپىگە ھەۋەس قىلدى: بىرى چىن كېنىزىكى، يەنە بىرى «ئايىنەئى چىن» (جاھانامە ئەينەك) ئىدى، خاقان بۇ ئىككى سوۋغىنى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ، ئايىنەنىڭ تەرىپىنى سۆزلەپ بەردى. پادشاھ ئىسكەندەر ئايىنەگە قاراپ ئاجايىپ شادمان بولدى. ھۆكۈمالىرىغا كۆرسىتىپ ھەرگىز يەردە قويمايتتى.

---

① بەخشىش — ئىنئام قىلىش

## 10

# پادىشاھ ئىسكەندەر ئەفلاتۇن، ئارىستو باشلىق ھۆكۈمالارغا بۇيرۇپ «ئايىنەئى ئۇستۇرلاب»① ئەتكۈزگىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بىركۈنى ئارىستۇ:

— يا پادىشاھى ئالەم، خىتاي مەملىكىتىدە ئەجەپ ئۇزاق تۇردىڭىز، بۇ ئالەمنى قاچان ئېلىپ جاھانگىر بولىسىز؟ — دېدى.

— ئەي ئارىستو، — دېدى ئىسكەندەر، — نەچچە ئاي بولۇپتۇ؟

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، ۋاقتى جەۋزا②دا چىچەك ئېچىلىپ تۇرغان مەزگىلدە خاقاننىڭ شەھىرىگە كىرگەنىدىلە، ئەمدى دەرەخلەرگە قاراپ باقسىلا.

① ئۇستۇرلاب/سۇتۇرلاب/ — قۇياش ۋە يۇلتۇزلارنىڭ يۇكسەكلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

② ۋاقتى جەۋزا — باھار پەسلى.

پادىشاھ ئىسكەندەر دەرەخلەرگە قارىدى. غازاڭ چۈشۈپ تۈرالتى. كۈز ۋاقتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ چاغقىچە كېچە ۋە كۈندۈزنى پەرق ئەتمىگەن ئىكەن. پادىشاھ ئىسكەندەر كۆڭلىدە «مەنمۇ شۇنداق بىر ئەينەك قىلدۇرايكى، ئايىنەئىي چىننى بېسىپ چۈشسۇن» دەپ ئويلاپ، ھۆكۈمالارنى يېنىغا خالىس چاقىردى ۋە ئويلىغانلىرىنى ھۆكۈمالارغا بايان قىلدى ھەمدە بۇ سىرلارنى ئاشكارىلىماسلىقنى تاپىلىدى. ھۆكۈمالار دۇئا قىلىپ:

— ئەي پادىشاھ، بۇ ئىشنى بىزگە بۇيرىسىلا، بەجانىدىل قوبۇل قىلىمىز، ھەممىز بىرلىكتە ياخشىراق ئەينەك ياساپ بېرەيلى، — دېيىشتى، ھۆكۈمالاردىن ئەفلاتۇن، سوقرات[65] لار بىر تەرەپتە، ئارىستو، بۇقرات[66] لار بىر تەرەپتە ھەر تەرەپتە ئىككى يۈزدىن ھۆكۈما كېچە-كۈندۈزلەپ بۇ ئىش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. بۇ تۆت يۈز ھۆكۈما كېچە كۈندۈز رىيازەت چېكىپ ئىشلەپ يەر بىلەن ئاسماننىڭ شەكلىنى تېپىپ چىقتى. باشقا ھۆكۈمالار يەر يۈزىنى مۇلاھىزە قىلدى .ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ تەبەقى (تۈرى) بىلەن يەردىكى ئۈسۈملۈكنىڭ تۈرىنى مۇۋاپىق ماسلاشتۇرۇپ پولات ئىچىدە تىلسىمات پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى يۇمىلاق جىسىم ھاسىل قىلىندى. بىرىنى مىس بىرىكمىسى بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. يەنە بىرىنى پولات بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. مىس بىرىكمىسىدىن پەيدا قىلغاننى «ئۇستۇرلاب» دەپ ئاتىدى.

پولاتتىن پەيدا قىلغان جىسمىنى «ئايىنەئى جاھاننامە» دەپ ئاتىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئىككىلا تەرەپكە مەدەت بېرەتتى.

بۇ بىر قىش ئىچىدە ئەلدىن يوشۇرۇن ھالدا! ئىككى سۈرەت پەيدا قىلىنغانىدى. بىرىدە ئاسمان ئاجايىپلىرى: بىرىدە يەرنىڭ ئاجايىپلىرى نامايان بولاتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئۆز تەختىدە — خاقان يېنىدىكى تەختتە ئولتۇراتتى. ئىككى گۇرۇھ ھۆكۈمالار كىرىپ كەلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئىززەت-ئىكراملار بىلەن بۇ ھۆكۈمالارغا تەختىنىڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. ئەفلاتۇن خالايىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەيۋەت بىلەن ئولتۇردى. بىر سائەت ۋاقىتتىن كېيىن ئەينەك بىلەن ئۇستۇرلابنى ئەكەلدۈردى ۋە ھەرقايسىسىنىڭ ئاجايىپلىرىنى بايان قىلىشتى. بىرىدە ئاسماندىكى ئىشلار، يەنە بىرىدە توققۇز پەلەكنىڭ ئاجايىپلىرى نامايان بولدى. خاقانى چىن بۇلارغا تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇدى. ئىسكەندەر بۇلارغا ھېسابسىز مال-ئالتۇن-كۈمۈش ئىنئام قىلىپ، ئۈستىدىن يەنە يۇناننى مۇكاپات قىلىپ بەردى. خاقانمۇ ھۆكۈمالارغا ھېسابسىز مال-ئەشيالارنى چاچقۇ قىلدى. ھۆكۈمالارنىڭ ھەممىسى باي بولدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە مۇيەسسەر بولغاچقا خۇشاللىقى بارغانسېرى يۇقىرى ئارتتى.

ئەمما دارانىڭ قىزى روشەگدىن، مۇلەۋنىڭ قىزى مېھرد-

نازىنىندىن تېخى كامى دىل① ھاسىل قىلمىغانىدى. ئۇ جاھان-
گىرلىك بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېتىپ، بۇ قىزلارنىڭ تويى
ھايال بولۇپ قالغانىدى. جاھاننامە ئەينەك بىلەن ئۇستۇرلابنى
كەلتۈرۈپ توققۇز پەلەكنىڭ تەلەي يۇلتۇزلىرىنى مۇلاھىزە
قىلىشقا ھۆكۈمالارنى چاقىردى ۋە ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىدى.

— ياخشى ئويلاپلا، — دېيىشتى ھۆكۈمالار، — بىر پادىشاھ
تەخت-سەلتەنەتكە ئىگە بولغانىكەن، ئۇنىڭغا ئورۇنباسار بول-
غىدەك بىر ئوغۇل لازىم. ئەگەر ئوغۇل بولمىسا، ئۇ پادىشاھنىڭ
ئۆمرى كوتاھ بولىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، توي تەييارلىقىنى قىلىڭلار، — دېدى
پادىشاھ ئىسكەندەر.

شەھەر ئىچى گويا بېھىش بولدى. شۇنداق زىننەتلەندىكى،
ئۇنى يۈز يىل تەرىپلىسىمۇ تۈگىمەس.

ئەتىياز پەسلى ئىدى، گۈلدىن بۇلبۇلنىڭ دىمىقى قىزىغان
ۋاقىتتا مەھەللە-شەھەرنىڭ ئىچى گويا بىر گۈلشەن بولدى.
ئىسكەندەر بۇ ئىككى قىزنى ئېلىش ئۈچۈن توي تەييارلىقىغا
كىرىشتى.

① كامى دىل — كۆڭۈل ئىستىكى، لەززەت.

## 11

# پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ مەلىكە روشەنگ بىلەن مەلىكە مېھرىنازنى‹تويى قىلىپ نىكاھىغا ئالغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر چىن شەھىرىدە سۆپەتلەشكە سۆز تەڭ كەلگۈسىز دەرىجىدە ھەشەمەتلىك توي ئۆتكۈزدى. ئىسكەندەرنىڭ بۇ ئىككى قىزنى ئېلىشقا كۆڭلى قىزىپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزم:

قاشلارىڭ مېھرابىنى كۆرمەكدەدۇر،
مەقسەدىم يارىمنى سۆيمەكدەدۇر.
نە قىلۇرسەن ئارزۇيى مەككەنى،
ئاشىقىمنىڭ يۈزىنى كۆرمەكدەدۇر.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ئىككى قىزنى نىكاھىغا ئېلىپ ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر شۇنى بىلدىكى، بۇ جاھاننىڭ ۋاپاسى يوق؛ پادىشاھلىقنىڭ بەقاسى ①

① باقاسى — ئەبەدىيلىكى، مەڭگۈلۈكى.

يوق؛ ئەيش ـ ئىشرەتنىڭ باھاسى يوق ئىدى. ئۇ نەچچە كۈنگىچە بۇ قىزلار بىلەن ئەيش ـ ئىشرەت قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر نەچچە كۈنگىچە روشەنىڭ بىلەن تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. روشەنىڭ ئىسكەندەرنى نازى ۋە دىلبەرانە جىلۋىسى بىلەن كىرپىك سۈزۈپ قىينايتتى.

مېھرىناز بۇنى كۆرۈپ كۆزىدىن ياش توختىمايتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بىلدىكى، مېھرىناز ھەسەتخورلۇق قىلاتتى. لېكىن زىنھار ئىزھار قىلمايتتى. ئەمما، ناتىۋان كۆڭلى بىقارارلىقتىن غەمكىن بولاتتى. پادىشاھنى تالىششقا ھەددى ئەمەس ئىدى. مېھرىناز روشەنىڭدىن ئاقىل ئىدى. ئىسكەندەر مېھرىنازنى پىنھاندا ساقلايتتى. چۈنكى دارا ۋەسىيەت قىلىپ «مېنىڭ قىزىمنى ئۆزگە پادىشاھلارنىڭ قىزى بىلەن باراۋەر كۆرمىگىن» دېگەنىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ شەرتنى قوبۇل قىلغانىدى. ۋەدىگە خىلاپ بولمىسۇن ئۈچۈن روشەنىڭنىڭ نۆۋىتىنى ئىككى كۈن، مېھرىنازنىڭ نۆۋىتىنى بىر كۈن قىلغانىدى. مېھرىناز ئىسكەندەردىن كۆڭۈل ئاغرىتىپ، ئەل ئالدىدا خىجىللىق ھېس قىلاتتى.

بىركۈنى، نۆۋەت مېھرىنازغا كەلدى، ئىسكەندەر مېھرىنازنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇنىڭ جېنىغا جېنىنى ياقتى. ئەمما، مېھرىناز يەنىلا دەردىنى ئىزھار قىلماسلىقنى قارار قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مېھرىنازغا سۆھبەت ـ بەزمە قىلىشقا يارلىق قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ھەرقانچە ناز قىلسىمۇ، مىھرىناز ئىزھار قىلمىدى. بەلكى بارغانسېرى سەرگەشتەلىك[1] قىلاتتى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئەقلى بىسەرەمجان بولۇپ. ئۆزىنىڭ مىھرىنازنىڭ ئىشقىدا ئۆرتەنگەنلىكىنى چۈشەندى.

ئىشق بابىدا پادىشاھلىق، ھۆكۈمالىق، پالۋانلىق، دانىشمەنلىك كارغا كەلمەس ئىدى،......ئۇ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى:

كىشىگە ئىشق ئەگەر ھەمراھ بولسا،
گادادۇر ئول ئەگەركىم شاھ بولسا.

پادىشاھ ئىسكەندەر مىھرىنازغا:

— نېمىگە بۇنچە ئاداۋەت تۇتارسەن؟ قانچە ئاجىزلىق قىلسام، سەن شۇنچە سەرگەشتەلىك قىلىۋاتىسەن. نېمە گۇناھ قىلغىنىمغا كۆڭلۈمنى ئاغرىتىسەن؟...— دەپ دەردىنى ئىزھار قىلدى.

مىھرىناز ئاجايىپ يېقىملىق سۆزلەرنى قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ جېنىنى ئۆرتەيتتى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، دىلبەرنىڭ روشەنگ بىلەن ئىشرەتىڭ داۋام بولسۇن، — دەپ مىھرىناز بېيىت ئوقۇدى.

نەزم:

سېنىڭ لايىقىڭدۇر دارا قىزى،
قىلۇر كۆزنى روشەن ئانىڭ ۋەرزىشى[2].

---

[1] سەرگەشتەلىك — بېشى ئايلانغانلىق، ھەيرانلىق، خۇپسەنلىك.

[2] ۋەرزىشى — ئادەت، ئادىتى، خۇلقى.

ئۆزۈم كەشمىرى ھىندى بەد① ھەيئەتى②،
مېنى خوپ بىلۇر ئەلچىدىن غەيرەتى.
ساڭا مۇنس③ ئولماقغە يوق لايىقىم،
مېنى قىلدى بەدبەخت، ئول خالىقىم④.
ئىسكەندەر ئېيتتىكى: «جان ئافەتى،
قاشىمدىن يىراق بولماغىل سائەتى.
خاس ئايىماغىل قىلمە بىدادلىق⑤،
بۇزۇق دىل سېنىڭ بىرلە ئازادەلىق».
ماڭا روشەنى قىلىپ تەئىنەلەر،
مېنى كۆزگە ئىلماي تۆكەرسەن شەكەر.
ئاڭا ئىززەت-ئىكرام ۋاجىب دۇرۇر،
ماڭا مۇنس ئولماقغە ۋاجىب دۇرۇر.
چېراكى⑥ ئانىڭكى مەقامى⑦ بەلەند،
ئېرۇر دەردمەند نازىنىن مۇستەمەند⑧.

---

① بەد — يارىماس، يېقىمسىز.
② ھەيئەت — شەكىل، سۇرەت.
③ مۇنس — ئۈلپەت.
④ خالىق — ياراتقۇچى.
⑤ بىداد — جەبىر، زۇلۇم، ئادالەتسىزلىك.
⑥ چېراكى — نېمە ئۈچۈن، نېمىشقا.
⑦ مەقام — جاي، تۇرار جاي.
⑧ مۇستەمەند — 1) غەملىك، قايغۇلۇق 2) بىچارە.

کی بەھمەن① شەھی شاھنىڭ گەۋھەری،
شەھری دۇرۇر كەيقباد② ئەختەری③.
ــ يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى، ــ دېدى مىھرىناز، ــ بۇ سۆز-
نىڭ مۇھەببەتكە دەخلىسى بار، ئىشق بابىدا پادىشاھلىقنىڭ
ئېتىبارى يوق. كۆڭۈل ئارام-راھەت تاپىدىغان نەرسە
ھۆسن-جامالدۇر. تەقۋادار، پەرھىزكارلارنىڭ قۇشلىرىنىڭ
دامى (تۇزاق) مەھبۇبىنىڭ ئۇزۇن چېچىدۇر. نەزم:
ئەگەر پادىشاھ بولسە ئول روشەك،
ئانىڭ باش ئاياغىغە قويغاي فەلەك.
ئانىڭ باشىدا بولسە بىر ياخشى تاج،
بىرىپ يەتتە ئىقلىمغە ھەر يىل خىراج.
ماڭا يەتتە ئىقلىم شەھى تاجدار،
كېلىپ دەرگاھىمغە ماڭا باش قويار.
کی جەمشىددىن يۇرسە نىسبەت تۇتۇپ،
كۆز ئىلمايىن يۇرۇر قان يۇتۇپ.
ئەزىز روشەك تەئرىغى ئەتسە خەتايى،
کی ھۆسنىدە بەرابەر ئەمەس بىزگە ئايى.

---

① بەھمەن (52 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
② كەيقباد (15 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ).
③ ئەختەرى ــ يۇلتۇز.

بەرابەر ئەمەس ھۆسنى جەمشىتگە،
جەمالىم بەرابەردۇر خۇرشىدكە①
تەنمگە ئانىڭ بارچە شەھى جان ئىرۇر،
ماڭا بارچە شاھزادە ھەيران ئىرۇر.
كۆرۈنسە ئەگەر شەھلارغە بىبەدەل،
قىلالماس مەنىڭ بىرلە شەھلار جىدەل.
ئانىڭ شەمئىغە② شەھلار فەرۋانەدۇر،
مەنىڭكى فىراقىمدا دىۋانەدۇر.
ئەگەر روشەنڭ بولسە خەلقغە ئەزىز،
سالۇرمەنكى ئالەمغە مەن رۇستەخىز③
ئانىڭ ئىشى بولسە جان ئۆرتەمەك،
مەنىڭ ۋەرزىشىمدۇر جەھان ئۆرتەمەك.
ئانىڭ غەمزەدىن④ ئوقى پەررانە⑤ دۇر،
مەنىڭ كىرفىكىم تىغۇ بەررانە⑥ دۇر.

---

① خۇرشىد — قۇياش.
② شەمئ — قوياش، چىراغ.
③ رۇستەخىز — غەۋغا، توپىلاڭ، قىيامەت.
④ غەمزە — 1) كۆز ئىشارىسى، 2) ناز بىلەن كىرپىك سۈزۈپ قاراش.
⑤ پەرۋانە — ئۇچۇش، ئۇچقان ھالدا، ئىتىلغان.
⑥ بەرران — 1) ئۆتكۈر ئۇستىگە 2) كۆكرەك، تەن، بەدەن.

خىيال ئەتسە ئاشىقنى قەتل ئىھتىمام①،
مەنىڭ تىغى ئىشقىم ئىبرۇر قەتلى ئام②.
كى بولسە ئىشى ھىيلە قىلماق ئانىڭ،
قىلالماس ئانى روشەڭ دەك مەنىڭ③
ماڭا بارچە كەشمىر ئېلى ھىيلەگىر.
كى شاگىرد ئەمەس ماڭا مىڭدىن بىر.
ئانىڭ شۆھرەتى يەتسە رۇم شەھرىگە،
يېتەر شۆھرەتىم بارچە شەھەر ئەھلىگە.
كى بىر غەمزەدە ئىشقىنى ئۆلتۈرۈر،
مەنىڭكى ئىشىم ئىشقىنى كۆيدۈرۈر.
مەنىڭ زۇلفى④ لارىم بىلەنى فۇسۇن⑤،
فۇسۇنۇم قىلۇر ئەژدەرنى زەبۇن⑥.
خىيال ئەتسە ھەر تەسلىم⑦ قاشىم ياسىنى،
ئاياغىمغە قويغاي كېلىپ باشىنى.

---

① ئىھتىمام — تىرىشىش، دىققەت قىلىش، ئەھمىيەت بېرىش.
② قەتلى ئام — قىرغىن قىلماق، ئۆلتۈرمەك.
③ دەك مەنىڭ — مېنىڭدەك.
④ زۇلفى — چاچ.
⑤ فۇسۇن — ھىيلە-مىكىر، نەيرەڭ، سېھىر.
⑥ زەبۇن — ئاجىز، كۈچسىز، يېڭىلگەن، مەغلۇپ بولغان.
⑦ تەسلىم — بويسۇنغۇچى، تەن بەرگۈچى.

ئۇياتدىن كۆرۈنمەس قاشىغە ئۇل ئاي،
چىقالماس بۇلۇتنىڭ تاشىغە بول ئاي.
تەگسە كىرفىكىم ئۇقلارىن شاھغە،
نىشانە بولۇر ئىشقىنىڭ جانىغە.
يۈزۈمدە ئېرۇر زۈلف سۈنبۈل كىچىك،
تەماشاھ قىلۇرلار ئۇلۇغۇ كىچىك.
كۆڭۈل تارتغالى ياخشى قۇللاب① ئېرۇر،
رۇخۇم② زۈلفى ئاستىن مىھرناب③ ئېرۇر.
لەبىمنىڭ تەماشاھسى جان جەۋھەرى،
قەددىم سەرۋ ئەر-ئەر④ كۆزۈم گەۋھەرى.
كى ئاغزىم سۈيى ئابى ھەيۋاندۇر⑤
ئۆلۈكنى تىرگۈزگەلى جاندۇر.
ياشىم گوييا سىپىر ئابدۇر⑥،
كۆزۈم ياشى گوييا گىردابدۇر⑦.

---

① قۇللاب — قارماق، ئىلمەك.

② رۇخۇم — چىرايىم.

③ مىھرناب — ئاپتاپتەك پارلاق، تىنىق.

④ سەرۋ ئەر-ئەر — تۈپتۈز ئۆسىدىغان، قىش-ياز كۆپكۆك. تۇرىدىغان، ھىدى يېقىملىق، خۇشقامەت بىر خىل دەرەخ.

⑤ ئابى ھەيۋان — تىرىكلىك سۈيى، ھاياتلىق سۈيى.

⑥ سىپىر ئاب — سۇغا تولغان، ئېرىققا ئايلانغان.

⑦ گىرداب — قايىنام.

جەمالىم بەشەر ئىچرە غەۋغا سالۇر،
مەلەك[1] ئىچرە ھۇسنۇم ئەلالا[2] سالۇر.

— يا پادىشاھ ئىسكەندەر، دەرتمەنلەر ئېيتۇرلاركى، «ئار-تۇقچە چىرايدىن ئازغىنە بەخت ئوبداندۇر»، بەختىم زەبۇنلۇ-قىدىن شىكايەت قىلىۋاتىمەن، — دەپ كۆڭلىدىكى دەرد-ئەلەملىرىنى ئىزھار قىلىپ، كۆڭۈل يولى بىلەن ھالىنى بىلدۇردى. مېھرىناز شۇرئەنگىز[3] سۆزلەرنى ئېيتىپ سۆزىنى توگەتتى.

مېھرىنازنىڭ ئىشقى پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئۆزگىچە تەسىر قىلدى. ئىسكەندەر دەرھال مېھرىنازنى قوچىقىغا ئالدى. شىرمۇ كىيىكنى بۇنچىلىك شىكار قىلمىغاندۇر. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇنىڭدىن كېيىن ئەيش-ئىشرەتنى قانداقمۇ قىلارمەن دەپ بىچارە بولدى. نەچچە كۈنگىچە پەردىنىڭ ئىچىدىن چىقمىدى. پەردىنىڭ ئىچىدە نېمە ئىشلار بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. «ئاشىقا دۆلەت-ئامەت مۇيەسسەر بولسا، ئاۋۋالقى ھالى قالماس ئىمىش».

---

① مەلەك — پەرىشتە.

② ئەلالا — شاۋقۇن — سۈرەن، غەۋغا.

③ شۇرئەنگىز — توپىلاڭ قوزغىغۇچى، غەۋغا سالغۇچى.

## 12

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ جاھانگىرلىك يولىدا مەغرىب زېمىنىغا لەشكەر تارتقىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر مۇنداق كېڭتۈەرسەم بولماس دەپ ئۆزىنى دۆلەت ئىشىغا باشلىدى ۋە چىقىپ تەختىدە ئولتۇردى.

ھەرقايسى مەملىكەتلەرنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا مەغرىب زېمىنى ئېلىنماي قالغانىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر لەشكەرلەرگە ئىنئاملار قىلىپ، مەغرىپ زېمىنىنى فەتھ قىلماق (ئىشغال قىلىش، ئىگىلەش) ئۈچۈن، سىپاھ-لەشكەرلەرگە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى.

لەشكەرلەر پادىشاھدىن رازى بولسا، ھەرقانداق كۆپ دۈشمەنگىمۇ تاقابىل تۇرالايدۇ. ئەگەر لەشكەرلەر پادىشاھدىن نارازى بولسا، ئاز دۈشمەنگىمۇ تاقابىل تۇرالمايدۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەر چىن مەملىكىتىنى خاقانغا تاپشۇرۇپ، خۇشلىشىپ مەغرىب زېمىنىگە قاراپ يول ئالدى. خاقانمۇ بىللە

بارماقچى بولغانىدى، پادىشاھ ئىسكەندەر خاقاننى ئەزىز-ئىك-راملار قىلىپ ياندۇردى. ھىندىستان پادىشاھى رايىغا ئىجازەت بەردى.

قىسسە: پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى «بەندىكەچ-ۋەرات»تىن ئۆتۈپ، دەريايى ئۇمان(67)دا بىرنەچچە كۈن يۈرۈپ، ئارال ئىچىدىكى خەلقنى بويسۇندۇردى. نەدە شەھەر بولسا، ئۇنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ ئۆتەتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر شۇ تەرىقىدە يۈرۈش قىلىپ مەغرىب زېمىنىغا يەتتى. مەغرىب پادىشاھى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال ئالدىغا كەلدى ۋە ھېسابسىز تۇھپە-تارتۇقلار بىلەن كۆرۈنۈش قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەرمۇ ھېسابسىز ئەزىز-ئىكراملارنى بىلدۈردى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مەغرىب زېمىنىدا نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ بىركۈنى مەغرىب كەنارە① سىنى سەيلە قىلغىلى چىقتى.

مەغرىب زېمىنىنىڭ ھېسابسىز ئاجايىپ-غارايىپلىرى بار ئىدى. بۇ ئاجايىپلاردىن بىرى شۇ ئىدىكى، بىر ھەيۋەتلىك باياۋان بار ئىدى. بۇ باياۋاندا ئىتقا ئوخشاش جانىۋارلار ياشايتتى. بەزىلىرى قورۇقتقا ئوخشايتتى. ھەربىرى گوياكى شىردەك نەرە تارتىپ ھەركىمگە ھۇجۇم قىلسا، پارە-پارە قىلىپ، ھەش-پەش دېگۈچە بىرەر تامچە قېنىنىمۇ يەرگە

---

① كەنارە — قىرغاق، چەت.

تېمىماي يەۋەتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ يەرگە بارماقچى بولغاندى، مەغرىب خەلقى:

— ئۇ تەرەپكە كىشى بارسا بولمايدۇ، — دېيىشتى. پادىشاھ ئىسكەندەر مەغرىب خەلقىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندى، مەغرىب خەلقى:

— ئۇنى تەسەۋۋۇر قىلساق ئادەمنىڭ جېنىغا قورقۇنچ چۈشىدۇ. بۇ باياۋاننىڭ نېرىسىدا يەنە بىر باياۋان بار، ئۇ يەردە بىر توپ خەلق ياشايدۇ. ئۇ خەلق خۇدايىتائالانىڭ قارا بالاسىدۇر، بەلكى جاھاننىڭ ئەجدىھاسىدۇر. بۇ ئادەملەرنىڭ بىرسى يۈز كىشىگە تەڭ كېلىدۇ. بۇ خەلقتىن ئۆتۈپ ئون كۈن يول ماڭسا، بىر تاغقا يېتىدۇ. ئۇ تاغنىڭ تۇپرىقى قىزىل ئالتۇندىن، تاشلىرى ئۈنچە-مەرۋايىت، لەئل-ياقۇتتىن؛ بۇ خەلق ئۇ گەنج (خەزىنە) تېغىدا ئەجدىھادەك يۈرۈپ، ھېچنەرسىنى ئالغىلى قويمايدۇ. بۇ خەلق ئون كۈن ئۇخلىسا، ئون كۈن ئويغاق يۈرىدۇ. كىشىلەر بۇلارنىڭ ئۇخلىغان كۈنلىرى بارسا مەنپەئەت كۆرىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ ۋەقەلەردىن خەۋەر تېپىپ، ھۆكۈمالىرىدىن بۇنىڭ تەدبىرىنى سورىدى. ھۆكۈمالار ھەيران قېلىپ شۇ مەنزىلگە چۈشتى.

## 13

# پادشاھ ئسكەندەر ۋەھشيلەر ئۈستگە لەشكەر تارتپ بېرپ، ۋەھشيلەرنى ئۆزگە تەۋە قلغنى

رۋايەتچلەرنڭ ئېيتشچە، پادشاھ ئسكەندەر بۇ جانۋارلار ئۈستگە قەدەم قويدى ۋە:

— ھەممە لەشكەر ئارنى ئۈزمەي، توپ يۈرسۈن. قۇرۇتلار قاچالماي، لەشكەرلەرنڭ ئايغى ئاستدا دەسسلپ پايمال بولدۇ. چۈنكى بۇ قۇرۇتلار شرچە بولسمۇ، بەربر قۇرۇتتۇر. بۇ جايدن ئۆتۈپ ۋەھشيلەرنى بويسۇندۇرۇشمز كېرەك، — دەپ مەسلھەت قلشتى.

لەشكەرلەر يۈرۈپ بر جايغا يەتتى. كۈن كەچ بولدى. لەشكەرلەر بۇ جايغا چۈشۈشتن قورقۇپ تۇرغاندى، پادشاھ ئسكەندەر مۇشۇ جايغا چۈشۈش توغرسدا يارلق قلدى. لەشكەرلەر بۇ جايدا قوندى. نۆۋەت بلەن ساقچى قويدى. تاڭ ئاتتى، لەشكەرلەر يەنە ئالەمگە غەۋغا سېلپ قوزغالدى. جانۋارلار بار جايغا يەتكەندە شۇنداق سۈرەن سېلشتكى،

گۇيا قىيامەت قايىم بولدى، قۇرۇتلار قېچىپ كەتتى. بۇ جاي-
دىن ئۇتۇپ ۋەھشىيلەرگە يەتتى ۋە بىر غۇلغۇلە سېلىشتاندى،
ۋەھشىيلەر خەۋەر تېپىپ، سەپ راسلىدى. ۋەھشىيلەرنىڭ كۈچ-
قۇۋۋىتى پىلچە بار ئىدى. قىياپەتلىرى ئەھرەمەن① سۈرىتىدە
ئىدى: كۆزلىرى چېقىر، يۈزلىرى قارا، ساقاللى سېرىق، ماڭلى-
يىدا بىر كۆزى بار (يەكچەشمە)؛ كىيگەن كىيىملىرى قۇلان
كىيىكنىڭ تېرىسىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ قوراللىرى ئۇزۇن،
يالتىراق قېلىچ بولۇپ، ئۇچىغا تۆمۈردىن ئىلمەك بېكىتىلگە-
نىدى. رەقىبلىرىنى جەڭ مەيدانىدا مۇشۇ ئىلمەك بىلەن يېقى-
تاتتى. ۋەھشىيلەر ھەيۋەت بىلەن سەپ تۈزۈپ تۇردى. سانى
مىڭدىن كۆپرەك ئىدى. ئاردىن بىرى مەيدانغا كىرىپ جەڭ
ئىلان قىلىپ پالۋان سورىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر تەرەپتىن رەئند ئاتلىق بىر پالۋان
مەيدانغا كىرىپ ۋەھشىيگە روبىرو بولدى. رەئندنىڭ قەددى-
قامىتى ۋەھشىيچە بار ئىدى. ئۇ پادىشاھ ئىسكەندەر ئالدىدا،
بىرنەچچە قېتىم جەڭگە كىرگەنىدى. ئۇنىڭغا روبىرو بولغان
كىشى تىرىك قۇتۇلالمايتتى. بۇ پالۋان ۋەھشىي بىلەن بىر-
نەچچە قەپەس ئېلىشتى. ۋەھشىي ئاخىر قېلىچىنىڭ ئىلمىكى بىلەن
ئىلىپ رەئندنى يىقىتتى، قوللىرىنى باغلاپ ئېلىپ چىقىپ بەندكە
تارتتى.

---

① ئەھرەمەن — ئەڭ دەھشەتلىك دىۋە.

ئىسكەندەر تەرىپىدىن قىران زېمىندىن كەلگەن قەنقە ئات-لىق بىر پالۋان مەيدانغا كىرىپ ۋەھشىيگە روبىرو بولدى. بۇلار شۇنداق تۇتۇشتىكى، سۇپەتلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدۇ. ۋەھشىي ئاقىۋەت بۇ پالۋاننىمۇ ئىلمەك بىلەن يىقىتىپ بەندكە تارتتى. ھەرقانچە زور پالۋان مەيدانغا كىرسە، بۇ ۋەھشىي بەندكە تارتاتتى.

قىسسە: بۇ ۋەھشىي شۇ تەرىقىدە نامدار ئون ئۈچ پالۋاننى بەندكە تارتتى. يەنە مەيدانغا كىرىپ پالۋان تىلىدى. پۈتۈن لەشكەر ھەيران قالدى. ھېچ كىشى مەيدانغا كىرىشكە پېتىنالمايتتى.

پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىدە قورقۇنچ پەيدا بولدى. ئەمما، ئۆزىنى زورغا بېسىپ خۇش ۋاقىت تۇتاتتى. كىشىنى زورلاپ مەيدانغا كىرگۈزۈشكە بولمايتتى. ۋەھشىي بولسا، مەيداندا تۇرۇۋېلىپ يامان سۆزلەرنى ئېيتاتتى.

پادشاھ ئىسكەندەر كۆڭلىدە «ۋەھشىيلەرنىڭ بىرى شۇنچە قىلىدۇ، ئەگەر ھەممىسى ئات سالسا، قانداق قىلارمىز؟» دېگەن ئەندىشىدە ئىدى. ۋەھشىينىڭ بولسا، ۋارقىراپ-جارقىراشلىرى پەس بولمىدى.

شۇ ئەسنادا ئىسكەندەر تەرىپىدىن نىقاپلانغان بىر پالۋان مەيدانغا كىردى، ئۇ باشتىن ئاياغ كۆك تۆمۈر كىيگەنىدى. قولغا كەمەند ئېلىپ ۋەھشىيگە روبىرو بولدى. سىپايىگەرچىلىك ھۈنىرىنى بەجا كەلتۈردى ۋە پادشاھ ئىسكەندەرگە قاراپ

تازىم قىلىپ، جەڭگە قەدەم قويىدى.

بۇ نىقاپدارنى ئىسكەندەر تونىمىدى. لەشكەرلەر «بۇمۇ بىرىپ ۋەھشىيگە ئەسىر بولارمىكىن» دەپ ھېسابسىز ئەپسۇسلىناتتى.

بۇ نىقاپدار ۋەھشىينىڭ ئىلمىكىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، شۇنداق تېگىش قىلدىكى ۋەھشىيگە قورقۇنچ چۈشتى. ئاخىر نىقابدار ۋەھشىينىڭ بويىنىغا كەمەند سېلىپ، سۆرەپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ نىقابدارنىڭ يۈز ـ كۆزى توپىغا مىلەنگەنىدى. بۇ پالۋان كېلىپ ئىسكەندەرگە تازىم بەجا كەلتۈردى. ئىسكەندەر كۆڭلىدە شۇنداق خۇشال بولدىكى، تېرىسىگە پاتماي قالدى. يېنىپ بارگاھىغا چۈشتى ۋە لەشكەرگاھنىڭ چۆرىسىگە خەندەك قازدۇردى. كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، بارگاھىدا ئولتۇرۇپ نىقابدارنى ئېلىپ كېلىشكە يارلىق قىلدى. ياساۋۇللار نىقاپدارنى ئېلىپ كىردى. نىقاپدار پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىنى قۇچاقلىدى. ئىسكەندەر نىقاپدارنىڭ بېشىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈش چاچقۇزدى. پادىشاھ ئىسكەندەر:

— ئەي نىقاپدار، ئۆزۈڭنى ئاشكارا قىلغىن! — دېدى.

نىقاپدار يۈزىدىن نىقاپنى ئالدى. نىقابنى ئېلىش بىلەن، بۇلۇت ئىككى ياققا بۆلۈنۈپ، كۈن چىققاندەك بولدى. قارىغۇدەك بولسا، بۇ نىقابدار باشقا بىرسى ئەمەس، خاقان ئىسكەندەرگە تۇھپە قىلىپ بەرگەن چىن كېنىزىكى ئىكەن.

خاقان بۇ كېنىزەكنى ھېسابسىز تەرىپ قىلغانىدى. ئەمما،

پادشاھ ئىسكەندەر ئۇنىڭ سۆزىگە چىن پۈتمىگەنىدى. بىراق بۇ قىز «بىرەر يەردە جەڭ بولسا، جىنىمنى پادىشاھ ئىسكەندەرگە پىدا قىلاي، بىلگەن ھۈنىرىمنى ئاشكارا قىلاي» دەپ پەيت كۈتۈپ يۈرەتتى. بۈگۈن دەل دۆلەتكە دوستلۇق يەتكۈزۈش پەيتى يەتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ جەڭگە كىرىپ دۈشمەننى ئەسىر قىلدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر قىزنى نىقابىنى يۈزىگە يېپىپ ئىچكىرى كىرىپ كېتىشكە بۇيرۇپ، ۋەھشىينىڭ بارلىق ئەزاسىغا بەند سېلىپ بۇ ياققا ئېلىپ كىرىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. ۋەھشىينىڭ ھەممە ئەزاسى باغلاقلىق تۇرۇپمۇ، ھېچكىم قورقۇپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەيتتى.

قىسسە: پادىشاھ ئىسكەندەر ۋەھشىينى بەندتىن خالاس قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلىپ، بوشتىپ تەختىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ۋە تاماقلاندۇرۇپ ئاندىن سۆز سورىدى. ساقىلار شاراب تۇتتى. بۇ ئىلتىپاتلارنى كۆرۈپ، ۋەھشىينىڭ كۆڭلى جۇش ئۇرۇپ ئىسكەندەرگە شاراب تۇتتى. سۆيۈنۈپ بېشى ئاسمانغا يەتتى. خۇش كەيىپ بولۇپ پادىشاھ ئىسكەندەرگە باش ئۇردى. ئۇ يەر ئۆپۈپ سۆزگە كىرىپ:

— ئەي پادشاھى ئالەم، مەن بىر ۋەھشىي باياۋاندۇرمەن. جەددى-ئەۋلادىم ۋەھشىي ئۆتكەن، ساڭا لايىق دۇئا قىلاي دېسەم تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ، لېكىن بىر سۆزۈم بار ئېيتاي، مەن ۋەھشىيلەرنىڭ پادىشاھىدۇرمەن. خەلقىمنى قوغداش

مېنىڭ بۇرچۇم ئىدى. شۇڭا سېنىڭ لەشكەرىڭنىڭ تولىلىقىنى كۆرۈپ ئۆزۈم جەڭگە كىردىم. قىلغان ئىشلىرىمنى كۆرگەنسەن، ئەمدى سېنىڭ دەرگاھىڭدا قۇل بولدۇم. شەرمەندىلىكىمنى ئەپۇ قىلىپ، سىياسەت قىلىچىنى سالمىدىڭ. ئىجازەت بەرسەڭ، يۇرتۇمغا بېرىپ، خەلقىمنى ئېلىپ خىزمىتىڭگە كېلەي. ئۇلار ھازىر مېنىڭ ئۈچۈن ماتەمداردۇر، — دېدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ۋەھشىيگە رۇخسەت بەردى. ۋەھشىي ئىسكەندەرگە تازىم قىلىپ يولغا راۋان بولدى. بۇنى كۆرۈپ ھۆكۈمالار تەئەججۈپ ئىچىدە قالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بولسا، قىلچە پەرۋا قىلمايتتى.

نەچچە سائەت ئۆتۈپ، قىيا-چىيا پەيدا بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر قارىغۇدەك بولسا، ۋەھشىيلەر ۋە ۋەھشىيلەر پادىشاھى بەندىكە چۈشكەن پالۋانلارنى ئېلىپ كېلىۋېتىپتۇ، ئۇلار كېلىپ پادىشاھ ئىسكەندەرگە تارتۇق تارتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر باشلىق ھەممەيلەن خۇش ۋاقىت بولدى. ۋەھشىيگە ئىلتىپاتلار قىلىپ كۆڭلىنى ئالدى. جەڭ كۈنى بەندىكە چۈشكەن پالۋانلار پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ مەجلىسىدە ھازىر بولۇپ، بىر-بىرىگە تولا ئىلتىپاتلار قىلىشتى ھەم مەي ئىچىپ ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولۇشتى.

## 14

# پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ قىران مەملىكىتىدە يەئجۇج-مەئجۇجنىڭ چىقىدىغان يېرىگە سەد[1] باغلىغىنى

پادىشاھ ئىسكەندەر ۋەھشىيلەرنى بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، باياۋاندىكى قۇرۇت-جانۋارلارنى ئات سېلىپ تىرىپىرەن قىلىشنى مەسلىھەت قىلىپ تۇراتتى، ۋەھشىيلەر ئىسكەندەرگە:
— ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ قۇرۇتلار بولمىسا، بىز بۇ يەردە ئامان بولالمايمىز، بۇ قۇرۇتلار ئۇن كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدۇ؛ ئۇن كېچە-كۈندۈز ئويغاق يۈرۈيدۇ، — دەپ ئەرز قىلىپ بۇ قۇرۇتلارنى ئۆلتۈرۈشنى مەنئى قىلدى ۋە بۇ جايدىن نېرىراقتا ئىككى تاغ بارلىقىنى، بىرىنىڭ ئالتۇندىن، بىرىنىڭ كۈمۈشتىن ئىكەنلىكىنى بايان قىلغانىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ تاغلارنى كۆرۈشنى ھەۋەس قىلدى، ئەمما ۋەھشىيلەر دۇئا قىلىپ:

---

[1] سەد — توساق، تام، سېپىل.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۇ تەرەپكە بارمىسىلا، بۇ يەردىن
ئۇ تاغقىچە ئۈچ كۆنلۈك يول دۇر. بىز مۇ كۆرگەن ئەمەس. بۇ
ئۈچ كۆنلۈك يولدا خەتەرلەر تولا: يەتتە كۆنلۈك يەرگىچە سۇ
يوق، گىياسى زەھەردۇر. ئىسسىق شامىلى بار، ئادەمنى كۆي-
دۈرىدۇ. يەنە ئۈچ كۆنلۈك يەردە يىلان بار، يىلانلارنىڭ
ھەددى-ھېسابى يوق. ھەربىرى گويا كى ئەجدىھادۇر. بۇ
بالادىن ئۆتكىلى بولمايدۇ، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ئۇ جايغا بېرىشنى
نىيەت قىلدى ۋە بىرنەچچە ۋەھشىينى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ،
ۋۇچۇپ شىمال تەرەپكە — رۇمغا قاراپ ماڭدى.

مەنزىللەردىن ئېشىپ ئۇزۇن، فەرەڭدىن ئۆتتى. بىر جايغا
يەتكەندە، بىر توپ كىشى كېلىپ پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئەرز
قىلىپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، باشقا بارلىق مەملىكەتنى
ئاۋات قىلدىلا، ئەمما بىزنىڭ يۇرتىمىز خارابتۇر، — دېيىشتى.
ھەزرىتى ئىسكەندەر:

— نېمە ئۈچۈن خارابتۇر، — دەپ سورىغاندا خەلق:

— بۇ يۇرت بىلەن قىران زېمىننىڭ ئارىلىقىدا بىر تاغ
بار، تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قاراڭغۇلۇق بار، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا
يەئجۇج ۋە مەئجۇجنىڭ ماكانى باردۇر. ئۇلار يۈز مىڭ بالايىئا-
پەتتۇر. ئۇلارنىڭ جاپاسىغا چىدالماي، ۋەتىنىمىزدىن ئايرىلىشقا
مەجبۇر بولدۇق، ئۇلار تەگرىنىڭ قەھرى-غەزىپىدىن پەيدا

بولغانىكەن. ئۇلارنىڭ ياۋۇزلۇقىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تولىلىقىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق. چاچلىرى بەدەنلىرىنى يېپىپ تۇرىدۇ. چېچى گويا تىكەنگە ئوخشايدۇ. قەددى-قامىتى يۈز قېرى (ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم نامى)، ئىككى قۇلىقى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. تىرنىقى دېۋىنىڭ تىرنىقىدەك؛ يۈزى سېرىق، تۈكلىرى قىزىل، كۆزلىرى مايمۇننىڭ كۆزىدەك؛ بۇرنىنى تىلى بىلەن پاكىزلايدۇ. ئاغزىدىن تۈڭگۈزغا ئوخشاش چىشلىرى چىقىپ تۇرىدۇ. ھەر يەرنى قازسا، ئۇ يەردىن قىيامەتكىچە گىيا ئۈنمەيدۇ. خا ئەركەك، خا چىشى بولسۇن، ئەمچەكلىرى توپرادەك، ئارىدىكى تاغنىڭ يورۇقى ئۇلارنىڭ يولىدۇر. ھەر يىلدا ئىككى مەرتىۋە چىقىپ بىزلەرنى تالان-تاراج قىلىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ كېلەر ۋاقتىنى چاغلاپ ئۆي-ۋاقلىرىمىزنى تاشلاپ قاچىمىز. ئۇلار كېلىپ شەھىرىمىزنى بۇزۇپ، ئاد، بولسا ئۇنى تالىشىپ يەپ، يىلقا-ماللىرىمىزنى ھەيدەپ كېتىدۇ. بىزگە ھېچقانداق يېگۈلۈك قالمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— ئۇلارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىنى قانداق بىلىسىزلەر؟ — دەپ سورىدى ھەزرىتى ئىسكەندەر.

— يەئجۇج قەۋمى بۇ ياققا قاراپ تەۋرىسە، ئاسماننى چاڭ-توزان قاپلايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىشتى خەلق، — بىز شۇنىڭدىن بىلىپ قاچىمىز.

پادشاھ ئىسكەندەر بۇنىڭغا ئىلاج قىلماقنى ھەۋەس قىلدى ۋە:

ــ بىرەر مەھكەم يەرنى تېپىڭلار، شۇ يەرگە چۈشەيلى، ــ دېدى.

ــ ئەي پادىشاھى ئالەم، ــ دېدى خەلق چۇقۇرۇشۇپ، ــ ئۇلارنى خەلققە ئوخشاتمىسلا، ئۇلار چىقسا، بۇ جايدا تۇرغىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىرسى چىقسا، مىڭ كىشىگە تەڭ كېلىدۇ.

ــ سىلەر غەم يېمەڭلار، ــ دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر، ــ بىزنىڭ يېنىمىزدىمۇ تۇرماڭلار، ھېچنېمە قويماي توشۇپ كېتىڭلار، مەن تەگرىگە تەۋەككۇل قىلىپ، يەئجۇج قەۋمىگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئامالىنى قىلاي.

قىسسە: پادىشاھ ئىسكەندەر چوڭقۇر خەندەك قازدۇردى. ھەر تەرەپكە كىشى ئەۋەتتى. ئۇرۇس، فەرەڭ، شام تەرەپتە تۆمۈرچى، كانچىلار بار ئىدى. ئۇلارنى يىغدى. قوغۇشۇن، تۆمۈر، چويۇن قاتارلىقلارنى تۆگىلەرگە يۈكلەپ ئېلىپ كەلدى. تاغلاردىن تاشلار توشۇلدى. سېپىل سوقىدىغان ئەسۋابلار تەييار قىلىنىپ تۇرغانىدى، بىناگاھ① ئاسماننى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، چاڭ-توزان ئارىسىدىن يەئجۇج ئادەمخورلار چىقىپ كېلىشكە باشلىدى. پۈتكۈل خەلق يىغلىغا، نەرسە-كېرەكلىرىنى ئېلىپ خەندەك ئىچىگە قېچىپ كىردى. خەندەك سىرتىدا يەيدىغان ھېچنەرسە قالدۇرمىدى. خەندەكنىڭ تېشىغا نامدار بەش يۈز پالۋاننى بۆكتۈرمە قىلىپ قويدى. بۇ بەش يۈز كىشى

---

① بىناگاھ ــ ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، بىردىنلا.

ئارىسىدا ۋەھشىيلەردىن ئۇنى بار ئىدى. ئۇلار قۇمۇشلۇقتىكى ئىرەكتەك ھەيۋە كۆرسىتىپ تۇراتتى.

خەندەك ئىچىدىكى خەلق يولنى مەھكەم بېكىتتى. شۇ ھالەتتە يەئجوج قەۋمى مور-مەلەختەك يېتىپ كەلدى. پۈتكۈل سەھراغا لىق تولدى. بەش يۈز پالۋان سوقۇشۇپ، يەئجوج قەۋمىدىكىلەرنىڭ تولاراقىنى ئۆلتۈردى. يەئجوج قەۋمى پالۋان-لارنى كۆرۈپ «ئەجەپ كۆپ ۋە زور ئىكەن» دەپ شۇنداق چۇقان-سۈرەن سالدىكى، گويا قىيامەت قايىم بولدى. يەئجوج قەۋمى ھەر تەرەپتىن يوگۇرۇشۇپ كېلىپ، ئۆزىنى پالۋانلارغا ئۇراتتى. ئوق-قىلىچتىن يانمايتتى، ئۆلگىنىگە پەسەنت قىل-مايتتى. بىرىنى ئۆلتۈرسە، ئونى بېسىپ كېلەتتى. بىرمۇنچە پالۋاننى ئۆلتۈرۈپ تالىشىپ يەپ كەتتى. بىر قىسىم پالۋانلار قېچىپ ئۆزلىرىنى خەندەككە ئېلىپ، جېنىنى قۇتۇلدۇردى. يەئجوج قەۋمى ھەر تەرەپكە كېلىپ، ئىتتەك ھۇۋلىشىپ غەۋغا سالاتتى.

ئۆلگەن پالۋانلارنىڭ بالا-ۋاقىسى كېلىپ ھەزرىتى ئىسكەن-دەرگە ئەرز ئېيتىپ ھازا تۇتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ يەردە تۇرغىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلدى، پايدا بەرمىدى. قاچقىلى ئىمكانى، جەڭ قىلغىلى يۈرەكلىرى قالماي، ھەيران بولدى-ۋە:

— بىرنەچچە كۈن سەۋر قىلايلى، يەئجوج قەۋمى يېگىلى ھېچ نەرسە تاپالماي، ئۆز ماكانلىرىغا قايتىشى مۇمكىن. شۇ

ۋاقىتتا ئىشقا تۇتۇش قىلايلى، — دېدى.
بۇ سۆز بىلەن لەشكەرلەر شاد-خۇرام بولدى. دېگەندەك يەئجۇج قەۋمى بىرنەچچە كۈن يۈرۈپ، يېگىلى ھېچنېمە تاپالماي ئۆز ماكانىغا يېنىپ كەتتى.
پادىشاھ ئىسكەندەر تاغنىڭ ئاغزىغا كېلىپ كۆردىكى، تاغ ئارىلىقىنىڭ بەزى يېرى كەڭ، بەزى يېرى تار ئىكەن. تار يېرىگە تاناپ تۇتۇپ بېقىۋىدى، مىڭ قېرى كەلدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ھۆكۈمالار بىلەن ياخشى سائەتنى بەلگىلەپ، تاشلارنى تاغنىڭ ئىچىگە توشۇشقا يارلىق قىلدى.
تاغ ئارىلىقىنى تاش بىلەن توشقۇزۇپ تۆپىسىگە مىس، قوغۇشۇن، قەلەي، تۆمۈرنى تىزىپ جايى-جايىغا قويۇپ، ئۇنى كۆمۈرگە ئوت قالاپ ئېرىتىپ، بۇ قېتىشمىلاردىن بىر توسما قوپاردى. قوپۇرۇلغان توسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى مىڭ قېرى، توغرىسى بەش يۈز قېرى، ئېگىزلىكى بەش يۈز قېرى، قېلىنلىقى بەش يۈز قېرى ئىدى. تاشلار بىر-بىرىگە شۇ قەدەر جىپسىلاشتۇرۇلغانكى، قىل سىغقىدەك ئارىلىق كۆرۈنمەيتتى. يۈز مىڭ ئۇستا شۇ تەرىقىدە چاناچلارغا ئوت يېقىپ، كۆرۈك بېسىپ مىس، قەلەي، قوغۇشۇن، تۆمۈرلەرنى ئېرىتىپ، تاشقا ئارىلاشتۇرۇپ ئالتە ئاي ئىشلەپ «ئىسكەندەر سېپىلى»نى تەييار قىلدى. سېپىل ئۇستىگە چىقىدىغانغا يەنە ئىككى شوتا ياسىدى. سېپىل تۆپىسىگە قاراۋۇللۇق ئۈچۈن تۆمۈردىن ئىككى مۇنار ياسىدى. ناۋادا بۇ ئادەمخورلار تاغقا چىقىشقا قەست قىلسا، ئۇستىدىن تاش

ياغدۇرۇش ئۈچۈن تاغنىڭ تۆپىسىگە يەنە نۇرغۇن تاش چىقىرىپ قويىدى.

قىسسە: «ئىسكەندەر سېپىلى» پۈتتى. ھەزرىتى ئىسكەندەر شاد-خۇرام بولۇپ، شۈكرى ئېيتىپ تۇراتتى. شۇ ھالدا يەئجۇج قەۋمى پەيدا بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر تاماشا قىلغىلى سېپىل تۆپىسىگە چىقتى. ئۇلار ئىلگىرىكىدىن كۆپ كەلگەنىدى. ئۇلار ئۆزىنى سېپىل تاملىرىغا ئۇرۇشقا باشلىدى. چىش-تىرناقلىرى پۈچۈلۈپ، قانغا بويالدى. بۇ چاغدا لەشكەرلەر تۆپىدىن تاش ياغدۇردى. ھەربىر تاش بىرىنىڭ بېشىنى ياردى. گويا ئاسماندىن تاش ياغقاندەك بولدى. يەئجۇج قەۋمى نەچچە مەرتىۋە شۇ تەرىقىدە ھۇجۇم قىلىپ، ئاخىر بولالماي يېنىپ كەتتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇ تەرەپكە كەلمىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئەقىل-پاراستى بىلەن بۇ ئادەمخورلارنىڭ يولىنى توسۇپ، خاتىرجەم بولۇپ، ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى.

## 15

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ «ئابىھايات» ئىزدەپ زۇلماتقا[1] كىرگىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بىر پەرىشتە دوستى بار ئىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ پەرىشتىگە:

— ئەي دوستۇم، ماڭا پەرىشتىلەرنىڭ ئىبادەت ئۇسۇلىنى بايان قىلغىن، — دېدى.

— ئەي دوستۇم، — دېدى پەرىشتە يىغلاپ، — رويى زېمىندىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىلغان ئىبادىتى بىر پەرىشتىنىڭ ئىبادىتىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

— مەن ئەگەر ئۆلمەيدىغان بولسام، — دېدى ئىسكەندەر، — خۇددى پەرىشتىلەردەك تا قىيامەتكىچە خۇدايتائالاغا ئىبادەت قىلغان بولاتتىم.

— ئاسماندا تۇرۇپ ئاڭلىشىمچە يەر يۈزىدە بىر بۇلاق بار ئىمىش. ئۇنى ئەينۇل ھايات[2] دەر ئىمىش.

---

[1] زۇلمات — قاراڭغۇلۇق (شىمالى مۇز ئوكيان كۆزدە تۇتۇلغان).

[2] ئەينۇل ھايات — ھايات بۇلىقى، ھايات سۈيى.

— ئۇ بۇلاق قەيەردە؟
بۇنى پەرىشتىمۇ بىلمەيتتى، شۇڭا ئۇ:
— شۇنداق دەپلا ئاڭلىۋىدىم. لېكىن قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن، بۇ خەۋەر مەشھۇردۇر. كوھىقاپنىڭ قارشى تەرىپىدە بىر قاراڭغۇلۇق بار ئىمىش، شۇ يەردە بولسا كېرەك، — دېدى.
پادىشاھ ئىسكەندەر رويى زېمىندىكى ئۇلۇما، ھۆكۇمالارنى يىغىپ مەسلىھەت سورىدى. ئەمما ھېچقايىسى بىلمىدى ۋە تەھقىق قىلالمىدى.
بىر كىشى بار ئىدى. ئىسمىنى «ئەفجەن» دەپ ئاتايتتى. ئۇ كىشى:
— مەن بىر كىتابتىن، ئۇ بۇلاقنىڭ مەشرىق تەرەپتە — زۇلماتتا ئىسكەندەرلىكىنى كۆرگەنىدىم، — دېدى. پادىشاھ ئىسكەندەر:
— ئۇنداق بولسا، مەشرىق تەرەپكە بارايلى، — دەپ بۇ يەردىن كۆچۈپ، مەشرىققا قاراپ يول ئالدى.
لەشكەر ھېسابسىز تولا ئىدى. شۇڭا مىڭغىچە ئىلگىرى بۇلاردىن يىگىرمە مىڭ كىشىنى تاللىدى. ئاردا بىر يىگىتنىڭ يۈز توقسان ياشقا كىرگەن ئاتىسى بار ئىدى. بۇ يىگىت ئاتىسىدىن ئايرىلىشقا تاقەت قىلالماي، ئاتىسىنى ئەلدىن يوشۇرۇن ساندۇققا سولاپ بىللە ئېلىپ يۈردى. ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلماتقا ئون ئىككى يىلدا يەتتى. ئۇلار زۇلماتنىڭ ئېغىزىغا چۈشۈپ مەسلىھەت قىلدى. ئىسكەندەر:

— بۇ زۇلماتقا كىرسەڭلار، چىققاندا پۇشايمان قىلىسىلەر، كىرمىسەڭلارمۇ پۇشايمان قىلىسىلەر، — دېدى. ھۆكۈمالارنىڭ ھەربىرى بىردىن تەدبىر ئېيتتى، ئەمما پادىشاھ ئىسكەندەر مۇۋاپىق كۆرمىدى. ھېچبىر كىشى مۇۋاپىق چارە ئېيتالمىدى. بۇ چاغدا ھېلىقى يىگىت ئاتىسىدىن بۇنىڭ تەدبىرىنى سورىغان، ئاتىسى:

— يېڭى قۇلۇنلىغان بايتالنىڭ قۇلۇنىنى ئايرىپ قويۇپ، ئانىسىنى مىنىپ كىرسە شۇ تېپىپ چىقالايدۇ، — دېدى.

يىگىت پادىشاھ ئىسكەندەرگە بۇ تەدبىرنى بايان قىلغاندى، پادىشاھ ئىسكەندەر تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇدى. يىگىرمە مىڭ بايتالنى قۇلۇنىدىن ئايرىپ، يىگىرمە مىڭ كىشى مىنىپ زۇلماتقا كىردى، بۇلارغا ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەمراھ بولدى. ھۆكۈمالار:

— مۇبادا بۇ زۇلماتتا يولنى يوقىتىپ قويساق قانداق قىلارمىز؟ — دېيىشكەندە، ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۇلارغا بىر گۆھەر بەردى ۋە:

— يولنى يوقىتىپ قويساڭلار، بۇ گۆھەرنىڭ يورۇقىدا يول تېپىپ مېڭىڭلار، — دېدى.

ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام يول باشلاپ ماڭدى. بۇلار خېلى يوللارنى بېسىپ كۆڭۈللىرىدە: «بۇلاقىا يەتتۇقمىكىن» دەپ تۇراتتى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— سىزلەر مۇشۇ جايدا تۇرۇپ تۇرۇڭلار. مەن ئاۋۋال

قاراپ بېقىپ چىقاي، — دەپ بىر فەرسەڭ① يول يۈرۈپ، بىر بۇلاقنى كۆردى: سۈيى سۈتتىن ئاق، ھەسەلدىن تاتلىقراق، مۇزدىن سوغۇقراق ئىدى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام شۇ ئان بۇلاققا كىرىپ سۈيىنى ئىچىپ، غۇسلى تاھارەت قىلىپ لەشكەر-لەرنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى ئىسكەندەر لەشكەرلەرگە:

— مېنى ئون ئىككى يىلغىچە كۈتۈڭلار، ئون ئىككى يىلدا كەلمىسەم، ۋەتىنىڭلارغا قايتىڭلار، — دەپ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپ بىر جايغا يەتكەندە، ئاپتاپتەك بىر نۇر كۆرۈنۈش بىلەن تەڭ بىر ساراي نامايان بولدى.

خۇدايىتائالا ئىسكەندەرگە قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى. ئىسكەن-دەر سارايغا كىردى. قارىسا، قالغاچ سۈرەتلىك بىر قۇش بىر تۈمۈرگە تۇمشۇقىدىن ئېسىپ قويۇلغانىدى. قۇش ئىسكەندەرنى كۆرۈپ سۆزگە كىردى ۋە:

— ئەي ئىسكەندەر، يورۇق جاھاننى ئالدىڭ، تويمىدىڭ، ئەمدى زۇلماتقا قەدەم قويدۇڭمۇ؟ — دېدى قۇش، — ئەي ئىسكەندەر، ئادەملەر ئاشكارا ھاراق ئىچەلەمدۇ؟

— ئىچىدۇ.

قۇش بىر سىلكىندى. سارايىنىڭ ئۈچ ھەسسىنىڭ بىر

① فەرسەڭ — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى (بىر فەرسەڭ تەخمىنەن ئالتە كىلومېتىردىن ئارتۇقراق كېلىدۇ).

ھەسسگە تولدى. قۇش يەنە سورىدى:
— ئەي ئىسكەندەر، ئادەملەر يالغان گۇۋاھلىق بېرەلەمدۇ؟
— بېرىدۇ.
قۇش يەنە بىر سىلكىندى، سارايىنىڭ ئىككى ھەسسىگە لىق تولدى.
— ئەي ئىسكەندەر، ئادەملەر زىنا قىلامدۇ؟
— زىنا قىلىدۇ. — قۇش يەنە سىلكىندى، سارايغا لىق كەلدى.
شۇ ھالدا غايىبتىن ئاۋاز كەلدى:
— ئەي ئىسكەندەر، قورقمىغىن، ئۇ شەيتاندۇر!
قۇش يەنە سورىدى:
— ئەي ئىسكەندەر، ئادەملەر كەلىمەئى شەھادەت ئوقۇمدۇ؟
— ئوقۇيدۇ.
قۇش يەنە سىلكىندى، بىر ھەسسە كىچىك بولدى.
— ئەي ئىسكەندەر، ئادەملە ناماز ئۆتەمدۇ؟
— ناماز ئۆتەيدۇ.
قۇش يەنە سىلكىندى، بىر ھەسسە كىچىك بولدى.
— ئەي ئىسكەندەر، ئادەملەر غۇسلى جەنابەت① قىلامدۇ؟
— قىلىدۇ.
قۇش يەنە بىر سىلكىندى، ئىلگىرىكى ئەسلىگە كەلدى.

① غۇسلى جەنابەت — جۇنۇپ بولغاندا غۇسلى قىلماق.

قۇش ئېيتتى:

— بۇ يەردىن نېرى بارغىن!

ئىسكەندەر بىرمۇنچە يول يۈرگەندى، بىر سۈرەت كۆرۈندى. بويى ئاسمانغا تاقىشىپ تۇراتتى. ئۇ سۈرەتتىن:

— ئەي ئىسكەندەر، يورۇق جاھاننى ئالدىڭ، تويماي زۇلماتقا قەدەم قويدۇڭمۇ؟ — دېگەن ئاۋاز كەلدى.

— سەن كىم؟ — دەپ سورىدى ئىسكەندەر.

— مەن ئىسرافىلدۇرمەن، — دەپ جاۋاب بەردى سۈرەت ۋە ئىسكەندەرگە قوش مۇشتچىلىك بىر تاش بەردى: «بۇ تاشتىن ساڭا ئەلەملەر يەتكۈسىدۇر» — دەپ ئىسكەندەرنى يولغا سالدى. پادشاھ ئىسكەندەر يېنىپ لەشكەرلىرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، بۇ تاشنى تارازىغا سالغانىدى، ئىسرافىل بەرگەن تاش ھەممە نەرسىدىن ئېغىر كەلدى. ئاخىر ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە توپا سالغانىدى، توپا ئېغىر كەلدى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ئەي ئىسكەندەر، بۇ تاش ساڭا پەند-نەسىھەتتۇر، جاھاننى ئالدىڭ، تويمىدىڭ، ئەمما تۇپراققا كىرگەندە تويارسەن، — دېدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ يىغلىدى ۋە: «بۇ مېنىڭ ھەسبى ھالىم»① دەپ جاھانگىرلىك يولىدىن

---

① ھەسبى ھال — تۇرمۇش، كۆڭ كەچۈرۈش دەرىجىسى.

قولىنى يىغدى.

قاراڭغۇلۇقتا ئۇششاق تاش بار ئىدى. ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە: «بۇ تاشلاردىن ئېلىڭلار!» دەپ يارلىق قىلدى. بەزىلىرى ئالدى، بەزىلىرى ئالمىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن:

— بۇلاقنى تاپتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— تاپتىم، سىزگە خەۋەر قىلغىلى كەلدىم، — دېدى.

ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئىسكەندەرنى باشلاپ ماڭدى. لېكىن ھەرقانچە ئىزدەپمۇ بۇلاقنى تاپالمىدى. ئۇلار بۇلاقنى ئىزدەپ يۈرۈپ زۇلماتتىن يورۇق جاھانغا چىقىپ كەتتى. قارىسا ھېلىقى تاشلارنىڭ ھەممىسى ئالماس ئىكەن. ئالمىغانلار «نېمە سەۋەبتىن ئالمىغاندىمىز؟» دېسە، ئالغانلار «نېمىشقا كۆپرەك ئالمىدۇق» دەپ پۇشايمان قىلىشاتتى.

ئىسكەندەر بارلىق لەشكىرىنى يىغدى. «ئابى ھايات»نى ئىزدەپ تاپالمىغانلىقىغا ھەيران بولدى. يەنە ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. ھۆكۈمالار ھەر تەرەپتىن داستانلارنى يېزىپ پۈتكۈزدى. ئارىدىن ياشانغان بىر كىشى:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆلۈمدىن نىجات تاپاي دەپ ئابى ھايات ئىزدەپ تاپالمىدىلا. ئەگەر ئۆلۈمدىن قۇتۇلاي دېسىلە، بىزنىڭ دىيارىمىزدا بىر شەھەر بار. ئۇ شەھەرگە بارغان كىشى ئۆلمەيدۇ. ئۇ شەھەردە بىر ئېگىز تاغ بار.

ھەر دائىم ئۇ تاغدىن: «ئەي پالانى، بۇ يان كەلگىن!» دەپ، بىر كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرغان ئاۋاز كېلىدۇ. ئىسمى ئاتالغان كىشى ئىختىيارسىز چىقىپ كېتىدۇ ۋە تاغنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ غايىب بولىدۇ. بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئەگەر ئۆلۈمدىن ئامان تاپاي دېسەڭ، شۇ شەھەرگە بارسىلا، — دېدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ۋە بىرنەچچە كۈن بۇ شەھەردە تۇرۇپ ئەگەر سىزلەر بىرىپ ھەقىقەتىنى بىلىپ كېلىڭلار، ئەگەر سىزلەرنى ئۇ تاغ چىرلىسا، ھەرگىز بارماڭلار، دەپ بىر نەچچە دانىشمەنىنى ئەۋەتتى. دانىشمەنلەر ئۇ شەھەرگە بىرىپ نەچچە ۋاقىت تۇردى. دېگەندەك، دائىم تاغدىن: «ئە پالانى، بۇ يان كەلگىن!» دېگەن ئاۋاز كېلەتتى ۋە ئىسمى ئاتالغان كىشى ئىختىيارسىز تاغقا چىقىپ كېتەتتى. شۇ دەرىجىدە مىدىكى، ئىسمى چاقىرىلغان كىشىنىڭ ئالدىنى توسۇپ، شەمشەر بىلەن چاپسىمۇ قايتمايتتى.

دانىشمەنلەر ھەرقانچە قىلىپمۇ، بۇنىڭ نېمە ۋەقە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئاخىر بىر كۈنى دانىشمەنلەردىن بىرىنىڭ ئىسمىنى چاقىرغاندى، ئۇ دانىشمەنمۇ ئىختىيارسىز تاغقا چىقىپ كەتتى. ھەمراھلىرى «ھەقىقى ئەھۋال يوقۇرۇپ چىقىپ كەتتى. ھەمراھلىرى «ھەقىقى ئەھۋال مەلۇم بولغىچە سەۋر قىلغىن» دەپ ھەرقانچە تۇتسىمۇ ئۇنىمىدى. دانىشمەنلەر ھەيران قېلىپ: «بۇ ھەمراھىمىز ھەممىمىزدىن ئاقىل ئىدى، سىر پەردىلىرىنى ئاچماستىنلا كېتىپ قالدى»

دېيىشتى.

قالغان دانىشمەنلەر بۇ شەھەردە يەنە نەچچە ۋاقىت تۇرۇپ قالغاندى. تاغ يەنە بىر دانىشمەننى قېچىرىپ ئەكەتتى. دانىشمەنلەر بۇ پەردىدىن ھېچنېمە ئۇقالماي، ھەيران بولۇشۇپ: «ھەركىمگە نۆۋەت كەلسە، ھېچ كىشىنى توختىتىپ بولمايدىكەن» دېيىشىپ قايتىپ ئىسكەندەر قېشىغا كەلدى ۋە:

— بىز ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۇقالمىدۇق. بىزنىڭ ئىككى ھەمراھىمىزنى ئۇ تاغ قېچىرىپ ئېلىپ كەتتى. بىز ھەرقانچە قىلىپمۇ توسۇپ قالالمىدۇق، باغلاپمۇ توختىتالمىدۇق؛ قايتىپ كېلىش ئېھتىمالى يوق. قېچقارغۇچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەيلى دېسەك، ھەتتا ئۇ تاغقا بارغۇدەك يولمۇ تاپالمىدۇق. بارىسىز يېنىپ كەلدۇق. ھەمىلگەر پەلەكنىڭ ئىشى شۇ دەرىجىدىكى، گاھ تاغنى ئالىدىكەن، گاھ چۆلنى، — دېيىشتى. ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى. بۇ نامەنىڭ سىرلىرىنى ھېچ كىشى ئۇقالمىدى.

## 16

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ دېڭىز سەپىرىنى ئىختىيار قىلىپ، كېمە ياساشقا يارلىق قىلغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر رۇمغا يېنىپ كېلىپ، تەختىدىن ئورۇن ئالدى. شۇ قەدەر ئادىل-ئادالەتلىك يول تۇتقان ئىدىكى، رۇمنىڭ ئىچى گويا باغۇ بوستان بولدى. خەلق پەخىرلىنىپ: «يەتتە ئىقلىم پادىشاھى ئىسكەندەر بىزنىڭ شەھىرىمىزدە ئاجايىپ ئادىل-ئادالەت ئورناتتى، بۇنىڭدىن تۆتىنچى ئاسمانمۇ پەخىرلىنىپ ئۆزگە ئاسمانلارغا ئاپتاپ پەقەت مەندەدۇر دەيدۇ» دېيىشەتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر نەچچە كۈن چىن كېنىزىكى بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلدى. كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ: «تەڭرى ماڭا تەۋفىق① بەردى. ئالەمنى بويسۇندۇردۇم. بۇ ئالەمدە مەن كۆرمىگەن ئاجايىب ۋە غارايىبلار قالمىدى، ھەتتا

① تەۋفىق — مەدەت، ياردەم.

ئۆسۈملۈكلەرمۇ قالمىدى. كان بايلىقلىرى، جاندارلارنىمۇ كۆردۈم. ئەمدى سۇ ئىچىدە نېمە بار ئىكەن، ئۇنىڭدىن تېخى خەۋىرىم يوق. دېڭىزدا، دېڭىزلاردىكى ئاراللاردا ئاجايىب-غارايىبلار تولا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما، ھەممىدىن دېڭىز مۇھىتىنىڭ سەيلە-تاماشاسى تولىدۇر. پۈتۈن ئالەمنىڭ سۈرىتى يۇمۇلاق، ئالەمنىڭ تولىسى سۇنىڭ ئىچىدە دېيىلمەكتە. يەر تەۋرىنگۈدەك بولسا، توققۇز پەلەكنىڭ تەۋرىگىنى ئۇنىڭغا نىسبەت بولالماس. بەس، جاھاننى ئالدىم دېسەم لاپ بولار. چۈنكى، جاھاننىڭ تولىسى سۇ ئىچىدىمىش. كىشلەر پەلەككە سېپىل سوقسىمۇ تۇرغۇزالماس. بۇ جاھان ماڭا بويسۇنغانىكەن، دېڭىزلاردا يۈرۈپ سەيلە قىلماق ماڭا مۇناسىپ بولغۇسىدۇر. ئەگەر مەن سەيلە قىلمىسام، دېڭىزدىكى مەخلۇقاتتىن خەۋەر تاپمىسام، ئۇ ھالدا مېنىڭ خەلقلەردىن ھېچبىر پەرقىم بولماس. ئۆمرۈمنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرىدىغان شامال چىقىلىۋاتىدۇ. چىراغ ئۆچمەستىن بۇرۇن بۇ دېڭىزلارنى ئايلىنىپ، تا ئۇكيانغىچە سەيلە قىلغايمەن» دېدى ۋە دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن تەكرار-تەكرار ئۆتكۈزۈپ، ئاخىر ئىچىگە بىر پارچە ئوت — سەپەر ھەۋىسى چۈشتى. بىلدىكى، بۇ ئەندىشلەرنى كۆڭلىدە ساقلىسا، جانىغا زەرەردۇر، شۇڭا ھۆكۈمالارنى چاقىرتىپ ئاۋۋال ئىلتىپاتلار قىلدى. ئاندىن خىياللىرىنى ئاشكارا قىلدى. ھۆكۈمالار پادىشاھ ئىسكەندەرگە دېڭىزنى سەيلە قىلىش ھەۋىسى چۈشكەنلىكىنى بىلىپ، مەنئى قىلدى. ئەمما ھەزرىتى

ئىسكەندەر ئۇنىمىدى. ھۆكۈمالار ئىلاجىسىز ھالدا:

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، ئىنشائاللا ئاق يول بولغاي! قانداق تەرەپكە ھەرىكەت قىلسىلا، بىزگىمۇ ھەرىكەت قىلماق زۆرۈرىيەتتۇر. ئەگەر ئىش ئوڭىدىن كەلسە، شادمان بولماق كېرەك؛ ئەگەر چەپ كەلسە، مەئزۇر تۇتماق① كېرەك، — دېيىشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇلارغا:

— ئۈچ مىڭ كېمە تەييارلىشىمىز كېرەك، مىڭنى خاس پادىشاھ، ئۇمەرا، ھۆكۈمالارغا؛ مىڭنى سەككىز يۈز چىراغ بىلەن بازار خەلقىگە؛ مىڭنى ئات - ئۇلاغ، ئوزۇق - تالقانلارغا، — دەپ، ئۇستىلارنى يىغىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ يارلىقى بويىچە ئون بەش مىڭ ياغاچچى يەنە شۇنچە شاگىرتلىرى بىلەن كېمە ياساش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى. پۈتكەن كېمىلەرنى دېڭىزغا سىلىپ تەخ قىلىپ تۇردى.

بىر يىلدا ئۈچ مىڭ كېمە تەييار بولدى. نەچچە يىللىق يول تەييارلىقىنى — ئوزۇق - تۈلۈك، جابدۇقلارنى كېمىگە سالدى. سەپەرگە بارىدىغان ھۆكۈمالار، سىپاھلار ۋە بازار خەلقى كېمىگە كىرىپ جاي - جايىدا ئولتۇرۇشتى. پادىشاھ

① مەئزۇر تۇتماق — ئۆزرىنى قوبۇل قىلماق، گۇناھىنى كەچۈرمەك.

ئىسكەندەر قېپقالغان خەلق بىلەن ۋىدالىشىپ، كېمىگە ئول- تۇردى. كېمىچىلەر كېمىنى ھەيدىدى. رۇمنىڭ ئەكابىرلىرى (كاتتىلىرى) ئەگىشىپ نەچچە مەنزىلگىچە كەلگەندى، پادىشاھ ئىسكەندەر قايتىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى، ئاندىن ئۇلار بىر-بىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ قېپقېلىشتى.

بۇ ئۈچ مىڭ كېمە ئادەم بىلەن ئۇلارغا لازىملىق نەر- سىلەرگە لىق تولغانىدى. دېڭىز شۇ دەرىجىدە دولقۇنلىنار ئىدىكى، گويا ئاسمان تەۋرىگەندەك مەلۇم بولاتتى. خۇددى ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغاندەك، دېڭىز يۈزى كېمە بىلەن تولغا- نىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر قاياققا بېرىشىنى خالىسا، شۇ ياققا باراتتى. كېتىۋېتىپ ھۆكۈمالاردىن بۇ دېڭىزنىڭ سۈپىتىنى سورىغانىدى، سوقرات:

— خۇدايىتائالا يەرنىڭ تۈزۈلمىسىنى يۇمۇلاق ياراتتى ھەمدە زېمىننىڭ تولىراقىنى سۇنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇردى. سۇنىڭ سىرتىدىكى جايلار جاھان، يەنى قۇرۇقلۇق قىسمى «رۇبئى مەسكۇن①» دەپ ئاتىلىدۇ. لېكىن قۇرۇقلۇقنىڭ ھەممە تەرىپى ئوچۇق ئەمەس. ھەر تەرەپتىن دەريا-دېڭىزلار بىلەن تۇتاشقاندۇر. قۇرۇقلۇقنىڭ ئەتراپىدىكى سۇلار ئوكيان دەپ ئاتىلىدۇ. ئوكياندىن يەتتە دەريا ئايرىلىپ قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ،

---

① رۇبئى مەسكۇن — يەر يۈزىنىڭ ئادەملەر ياشاپ تۇرغان ئاۋات قىسمى؛ قۇرۇقلۇق.

تاغلار ۋە دالىلار ئىچكىمۇ كىرىدۇ. بۇ يەتتە دەريادىن بۆلەك يەنە يۈزدىن تولىراق دەريالار بولۇپ، ئۇلار دەريايى كۆھەڭ①، دەريايى ھىمرات، دەريايى نىل، دەريايى فۇراد...... دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەريالاردىن جاھان ئاۋات بولىدۇ. يۇقىرىقى ئىسمى ئاتالغان دەريالارنىڭ تېگى بۇلاق بولۇپ، بۇ دەريالار بۇلاق سۇلىرىنىڭ بىر-بىرىگە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغاندۇر. بۇ دەريالارنىڭ ئاخىرى يەنە دېڭىزغا قوشۇلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقان يەتتە دەريا ئوكياندىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا شەھەرلەر، ئاراللار تولىدۇر. بۇ يەتتە دەريانىڭ بىرى رۇم دەرياسى، يەنە بىرى فەرەڭ دەرياسىدۇر. ئۇنىڭ ساھىللىرىدىكى ئارال، شەھەرلەرنىڭ ھېسابى ئالتە يۈز، ئاۋات جايلىرىنىڭ ھېسابى يوق. بۇ يەتتە دەريانىڭ يەنە بىرى دەريايى مەغرىبتۇر. تۆتىنچىسى ھەبەش دەرياسىدۇر. بۇ جايدا ئۈچ مىڭ ئاۋات ئارال بار. بەشىنچىسى چىن دەرياسى، بۇ جايدىكى ئاۋات ئاراللار يەتتە يۈز ئۈچ مىڭدۇر. ئالتىنچىسى دەۋاڭ دەرياسى، بۇنىڭ ئىككى مىڭ ئاۋات ئاراللىرى باردۇر. يەتتىنچىسى مەشرىق دەرياسى، بۇنىڭ تۆت مىڭ ئارىلى باردۇر. بۇلار جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئارال بولۇپ، بۇ يەتتە دەريادىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

① دەريايى كۆھەڭ/كۆھەك/ — سەمەرقەنت ئەترابىدىن ئاقىدىغان زەرەپشان دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

بۇ دەريالارنىڭ ھەممىسى دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ئوكيان شۇنچىلىك زوركى، ئۇنىڭغا توققۇز دېڭىز قۇيۇلسا، سىغىپ كېتىدۇ. ئوكياندىكى زور جانىۋارلارمۇ ئۆزىگە نىسبەت بىرىپ ھەيۋەت بىلەن تۇرىشىدۇ. بۇ ئەھۋالاتلارنى ئەھلى دانىشمەنلەرمۇ بۇنىڭدىن زىيادە بىلمەيدۇ. بۇ تىلغا ئېلىنغان دەريالارنىڭ ئەھۋالاتىنى بۇنىڭدىن زىيادە بايان قىلاي دېسەم تىلىم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئەگەر كىشى تەپسىلىي بىلمەكچى بولسا، بېرىپ دەريالارنى سەيلە قىلسۇن، شۇندىلا بىلەلەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى.

قىسسە: سوقرات جاۋاب سۆزىنى تۈگەتتى. ھەزرىتى ئىسكەندەر تەھسىنلەر قىلىپ، شاد-خۇرام بولدى ۋە:

— ئۇشبۇ دېڭىزلارنى سەيلە قىلىپ، ئاندىن ئوكيانغا بارايلى، — دەپ مەسلىھەت قىلدى.

## 17

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن رۇم پادىشاھى خۇنكارنىڭ قىزى بىراندۇقتا ئاشىق بولۇپ، رۇم شەھىرىنى ئېلىپ، خۇنكارنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، براندۇقنى نىكاھىغا ئالماق ئۈچۈن مۇرغۇچاق پادىشاھىنى، ئىسفاھاننىڭ پادىشاھىنى، شام پادىشاھى مەلىكەئىي شامنى، مىسىر پادىشاھىنى ئۆزىگە تەۋە قىلىپ، ئەزىزى مىسىرنىڭ قىزى رەقۇبانۇنى خۇنكارنىڭ ئوغلى ئەبۇلفەتتاھ رۇمغا ئېلىپ بېرىپ مۇسۇلمان قىلغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى رۇمنى فەتە قىلىش ئۈچۈن كۆچۈپ رۇم تەۋەسىگە

يىتىپ باردى.

رۇم ناھايىتى چوڭ شەھەر ئىدى. ئۇنىڭ تۆت يۈز دەرۋازىسى بار ئىدى. ھەربىر دەرۋازىنىڭ ئارىلىقى بىر ئايلىق يول ئىدى. ئىككى دەرۋازىنىڭ ئارىلىقىدا ئەللىك كوچا، ھەر كوچىدا ئەللىك مىڭ مەھەللە (قىرىق مىڭ مەھەللىسى مۇسۇلمان، ئون مىڭ مەھەللىسى كاپىر)؛ ھەر مەھەللىسىدە تۆت يۈز مەسچىت، ھەر مەسچىتتە تۆت يۈز مۇنار بولۇپ، تۆت يۈز مەزىن ئەزان ئوقۇيتتى. بۇلاردىن بۆلەك يەنە ئون مىڭ رەستە، ئون ئالتە مىڭ بەش يۈز مەدرىس بولۇپ، ھەر مەدرىستە تۆت يۈز ھۇجرا، ئىككى ئەئىلەم①، تۆت ئىمام، تۆت مىڭ ئىككى يۈز لولىخانا② ۋە كارۋان ساراي بار ئىدى. ھەر قانداق پادىشاھ يەتتە ئىقلىمغا پادىشاھ بولسا، ئۇنىڭ پايتەختى رۇمدا بولغۇسىدۇر.

قىسسە: پادىشاھ قەيسەرى خۇنكار③نىڭ بىر قىزى بار ئىدى. ئىسمى برانىدۇق ئىدى. ھۆسنى جامال بابىدا يەتتە ئىقلىمدا ئۇنداق ساھىبجامال قىز يوق ئىدى. باتۇرلۇق، ئوقيا ئېتىش، شەمشەرۋازلىق، ئات چاپتۇرۇش، كەمەند ئوي-

---

① ئەئلەم — كاتتا ئالىم، شەرىئەت قانۇنلىرى بويىچە قانۇنشۇناس.

② لولىخانا — كىشىنى سېھىرلەپ ئۆزىگە مەپتۇن قىلغۇچى، شوخ ۋە گۈزەل ئاياللار خانىسى (ھۇجرىسى).

③ پادىشاھ قەيسەرى (26 — ئىزاھاتقا قاراڭ).

ىنتىش، ئەيزۇئازلىق، سىپايىگەرچىلىك بابىدا زامانىنىڭ
يىگانىسى ئىدى. ھۆسنى جامالى، بوي-بەستى ئۇنىڭ بىلەن
ئوخشاش يەنە ئوتتۇز ئالتە مىڭ قىز بولۇپ، ئۇلارمۇ باھا-
دۇرلۇقتا سەپسىن يېتىلگەنىدى.

براندۇقنىڭ ئوردىسى ئاتىسىنىڭ ئوردىسىدىن خېلى
يىراق جايدا ئىدى. شەھەرنى ئاتىسى بىر كۈن سورىسا،
براندۇق ئۈچ كۈن سورايتتى.

قىسسە: پادىشاھ خۇنكارغا قاراۋۇللاردىن: «پادىشاھ ئىس-
كەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كېلىۋاتىدۇ، يىراقتىن غىل-پال
كۆردۇق» دېگەن خەۋەر يەتتى. خۇنكار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ
ئەقلى-ھۇشىدىن كەتتى. ئۇمەرالىرى يۈگۈرىشىپ ئورنىدىن
قوپۇشتى. شۇ ئەسنادا براندۇق كىرىپ كەلدى (براندۇق بىر
رىۋايەتتە سەككىز ياش، بىر رىۋايەتتە ئون بىر ياش دېيە-
لىدۇ)، قارىسا ئاتىسىنىڭ شىرەسى ئۆرۈلگەن، ئەرسىلەر ئور-
نىدا ئەمەس ئىدى. براندۇق:

— ئەي ئاتا، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي پەرزەنتىم، — دېدى خۇنكار، — بۇ دۇنياغا ئىس-
كەندەر ئاتلىق بىر پادىشاھ پەيدا بولۇپتۇ. ئۇ ھەبەش①،
زەنگبار②، ئادىستان، ماۋەرا ئۇننەھر، كاشغەر، يەمەن،

---

① ھەبەش — قارا تەنلىكلەر، نېگرلار (37 - ئىزاھاتقا قاراڭ).
② زەنگبار — (37 - ئىزاھاتقا قاراڭ).

كەنئان، دەمەشق، باغدات، سوفىيان، جورجان، ھىندىستان، كەشمىر ۋە خىتاينى، مەغرىب زېمىننىڭ ۋەھشىيلىرىنى، ئۇرۇس، فەرەڭلەرنى بويسۇندۇرۇپ، دارانى ئۆلتۈرۈپ، مەملىكىتىمىزگە چېرىك تارتىپتۇ، — دېدى.

براندۇق قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— ئەي تۇپراقتىن تۆرەلگۈچى، شۇ ئەھۋالىڭغا رۇمغا پادىشاھلىق قىلامەن؟ ئىسكەندەرنىڭ رۇمغا كېلىپ جەڭ قىلىشقا ھەددى ئەمەس! سەن تەختتە پاراغەتتە ئولتۇرغىن، ئىسكەندەرنى ماڭا قويۇپ بەرگىن! — دەپ ئوردىسىغا ياندى.

براندۇقنىڭ «ئاھۇ چەشمە ھەييار» دېگەن بىر ھەييارى بار ئىدى. ئۇنى چاقىرىپ بىر نامە بەردى. نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي پادىشاھى ئىسفاھان، ئاگاھ بولغىن! بۇ نامە يەتكەن ھامان لەشكىرىڭ بىلەن كەلگىن، پادىشاھ ئىسكەندەرگە تاقابىل تۇرغايسەن!»

يەنە بىر نامە پادىشاھ ئىسكەندەرگە بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «يا ئىسكەندەر، تېز كەلگىن! مەن سېنى چۈشۈمدە كۆرۈپ ئاشىق بولدۇم. مېنىڭدەك مەلىكەئى جاھان پاناھ ساڭا مۇناسىپتۇر. كەلگىن! ئاتامنى ئۆلتۈرەي، ھىجران ئوتىغا تەسكىن بەرگىن.»

براندۇق يەنە «ئىسكەندەر سۈرىتىمنى كۆرۈپ ئاشىق بولۇپ، تاقەت قىلالماي تېز كەلسە، جازاسىنى بېرىپ، يەر يۈزىدىن ھاياتلىق رىشتىسىنى قۇرۇتاي» دېگەن غەرەز بىلەن

نامىنىڭ ئارقىسىغا سۈرىتىنى سىزدۇرغانىدى. ھەيىيار تېزلىك بىلەن يۈرۈپ ئون ئىككى كۈندە دەريايى مۇرغۇچاققا كېلىپ، پادىشاھ ئىسكەندەرگە نامىنى بەردى.

ئەفراپسىياپنىڭ بىر ئېتى ئىسفاھان تېغىدا قالغانىدى. ئۇ ئات «دىۋزاد ئالەمگەرد①» دەپ ئاتىلاتتى. پادىشاھ ئىس-كەندەر بۇ ئاتنىڭ داڭقىنى ئاڭلاپ شۇ ئاتقا ئېرىشمەك ئۈچۈن ئىسفاھانغا كەلگەنىدى. ئەمما، ئۇ ئاتنى بىراندۇق شىكارغا چىققاندا «دارۇيى بىھۇش②» بېرىپ تۇتتۇۋالغانىدى. نەچچە يىللاردىن بېرى بۇ ئاتقا كىشى مىنىپ باققان ئەمەس ئىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر مۇرغۇچاق پادىشاھىغا بىر نامە بەردى مۇرغۇچاق پادىشاھى بۇ نامىنى ئوقۇپ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالدى. چۈنكى بۇ نامە بىراندۇقنىڭ ئىسكەندەرگە ئەۋەتكەن نامىسى ئىدى، شۇڭا ئۇ: «بىراندۇق ئاتىسىغا قەست قىپتۇ، مۇبادا ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈپ ئىسكەندەرگە تەگسە، بىزنىڭ سوقۇشقىنىمىزنىڭ ئورنى يوق. تېخى بىز ئىلگىرىرەك ئىتائەت قىلمىقىمىز لازىم» دەپ پۈتۈن لەشكىرى بىلەن چىقىپ ئىسكەن-دەرگە كۆرۈنۈش قىلدى. ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى.

---

① دىۋزاد ئالەمگەرد — دىۋە سۈپەت (دىۋىدىن تۇغۇلغان) ئۇچقۇر ئات، دۇلدۇل.

② بىھۇش — بىھۇش قىلغۇچى دورا.

ئىسفاھان پادىشاھى: «ئىسكەندەر كېلىۋېتىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، بارلىق لەشكەرلىرىنى يىغىپ، بىر باياۋاندا توختاپ سەپ تۈزۈپ تۇردى.

مۇرغۇچاق تەرەپتىنمۇ چاڭ-توزان نامايان بولدى. چاڭ-توزانلار ئارىسىدا ئەلەملەر لەپىلدەيتتى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى تېخى سەپ تۈزمىگەنىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر يېتىپ كېلىپ: «ئەي ئەمىر-ئۇمەرالار، پالۋانلار! ئارىنى ئېچىپ قويۇپ شۈك تۇرۇڭلار!» دەپ ئاللادىن ياخشى تىلەك-لەر تىلەپ، ئىسپاھان لەشكىرىگە ئات سالدى. شۇنداق جەڭ بولدىكى، رۇستەم مازەندەراندا، ئەمىر ھەمزە ئەقابەندتە، ئاۋامۇسلىم سەفى مەرۋاندا جەڭ قىلغاندەك قان دەريا بولۇپ ئاقتى. ئۆلۈكلەر دۆۋىسى مۇنار بولدى. ئاخىر پادىشاھ ئىسكەن-دەر پادىشاھ ئىسفاھانىنىڭ كەمەر بەندىنىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن يەتتە مەرتىۋە چۆرۈپ شۇنداق ئۇرغانىدى، يەرگە ئۈچ گەز پاتتى. ئىسفاھان پادىشاھى پەرياد قىلىپ: «يا پادىشاھى ئالەم، رەھىم قىل، زۇلۇم قىلمىغىن، مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن. مۇنچە بىئەدەپلىك قىلمىقىمىزنىڭ سەۋەبى قەيسەرنىڭ ئەۋەتكەن نامىسىدىن بولدى. بولمىسا، مەندەك بىر چۇمۇلىنىڭ شىرغا تاقابىل تۇرغىلى ھەددىم ئەمەس ئىدى. ئىككىنچىدىن، مېنىڭ بىر ھاجىتىم بار، شۇ ھاجىتىمدىن چىققىشقا ياردەم قىلغىن، ئەگەر ھاجىتىمنى راۋا قىلماي ئۆل-تۈرسەڭ، مەن داغۇ ھىجراندا كېتىمەن» دېدى. ۋە: «ئارزۇ

تەختىغە بىر-بىر جان ئىكەننى بىلمەدىم، ۋەنىلى نەخلىغە① سەمەر② ھىجران ئىكەننى بىلمەدىم. كاشكى، مەشۇقۇمنىڭ ۋەسلىدىن بىر گۈل ئۈزسەم ئىدى، مۇرادىمغا يېتەر ئىدىم. دەرىخا ئىشىم ئاخىرغا يەتمەيدىغان بولدى» دەپ زار-زار يىغلىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ رەھمى كېلىپ قويۇپ بەردى. ئىسفاھان پادىشاھى ئورنىدىن تۇرۇپ، يانچۇقىدىن ئىككى نامە چىقىرىپ پادىشاھ ئىسكەندەرگە بەردى. بىرى، ئۆزىگە تېگىشلىك نامە ئىدى. يەنە بىرى پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئەۋەتىلگەن نامە ئىدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر نامىنى ئوقۇپ، نامىنىڭ ئارقىسىغا قارىدى. ناگاھ بىراندۇقنىڭ سۈرىتىنى كۆرۈپ، بىقارار بولۇپ، ئاتىنىڭ يالىغا سىرىلدى.

پادىشاھ ئىسفاھان پادىشاھ ئىسكەندەرنى شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ، ئۈچ كۈن مېھمان قىلدى. تۆتىنچى كۈنى پەگاغا چۈشۈپ ئەرز قىلدىكى: «يا پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى ھەفتە كىشۋەر③گە پادىشاھ، شاھغا بىر مەزلۇم كىشى پادىشاھتۇر. مەن بولسام ئۇنىڭغا ئاشىق. ئۇ ھېسابسىز پالۋان. ئۇنىڭغا كۈچۈم يەتمەيدۇ. شۇڭا ئىلتىپاتلىرىدىن ئۈمىدۋار تۇرۇپتىمەن.

① نەخل — كۆچەت.

② سەمەر — مېۋە.

③ ھەفتە كىشۋەر — يەتتە ئىقلىم.

ھەزرىتى ئىسكەندەر لەشكەرلىرىگە شام تەرەپكە يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. شامغا ئۈچ كۈنلۈك يول قالغاندا شام مەلىكىسىگە: «ئىسكەندەر كېلىۋېتىپتۇ. سىزنى بەھرام ئىسپاھانغا ئېلىپ بېرەرمىش» دېگەن خەۋەر يەتتى. شام مەلىكىسى: «مەن بۇ يەردە تۇرسام، مېنى كىمگە ئېلىپ بەرگۈدەك؟ ئەجەپ ئەخمەق پادشاھ ئىكەن» دەپ لەشكىرىنى يىغدى. قىرىق بەش لەك لەشكەر جەم بولدى ۋە شەھەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئورۇنلاشتى.

شام مەلىكىسىنىڭ يەتتە ئۇمەراسى بار ئىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ: «يۇرت تۇتۇپ يۈردۇق. ئەمدى بىر ساھىب قىران پادشاھ كەپتۇ. ئۇ ئاقۋەت پۈتۈن ئىقلىمنى ئالىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يارلىقى دۇنيا يۈزىگە يۈرىدۇ. شەھەرنى ئىسكەندەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرەيلى» دېيىشتى. بۇلاردىن بىرى مەلىكىگە ئاشىق ئىدى. ئۇ: «ئەگەر بۇلار مۇشۇ تەرىقىدە ئىش قىلسا، مەلىكىنى بەھرامغا ئېلىپ بېرىدۇ. مەن مەلىكىنىڭ جامالىنى كۆرەلمەي، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالىمەن. ناۋادا ئۇ مۇشۇ دۆلەتتە تۇرسا، ئاخىر بىر كۈن ئەرزىمنى يەتكۈزىمەن» دېگەن خىيال بىلەن كىرىپ مەلىكىگە ۋەقەنى بايان قىلدى. مەلىكە: «مېنىڭمۇ ساڭا مۇھەببىتىم بار ئىدى. سەن ئۆزۈڭنى بىلدۈرمىگەچكە، مەنمۇ تونۇتمىدىم. ئۇنداق بولسا، سەن ھەممە ۋەزىرلەرنى بىر-بىردىن چىرلاپ كەل، ئۆلتۈرەي. ئاندىن سېنى پادشاھ قىلاي ۋە مەقسىتىڭگە

يەتكۈزەي» دەپ ۋەدىلەر قىلدى.
بۇ خام تاما ۋەزىر چىقىپ باشقا ۋەزىرلەرنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ كىردى. مەلىكە ئۇلارنى ئۆلتۈردى. ئاخىردا ھىيلىقى ۋەزىرنى چاقىرىپ: «كەلگىن، ئاۋۋال سېنىڭ كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىپ ئاندىن جەڭگە ئات سالاي» دەپ خاس ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىپ، كىيىمنى يەشكەن بولۇپ، يېڭىدىن مىسىر خەنجىرنى ئېلىپ ۋەزىرنىڭ يۈرىكىگە سالدى. خەنجەر ئارقىسىدىن تېشىپ چىقتى.
مەلىكە يەنە يەتتە ئۇمەرا تەيىنلىدى. شۇ ئەسنادا قاراۋۇللار: «ئىسكەندەر يېتىپ كەلدى» دەپ قېچىپ كەلدى. بۇ چاغدا بەھرام شاھ ئىسفاھانى، بەھرام خىتاي ھەيۋەتلىك سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقاندى. ئۇنىڭ كەينىدىن لەشكەرلەر يەنە توپ-توپ، قاتار-قاتار كېلىپ سەپكە قېتىلدى. مەلىكەئى شام سەپ تۈزۈپ، يۈزىگە نىقاب تارتىپ مەيدانغا كىردى.
— ئەي ئىسكەندەر، مېنىڭ مەيدانىمغا كەل! — دەپ پەرياد قىلدى مەلىكەئى شام.
پادشاھى ئىسفاھان ئاتتىن چۈشۈپ ئىسكەندەرگە تازىم قىلدى ۋە بېرىپ مەلىكەئى شامغا روبىرو بولدى. مەلىكە:
— نام نەسەبىڭنى بايان قىلغىن، مېنىڭ قولۇمدا نامنىشانسىز ئۆلمىگىن! — دېدى.
— مېنىڭ ئېتىم بەھرام ئىسفاھانى، — دېدى پادشاھى ئىسفاھان.

مەلىكە يانداپ كېلىپ، كەمەند تاشلاپ شاھ بەھرامنى تۇتۇپ، شۇ ھامان بەندكە تارتتى. بەھرام خىتاي كىردى، ئۇنى ھەم بەندكە تارتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر دەرغەزەپ بولۇپ، ئۆزى كىرىپ مەلىكەئى شامغا روبىرو بولۇپ:

— ئەي مەلىكە، پالۋانلارنى مىكرى-ھىيلە بىلەن تۇتتۇڭ، ماڭا قانداق جاۋاب بىرەرسەنكىن! — دېدى.

مەلىكە چاقماقتەك سۆزلەپ:

— ئەي ئىسكەندەر، بىزنىڭ ھۆنىرىمىز پۈتۈنلەي مىكرى-ھىيلەدۇر. جەڭگە ھازىر بول! — دېدى-دە، ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا بىر شەمشەر سالدى. شەمشەر پولات دوبۇلغىغا ئىككى ئىلىك پاتتى. ئىسكەندەر تەھسىن ئاپىرىنلار قىلدى. ۋە مەلىكىنىڭ كەمەر بەندىدىن تۇتۇپ، بېشىدىن ئۈچ مەرتىۋە چۆرۈپ يەرگە ئۇرماق بولۇۋىدى، مەلىكە يالۋۇرۇپ دەرھال ئىمان كەلتۈردى. لەشكىرىمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئاندىن پادىشاھ ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى. قىرىق كۈن قائىدە بويىچە توي قىلىپ، مەلىكەئى شامنى پادىشاھ ئىسفاھانغا ئېلىپ بەردى. مەلىكەئى شام ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن كېچىسى چىراغ كەبى روشەنلىك، يورۇقلۇق بەرگۈچى توقتۇز گۆھەر ئورناتقان ئون تۆت قۇببەلىك تاج قويدى. بۇ تاجنى كىيىپ كېچىسى يول يۈرسە، چىراغ لازىم بولماس ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر تون، بىر كەمەربەند قويدى. ھېچقانداق ئادەم

پەرزەنتى بۇنداق رەڭلىك كىيىملەرنى كۆرگەن ئەمەس ئىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ تۇننى كىيگۈچە تۇننىڭ پېشى ئېچىلدى، قارىسا پادىشاھ ئىسكەندەر نامىدا كۆرگەن سۈرەت بۇ تۇنغا نەقىش قىلىنغانىكەن. بۇ سۈرەتنى كۆرمەكلىكى بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ھىجران ئوتى يېڭىباشتىن تۇتاشتى ۋە مەلىكىدىن:

— بۇ تۇننى سىزگە كىم بەرگەنىدى؟ — دەپ سورىدى.

— براندۇق بەرگەنىدى، — دېدى مەلىكە، — ئەي پادىشاھىم، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولغىلى بولماس. رۇم خەلقى ھېسابسىز تولىدۇر. جادۇلىرى ئاندىن كۆپتۇر. براندۇقنىڭ ئەبۇلفەتتاھ رۇمى دېگەن بىر ئاكىسى بار. ئۇ مىسىر پادىشاھىنىڭ قىزى رەقۇبانۇغا ئاشىق. شۇ تاپتا مىسىرنى قورشاپ ياتىدۇ. شۇ قىزنى ئەبۇلفەتتاھقا ئېلىپ بەرسىلە ئۇلارنى شۇ قىلىشى مۇمكىن، — ئىسكەندەر مەلىكىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، يەتمىش لەك لەشكەر بىلەن مىسىرغا بېرىپ چۈشتى. ئەتىسى ئەبۇلفەتتاھ ھېسابسىز لەشكەر كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇمەرالىرى بىلەن مەسلىھەت قىلىشىپ ئىسكەندەرگە كۆرۈنۈش قىلدى. ئەبۇلفەتتاھ يىغلاپ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ:

— ئەي پادىشاھىم، مىسىر تەۋەلىكىدە ياتقىلى ئون ئىككى يىل بولدى. پادىشاھى مىسىرنىڭ قىزىغا ئاشىقتۇرمەن. ھەر قېتىم جەڭگە كىرىمەنۇ ئۇنى كۆرگەندە مەندە تاقەت قالمايدۇ، سوقۇشمايلا يېنىپ چىقىمەن. ئۆزگە كىشى

كىرسە، بەندكە تارتىدۇ، ــ دېدى.

ــ ئىنشائاللا، ــ دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر، ــ بىز ئۇنى سىزگە ئېلىپ بەرگەيمىز.

ئەبۇلفەتتاھ شاد ــ خۇرام بولدى.

ئىسكەندەر مىسرغا تۆۋەندىكىدەك سۆزلەرنى قىلىپ ئەلچى كىرگۈزدى: «ئەي ئەزىز مىسرى، قىزىڭ رەقۇبانۇنى ماڭا بەر. ئەبۇلفەتتاھقا ئېلىپ بېرەي. ئەگەر بەرمىسەڭ، ئۆزەڭنى ھەيران، شەھرىڭنى ۋەيران قىلىمەن!»

ئەلچى نامىنى ئەزىز مىسرىگە يەتكۈزدى. ئەزىز مىسرى بۇ نامىنى كۆرۈپ، ھۇش ــ كاللىسىدىن ئايرىلدى. قىزىغا كىشى كىرگۈزۈپ: «قىزىم چىقسۇن، مەنمۇ چىقاي، ھەزرىتى ئىسكەندەرگە كۆرۈنۈش قىلايلى» دېدى.

رەقۇبانۇ: «دادام ئۆزى چىقسۇن، مەن چىقمايمەن» دېدى. ئاتىسى يەنە: «ئۇنداق بولسا، قىزىم چىقىپ جەڭ قىلسۇن» دېدى. قىز ئېيتتىكى: «مېنىڭ ئۇرۇشىدىغان كىشىم بۇ ياققا كىرسۇن!»

ئاخىر ئاتىسى بىچارە بولۇپ، چىقىپ ئىسكەندەرگە كۆرۈنۈش قىلدى ۋە مۇسۇلمان بولدى. شۇ ئەسنادا رەقۇبانۇ تۆت يۈز قىز بىلەن مۇكەممەل تەييارلىنىپ چىقىپ، مەيدانغا كېلىپ:

ــ رەقۇبانۇ دېگەن مەندۇرمەن، مېنىڭ مەيدانىمغا كەل! ــ دەپ پەرياد قىلدى. بۇ تەرەپتىن بەھرام چىنى

كىردى. رەقۇبانۇ بەھرامدىن:

— نام نەسەبىڭ كىم؟ — دەپ سورىدى.

— مەندۇرمەن بەھرام چىنى،...

بەھرام سۆزىنى تۈگەتكۈچە رەقۇبانۇ نەيزىسىنىڭ يېنى بىلەن شۇنداق ئۇردىكى، بەھرام ئات ئۇستىدىن خۇددى كەپتەردەك موللاق ئېتىپ چۈشتى. ئاندىن ئەبۇلفەتتاھ كىردى. رەقۇبانۇ سورىدى:

— سەن كىم؟

— مەندۇرمەن ئەبۇلفەتتاھ رۇمى.

رەقۇبانۇ نەيزىسىنىڭ يېنى بىلەن كېلىشتۈرۈپ بىر سالغانىدى، بۇمۇ كەپتەردەك موللاق ئېتىپ چۈشتى.

ئىسكەندەر لەئىلدەك قىزىرىپ ئۆزى كىردى.

— ئەي ئىسكەندەر، — دېدى رەقۇبانۇ، — بىراندۇقۇا ئاشىق بولساڭ، بىراندۇقۇا نامە ئەۋەتەي.

بۇ سۆزگە پادىشاھ ئىسكەندەر غەزەپلىنىپ:

— ئاۋۋال مېنىڭ بىلەن كۈچ ئېلىشىپ مۇسۇلمان بول! — دېدى - دە، رەقۇبانۇنىڭ كەمىرىگە قول سېلىپ: «يائاللاھۇ بىئەيىب (ئاللا نۇقسانسىزدۇر)» دەپ كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇر-ماقچى بولغۇندى، رەقۇبانۇ پەرياد قىلىپ:

— يا پادىشاھى ئالەم، مېنى بۇنىڭدىن زىيادە شەرمەندە قىلمىغىن. كۆڭلۈم بۇزۇلدى، — دېدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر رەقۇبانۇنى ئاستا يەردە قويدى.

رەقۇبانۇ مۇسۇلمان بولدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر رەقۇبانۇنى ئالىي توي قىلىپ ئەبۇل-فەتتاھ رۇمىغا ئېلىپ بەردى. بۇ ئىككىسى جەۋلانبازلىق قىلىش ئۈچۈن ئىشرەت بېغىغا كىرىپ كەتتى. ۋەللاھۇ ئەئلەم (خۇدا بىلگۈچىدۇر).

# 18

## ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ رۇمغا لەشكەر تارتىپ بېرىپ خۇنكار بىلەن جەڭ قىلغىنى ۋە مەلىكە بىراندۇق كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باسۇرۇق قىلغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر ھېسابلاپ كۆرگەنىدى، بەش يۈز مىڭ ئاتمىش لەك لەشكەر؛ ئون يەتتە مىڭ تاجدار پادىشاھ، ئالتە يۈز ئوتتۇز بىر ھەييار تۆت يۈز قىرىق تۆت ھۆكۈما جەم بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەر سىپاھلىرىغا بارگاھى جەمشىتنى ئېلىپ رۇمغا يۈرۈش قىلىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. لەشكەرلەر يەر-زېمىننى تەۋرىتىپ رۇمغا قاراپ ئاتلاندى. ئون سەككىز مىڭ ئالەم لەرزىگە كەلدى.

خۇنكار ھۇزۇرىدا تاماشاھ قىلىپ ئولتۇراتتى. چاڭ-تۇزانلار ئالەمنى قاپلىدى. قاراۋۇللار كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلغانىدى، خۇنكار خەۋەر

ئېيتقۇچىنىڭ بېشىنى كەستۈردى. شۇ تەرىقىدە ئاللىتە دىۋانىنى① ئۆلتۈردى. شۇ ئارىدا يەنە بىر دىۋان كىرىپ: «لەشكەرلەرنى بىگۇناھ ئۆلتۈرمىگىن، ئاۋۋال ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرىنى كۆرۈپ، ئەمەلىيەتكە قاراپ ئاندىن بىر نېمە دېگىن،— دەپ تۇراتتى، خۇنكارغا چاڭ-تۇزانلار كۆرۈندى. قارىغۇدەك بولسا، ئۇن ئىككى مىڭ بەلئەنداز (يول ياسىغۇچى) يولنىڭ ياخشىسىنى تاللاپ، ناچارلىرىنى تۈزەپ، بارگاھ تىكىدىغان يەرنى راسلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇن ئىككى مىڭ كىشى يوللارنى ۋە بارگاھ تىكىدىغان يەرنى سۈپۈرۈپ تەييار قىلاتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇن ئىككى مىڭ كىشى ئۇن ئىككى مىڭ تۆگىگە يىگىرمە تۆت مىڭ مەشكاپتا سۇ ئارتىپ كېلىپ، بارگاھ تىكىدىغان يەرلەرگە سۇ سېپەتتى؛ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۇن ئىككى مىڭ تۆگىدە بارگاھى جەمشىتنى يۈكلەپ كەلدى. خۇنكار بۇ بارگاھنى كۆرۈپ ئەقلى-ھوشىدىن كەتتى. چۈنكى بۇ بارگاھ شۇ دەرىجىدە بېزەلگەنكى، ئۇنى تەرىپلەشكە قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ.

قىسسە: ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۇن ئۈچ كېچە-كۈندۈزگىچە لەشكەرلىرىگە تەرتىپ تۈزۈپ بەردى. يەر-زېمىن تەۋرىدى. ئوتتۇز بەش سەپ لەشكىرى قورشاۋ ھاسىل بولدى. ئۇن تۆتىنچى كۈنى زەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئىككى مىڭ

① دىۋان — دۆلەت كىرىم-چىقىم ئىشلىرىنىڭ باشلىقى؛ ۋەزىر.

تۆت يۈز جەڭ ناغرىسى، شاھ توھمارىس دېۋىنىڭ كارنىيى، جەمشت كارنىيى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىڭ دۇمبىقىنىڭ ئاۋازى ئالەمگە ياڭرىدى. گويا قىيامەت ئاشكارا بولغاندەك ئىدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر زەر بىلەن زىننەتلەنگەن شاھانە ھۇزۇرىدىن چىقىپ كەلدى: ئوڭ قولىدا ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى ھۆكۈما، چەپ قولىدا ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى ھۆكۈما، ئون يەتتە مىڭ تاجدار پادىشاھ، ئىككى يېنىدا ئالتە يۈز ئوتتۇز بىر ھەييار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرىدىن قىسقا توققۇز قاتتىن كىيىم كىيگەن، ھەممە ئەزالىرىغا قوڭغىراق باغلىغان ھالدا مۇئەللەق ئۇرۇپ يېتىپ كەلدى. بارچە شەھەر شاھلىرى پىيادە بولۇپ پادشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈشتى. ئادىستاننىڭ زەمىنىتەن ئاد، قەمىيەتەن ئاد ئىسىملىك ئىككى پادشاھى بار ئىدى. بۇلارنىڭ قەددى يەتتە يۈز ئەللىك قېرى ئىدى. ھەر ئىككىسى بىر تاغقا چىقىپ جەمشت كارنىيى بىلەن شاھ توھمارىس دېۋە بەندىنى تارتقانىدى، ئىغىر بوي مەزلۇملار بويىدىن ئاجرىدى. شەھەرنىڭ قەلئەلىرى ئۆرۈلدى، ئۆي-ئىمارەتلىرى يىقىلىشقا باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ خۇنكارنىڭ بېشى ئايلىنىپ، كۆزى قاراڭغۇلاشتى. يېنىدىكىلەردىن:

— بۇ ئەل قوزغىلىپ قاياققا كېتىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئاردىن بىرى خۇنكارغا تازىم قىلىپ:

— پادىشاھ ئىسكەندەر كېلىۋاتىدۇ، بۇ خەلق شۇنىڭ ئالدىغا كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

شۇ ئەسنادا پادىشاھ ئىسكەندەر دەبدەبە، شان-شەۋكىتى بىلەن كېلىپ ،بارگاھى جەمشىتتە قارار تاپتى. لەشكەر-لىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىلتىپاتلار قىلدى. بىر پەستىن كېيىن پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن خۇنكار تەرەپلەردە جەڭ دۇمباقلىرى سوقۇلدى. ھەييارلار ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

— ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، خۇنكار تەرىپىدىن جەڭ دۇمبىقى سوقۇلدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ھەييارلار ۋە قانداق يارلىق بولۇشنى كۈتۈپ تۇرۇشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بىر پەس مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئاندىن:

— سىزلەرمۇ جەڭ دۇمباقلىرىنى سوقۇڭلار! — دەپ يار-لىق قىلدى. جەڭ دۇمباقلىرى شۇنداق سوقۇلدىكى، خۇنكار-نىڭ پالۋانلىرى ئۇن ئىككى مەقام، يىگىرمە تۆت شۇئىبە (ئىزيۇن ۋە نەيرەڭ)دە قېچىش ۋە مۈكۈشنى ئويلاپ تاڭنى ئۇخلىماي ئاتقۇزدى.

قىسسە: كۈن چىقىپ جاھان يورۇدى. ھەر ئىككى تەرەپ سەپ تۈزۈشكە كىرىشتى. خۇنكار يۈز تۈمەن لەك لەشكىرى بىلەن چىقىپ سەپ تۈزدى. قەيسەرى (رۇملۇقلار) ھېسابسىز تولا ئىدى، شۇڭا ئۇلار يەككە-يەككە جەڭ قىلىشتىن ئېھتىيات

قىلىپ، كۆزنى يۇمۇپ قاراقويۇق ئات سالدى. بۇ تەرەپتىن پادىشاھ ئىسكەندەر تەكبىر ئېيتىپ، قامچىسىنى ئوينىتىپ ئات سالدى. لەشكەرلەر دېڭىزلار مەۋج ئۇرغاندەك، داش قازانلار قاينىغاندەك، ئاچ ئاشقا يىقىلغاندەك بولۇپ ئۇر-چاپ قىلىپ ئۆزئارا تۇتىشىپ كەتتى.

قىسسە: بىراندۇق كەلگىنىچە لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا چۆكتى. ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. ئۆلتۈرمەيمۇ ئامال يوق ئىدى. بىراندۇق تۇساتتىن ئات سېلىپ ئىسكەندەرگە روبىرو بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر بىراندۇقنى كۆرۈپ بىر ئاھ تارتىپ، كۆڭلى دەرتكە تولۇپ، ئاتتىن يىقىلدى. ئاڭغىچە ھەييارلار قىيا-چىيا ئىچىدە يېتىپ كېلىپ ئىسكەندەرنى ئېلىپ چىقتى. رۇم لەشكەرلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى باسۇرۇق قىلغىلى تۇردى. بۇ چاغدا ناغرا-دۇمباقلار سوقۇلدى. ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى ئۆز تۇرالىرىغا قايتىشتى. ئەمما بىراندۇق بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي تۇرتۇپ كېلىۋاتاتتى، ئېتىنىڭ پۇتى تۈلكە تۆشۈكىگە تىقىلىپ يىقىلدى. رۇم ھەييارلىرى خەۋەر تېپىپ ھالقا-كەمەندلىرى بىلەن قوغداپ يۈرۈپ رۇمغا ئېلىپ قاچتى.

ئىسكەندەر بارگاھىغا قايتىپ قانچە ئادەم ئۆلگەنلىكىنى سورىغانىدى، ھۆكۈمالار: «رۇملۇقتىن بىرلەك مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئۆلۈپتۇ» دېدى. ئۆزلىرىدىنمۇ شۇنچىلىك كىشى چىقىم بولغانىدى. بۇلار شۇ كۈنلا شېھىتلارنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ

دەپنە قىلدى.

تاڭـغا يېـقىن يەنە جەڭ دۇمـباقلـىرى سوقۇلـدى. ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قوزغىلىپ جەڭ مەيدانىغا كىردى. قەيسەرلەر ئۆلگۈچە ئات سالدى. ئىسلام لەشكەرلىرىمۇ بىراقلا ئات سالدى. جەڭ مەيدانىدا قىيامەت قايىم بولـدى. بىراندۇق يەنە ئوتتۇز ئالتە مىڭ لەشكىرى بىلەن كەلدى. ئادەم ـ ئادەمنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ ھېسابى يوق ئىدى. بىراندۇق يەنە ئىسكەندەرگە روبىرو بولۇپ، يۈزىـدىن نىقابىنى كۆتۈردى. ئىسكەندەر بىراندۇقنى كۆرۈش بىلەن بىھوش بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى. ھۆكۈمالار ئېلىپ چىققۇچە بىرانـدۇق ئىسكەندەرنى بەندكە تارتىپ ئېلىپ كەتتى. ئەمما، بۇقرات① سەكسەن لەك لەشكەرنى، مېھرىنازنى، روشەڭنى، چىن كېنىزىكىنى، رەقۇبانۇنى، مەلىكەئى شامنى ۋە بارلىق ھۆكۈمالارنى ئېلىپ قېچىپ، «بەندكە جۇرات»تىن ئۆتۈپ چۈشكۈن قىلدى. قالـغان لەشكەرنى بىرانـدۇق ئەسىر قىلىـۋالـدى. بىراندۇق پادىشاھ ئىسكەندەرنى «قايسى ئىش ئېغىر بولسا، شۇنـىڭغا سالغىن. ئۇنىمىسا، ئەدەپ بەرگىن. ئەگەر دېگىنىم بويىچە قىلمىسا، ئۇرۇق ـ ئەۋلادىنى قۇرۇتىۋېتىمەن» دەپ بىر بۇياقچىغا تاپشۇردى. بۇياقچى ئىسكەندەرنى سۇ توشۇغىلى سالدى.

ئىسكەندەر بىر كۈنى سۇ ئېلىپ كېلىۋاتقاندا مۇرىسى ئاغرىپ

① بۇقرات (66 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ)

كېتىپ كوزىنى يەردە قويدى. يەردە تاش بار ئىدى، كوزا تاشقا تېگىپ سۇندى. بۇياقچىنىڭ بىر شاگىرتى بار ئىدى، كىرىپ بۇ ئەھۋالنى ئۇستىسىغا مەلۇم قىلدى. بۇياقچى چىقىپ پادىشاھ ئىسكەندەرنى بىر كاچات ئۇردى. يەنە بىر كاچات ئۇرماقچى بولىۋىدى، غايىبتىن: «ئەي ناپاك، تەڭرىنىڭ ساھىب قىرانىغا جاپا قىلمىغىن!» دېگەن سادا كەلدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بۇياقچى شۇ زامان ئىسكەندەرنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنىڭغا ھېسابسىز ئۆزرە ئېيتتى ۋە: «سىزنى ئىشقا سالمىسام بىراندۇق مېنى ئۆلتۈرىدۇ. سىزگە ئىككى ئېشەك بېرەي، يېزىدىن سامان ئەكىلىڭ» دەپ ئىككى ئېشەك جابدۇپ بەردى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ئېشەكلەرنى ھەيدەپ كېتىپ باراتتى، ئىككى ئات يېتىلەپ بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ئىسكەندەر قارىسا، بۇ كىشى شەردەر① ئىكەن. شەردەر تونۇماي ئۆتۈپ كەتتى. ئەمما، كېتىۋېتىپ: «ئاھ ئىسكەندەر!» دەپ يىغلايتتى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ يىغلىدى. شەردەر قارىسا، ئىسكەندەر ئىكەن. دەرھال ئۆزىنى ئاتتىن تاشلاپ، زار-زار يىغلاپ، ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويدى ۋە:

— ئەي پادىشاھىم، ئۆزلىرى نەدە ئىدىلە؟ — دېدى.

— مەن بۇياقچىنىڭكىدە ئىدىم، — دېدى ئىسكەندەر.

---

① شەردەر — پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىدىن بىرى.

— مەن دىۋان بىگىنىڭكىدە ئىدىم، بۇ ئۈچ ئاتنى باقىمەن، ئۈچ بەھرام قەيسەرنىڭ ئۈچ مىڭ يىلقىسىنى باقىدۇ، — دېدى شەردەر. بۇ چاغدا، بەھرام چىنى چىقىپ كەلدى. ئۇلار ئۆز-ئارا كۆرۈشتى ۋە شەنبە كۈنى قاچماقچى بولۇشتى.

بەھرام چىنى بىلەن شەردەر بىرىپ شاھ مۇختارغا، ئەسىر كەنئانىغا، مالىك سەرخەسىغە، ئەھمەدى كۇفىيغە خەۋەر بەردى. بۇلار ئۆزئارا خەۋەرلىشىپ ئۈچ مىڭ كىشى جەم بولدى. شەنبە كۈنىگىچە يەنە ھەرقايسى جايدىكىلەر خالى يەرگە يىغىلىپ تۇرماقچى بولۇشتى.

پادشاھ ئىسكەندەر يەنە سامان ئەكەلگىلى چىقتى. شەردەر باشلىق ھەممە لەشكەرلەر يېتىپ كەلدى. ھىسابلاپ كۆرۈۋىدى، ئۈچ لەك لەشكەر يىغىلىپتۇ. ئۇلار كېچىدە كېلىپ بارلىق مىراخورلارنى① ئۆلتۈرۈپ، ئۈچ لەك كىشى ئۈچ لەك ئاتنى تاللاپ مىنىپ، شۇنداق قاچتىكى، ئاتلىرىنىڭ يۈگۈرۈشى چاقماقتىن تىز، خەستىن يېنىكرەك ئىدى.

بىر كىشى قېچىپ كېلىپ بىراندۇققا ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئۇ كۈنى بىراندۇق خاس ئوردىسىغا چىققانىدى. خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ دەرغەزەپ بولۇپ، بىللە چىققان تۆت يۈز قىز بىلەن بىرلىكتە ئىسكەندەرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى ۋە: «ئاتامغا ئېيتقىن، ياراق-جابدۇقىمنى ئارقامدىن ئەۋەتسۇن!»

① مىراخور — پادشاھ ئات باقارلىرىنىڭ باشلىقى.

دەپ ئاتىسغا كىشى ئەۋەتتى. ئەمما، قەيسەرنىڭ قوستان ئاتلىق بىر ھۆكۈماسى بار ئىدى. ئۇ قورئى سېلىپ قەيسەرگە: «ئەي قەيسەر، بۇ نۆۋەت براندۇقا خەتەردۇر، بارمىسۇن» دېدى. قەيسەر براندۇقنىڭ ئارقىسىدىن «قىزىم بارمىسۇن» دەپ كىشى ئەۋەتتى. بۇ كىشى يېتىپ كېلىپ قەيسەرنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگەندى، براندۇق ئۇنىماي كېتىۋەردى.

بوقرات ھەكىم ئىسكەندەرنىڭ ھالىغا پال سېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئۈچ لەك لەشكەر بىلەن قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپتى ھەمدە ئىسكەندەرنىڭ نۇسرەت (غەلىبە) تېپىشى ئۈچۈن مەدەت بېرىش مەقسىتىدە بىرقانچە كىشىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ پال سالغانىدى، رەقۇبانۇنىڭ ئىسمىغا چىقتى. بوقرات: «ئەي ئەبۇلفەتتاھ، تېز بولۇڭلار! ئەر-خوتۇن ئىككىڭلار مىسىرغا پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا بېرىڭلار، مىسىردا ئۇچراشقايسىلەر» دېدى.

ئەبۇلفەتتاھ ئەر-خوتۇن قايتا-قايتىلاپ ئىسمىيات ئوقۇپ ئۆزلىرىگە دېمىدە قىلىپ، يولغا راۋان بولدى. ئۈچ كېچە-كۈندۈز دېگەندە مىسىرنىڭ تەۋەلىكىگە يەتتى. كۆز ئالدىدا چاڭ-توزانلار نامايان بولدى. چاڭ-توزانلار ئارىسىدىن پادىشاھ ئىسكەندەر چىقىپ كەلدى ۋە ئەبۇلفەتتاھ رومى بىلەن كۆرۈشۈپ، ھال-ئەھۋال سورىشىپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىر كىشى كېلىپ براندۇقنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئىسكەندەر براندۇقنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاش بىلەن قولىدىن يېپ

ئۇلتۇرغان تائاملىرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى. بۇنى كۆرۈپ رەقۇبانۇ: «ئەي پادىشاھىم، جەڭگە سىلى كىرمىسىلە، مەن كىرەي» ـ دەپ تۇراتتى. براندۇق ئات سېلىپ مەيدانغا كىرگەنچە پەرياد قىلدى:

ـ ئەي ئىسكەندەر، ماڭا ئاشىق بولساڭ، مېنى قولۇڭغا ئالغىن!

شۇ زامان رەقۇبانۇ مەيدانغا كىرىپ براندۇققا ئۇدۇل بولدى. براندۇق:

ـ سەن كىمسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ مەن كۈشەندىگدۇرمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى، رەقۇبانۇ شەمشەر ئويىنىتىپ، براندۇققا قىلىچ ئۇردى، براندۇق رەت قىلىپ ئۈزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ئىككىنچى قېتىم يەنە ئۇردى. شەمشەر براندۇقنىڭ دۇبۇلغىسىدىن ئۆتۈپ بېشىغا تۆت ئىلىك ئورنىدى. شارقىراپ قان ئاقتى. بۇ چاغدا ھۆكۈمالار ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ ئېلىپ، يارىسىغا مەلھەم قويۇپ، بەش كۈندە ساقايدى.

ھۆكۈمالار يەنە قۇرئى سالغاندى «خەتەرمۇ يوق، زەپەرمۇ يوق» بولۇپ چىقتى. براندۇق بولسا «رەقۇبانۇ كىم، مەن كىم، ماڭا شۇنداق زەخمە يەتكۈزەمدۇ؟» دەپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يۈرەتتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ جايدىن كۆچۈپ يەتتە كېچە-كۈندۈز دېگەندە باغدات شەھىرىگە يەتتى ۋە شۇ جايدا چۈشۈپ ئارام ئالايلى، دەپ تۇرۇشىغا براندۇق يەنە قوغلاپ كەلدى.

## 19

# براندۇق ھەزرىتى ئىسكەندەرنى تۆتىنچى نۆۋەت باسۇرۇق قىلغىنى

خەۋەرچىلەر براندۇقنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. پادشاھ ئىسكەندەر يەنە بىخۇد بولۇپ يىقىلدى. ئەبۇلفەتتاھ باشلىق بارلىق لەشكەرلەر سەپ تارتىپ تۇردى. رەقۇبانۇ مەيدانغا كىرىپ براندۇققا ئۇدۇل بولدى. ئىككىسى نەچچە رەت ئېلىشتى. ئاخىر براندۇق ئاۋۋال ھۇجۇم قىلىپ رەقۇبانۇنى تۇتۇپ بەندكە تارتتى ۋە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ، جاللاتقا تاپشۇردى. ئەمما، رەقۇبانۇ جاللاتنى ئۆلتۈرۈپ، شەمشىرىنى ئېلىپ، ئېتىغا مىنىپ يەنە مەيدانغا كىرىپ براندۇققا ئۇدۇل بولدى. براندۇق دەرغەزەپ بولۇپ، قولىغا قىلىچىنى ئېلىپ رەقۇبانۇ بىلەن شۇنداق تۇتۇشتىكى، ھەر ئىككىلىسى باراۋەر كەلدى. براندۇق ئاخىرى چارچاپ رۇمغا قايتتى.

رەقۇبانۇ باشلىق لەشكەرلەر سودىگەر سۈرىتىدە بولۇپ «قەلئەيى رەفرەن»گە كەلدى. بۇ شەھەر شۇنداق خۇش ھاۋا ئىدى. ئۇنى جەمشىد بىنا قىلغانىدى. رەفرەننىڭ پادىشاھى

خەۋەر تىپىپ، ھەزرىتى ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلىپ شەھەرگە ئېلىپ كىردى ۋە پادىشاھ ئىسكەندەرنى راۋاقتا باشلاپ چىقتى. ئىسكەندەر رەفرەفىنىڭ پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ شەھەرنى ئۆز ئىختىيارىغا ئالدى. شەھەر خەلقى ئىسكەندەرگە ئىتائەت قىلدى. ئاندىن بارلىق شەھەرگە نامە ئەۋەتىلدى.

ئىسكەندەرگە تەئەللۇق شەھەرلەردىن ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۈچ يۈز مىڭ لەشكەر كېلىپ جەم بولدى. ئىسكەندەر سىپاھ-لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يەنە رۇمغا قاراپ ئاتلاندى: بەھرام چىنى يەتتە لەك لەشكەر بىلەن، شەردەر ئىككى لەك لەشكەر بىلەن، تەجرىبە، كامكارى ئون بىر لەك لەشكەر بىلەن، بارۇق بەربەرى ئون لەك لەشكەر بىلەن ماڭدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋىتىدىن يەر-ئاسمان تەۋرەيتتى.

ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن پادىشاھ ئىسكەندەر ئوتتۇز ئالتە لەك لەشكەر بىلەن تۇغى كەيكاۋۇس، كەيقىباد، مۇنۇ چەھرە، فەرىدۇن، ئەفراسىياپنى ئېلىپ نەفرەتى شاھ تومارىس دىۋەبەند، كيومىرس ئادەم سەفىد، مىھرى روشەك، كارنايى جەمشىد، ئىككى مىڭ بەش يۈز نەققارى زەررىن فەرىدۇن بىلەن نەۋا چىقىرىپ ماڭدى.

خۇنكار ھۇزۇرىدا شاراب ئىچىپ ئولتۇراتتى. قاراۋۇل كىرىپ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. خۇنكار سەييارە دېگەن پالۋاننى ئىسكەندەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. سەييارە دەرھال ئاتمىش لەك لەشكەر بىلەن

كېلىپ، يولدا بۆكتۈرمە قويۇپ ساقلاپ تۇردى. بەھرام چىنى كەلگىنىچە سەييارە بىلەن گىرەلىشىپ كەتتى. بەھرام سەييارە بىلەن نەچچە رەت ئېلىشقاندىن كېيىن، ئاداۋەت نەيزىسىنى سەييارىنىڭ كۆكرىكىگە شۇنداق ئۇردىكى، ئارقىسىدىن تېشىپ چىقتى.

بەھرام سەييارىنىڭ لەشكەرلىرىنى تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. خۇنكارغا بۇ خەۋەر يەتتى. خۇنكار ھېسام دېگەن ئۇمەراسىنى سەكسەن ئالتە لەك لەشكەر بىلەن ئەۋەتتى. ئۇ بەھرام بىلەن ئىككىنچى بۆكتۈرمىدە ئۇدۇل بولۇپ شۇ قاتارلىق جەڭ قىلدىكى، رۇستەم ئىبرەت ئالغاي، ئاخىر بەھرام شەمشەر بىلەن ھېسامنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ بىر ئۇرغانىدى، ھېسامنىڭ بېشى قىرىق غۇلاچ يەرگە بېرىپ چۈشتى. ھېسامنىڭ ئون ئالتە مىڭ لەشكىرى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، خۇنكار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ھۇش-كاللىسىدىن ئايرىلدى.

خۇنكار بىر پەستىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ جۇبباله دېگەن ئۇمەراسىغا قارىدى ۋە: «سەن بېرىپ بەھرامنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەل، يا بېشىڭنى بېرىپ كەل!» دېدى. جۇبباله ئەللىك مىڭ كىشى بىلەن كېلىپ بەھرامغا ئۇدۇل بولدى. ئۇلار نەچچە قەپەس ئېلىشتى. ئاخىر بەھرام جۇبباله‌نىڭ بېلىدىن قاماللاپ تۇتۇپ «يا پاك تەڭرىم!» دەپ يەرگە ئۇرغانىدى، جۇبباله يەرگە مىخ قاققاندەك بەند بولدى. يىگىرمە لەك لەشكىرى نابۇت بولۇپ، ئوتتۇز لەك لەشكىرى زەخمە يېدى. بۇ خەۋەرمۇ

خۇنكارغا يەتتى. خۇنكار ئۆزى ئاتلىنىپ كېلىپ مەيداندا سەپ تۈزۈپ تۇردى. ئاڭغىچە پادىشاھ ئىسكەندەرمۇ يېتىپ كېلىپ سەپ تۈزدى. «ئىككى دەريا» مەۋج ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلار يەكمۇ يەك سوقۇشۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ يەنە ئۆلگۈچە ئات سېلىشتى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ باراتتى. خۇنكارنىڭ كۆزى پىيالىچە بولدى. شۇ ئەسنادا يەنە چاڭ-توزانلار پەيدا بولدى. چاڭ-توزان ئارىسىدىن براندۇق ئوتتۇز ئالتە مىڭ لەشكىرى بىلەن چىقىپ «دېۋنزاد ئالەمگەرد»گە مىنىپ كېلىپ، لەشكەر ئارىسىغا چۆكتى ۋە ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ نىقابىنى كۆتۈردى. ئىسكەندەر براندۇقنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى. براندۇق ئۇنى يەنە باسۇرۇق قىلدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر قېچىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ بىر دەرياغا كىردى، دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە كېمىچىنىڭ بىرى يەنە بىرىگە: «بۇ ئىسكەندەر، براندۇقنىڭ ياغىسى» دېگەندى. كېمە شۇ زامان غەرق بولدى. ئىسكەندەر بىر پارچە تاختاي ئۈستىدە قالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر قورقۇپ كۆزىنى يېرىم يۇمغىنىچە ئېقىپ كېتىپ باراتتى، تۇساتتىن بىر شەھەر نامايان بولدى. ئۇ شەھەر «رەكنە» دەپ ئاتىلاتتى.

رەكنە پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئىدى. شۇ كۈنى ئۇ قىز راۋاقتا ئولتۇراتتى. تۇساتتىن دەريادا بىر ئادەمنىڭ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. مەلىكە راۋاقتىن چۈشۈپ، كېمىگە

ئولتۇرۇپ ئارقىسىدىن يىتىپ كېلىپ: «ئەي ئادەمزات، بۇ ياققا ئۆتتۈڭ. نېرىسىغا بارسىڭىز سالامەت يانماسسىز، بۇ دەريا قۇلزۇم① دېڭىزىغا قوشۇلىدۇ، ئاندىن كوھىقاف②قا ئېقىپ كىرىدۇ» دەپ ئىسكەندەرنى دەريادىن ئېلىپ چىقتى ۋە راۋاققا ئېلىپ كېلىپ بەزمە قۇردى.

— ئەي ئادەم، ئېتىڭىز نېمە؟

— ئېتىم قۇتبىددىن، كارۋان بېشى، — دەپ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر، — ئۆزەم سودىگەر ئىدىم. دەريادا غەرق بولۇپ، مال - مۈلكۈم سۇدا ئېقىپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئۆزگىسىنى بىلمەيمەن.

— ئىسكەندەر دەپ بىر پادىشاھ پەيدا بولۇپتۇ، ئالەم ئارا جاھانگىرلىك داۋاسى قىلىپ، بىراندۇقا ئاشىق بولۇپ، يەتتە مەرتىۋە باسۇرۇق بولۇپتۇ، دەپ ئىشىتتۇق، — دېدى مەلىكە، — خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— خەۋىرىم بار، ئىسكەندەر رۇمدىن باشقا بارلىق ئىقلىمنى ئېلىپتۇ، ئەمما رۇمغا كەلگەندە بىراندۇقا ئاشىق بولۇپ، بىراندۇقنى كۆرسە، تاقەت قىلالماي بىھوش بولىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىراندۇق قېچىپ كېتىدىكەن.

مەلىكە ئېيتتى:

---

① (1) قۇلزۇم — قىزىل دېڭىز.

② (2) كوھىقاف — ئەپسانىۋي تاغ نامى.

— مەن ئىسكەندەرنىڭ غايىبانە پەرىقىدا كاۋاپ بولدۇم. كىشى قوشۇپ بەرسەم، مېنىڭ ئەرزىمنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزۈپ قويالارسىزمۇ؟

— خوپ، بولىدۇ.

قىزنىڭ ئاتىسىغا «مەلىكە دەريادىن بىر ئادەم تېپىۋالدى. بۇ ئادەم پادىشاھ ئىسكەندەرنى بىلىدىكەن» دېگەن خەۋەر يەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاتىسى قىزىغا «شۇ ئادەمنى بەرسۇن» دەپ كىشى ئەۋەتتى. پادىشاھنىڭ ئىككى ۋەزىرى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى لامىئە، بىرىنىڭ ئېتى سامىئە بولۇپ، بىرى گۆھەرشۇناس، بىرى ئادەمشۇناس ئىدى. لامىئەنىڭ كۆزى ئىسكەندەرگە چۈشتى ۋە پادىشاھى رەكىنەگە:

— بۇ كىشى ئىسكەندەر بولسا كېرەك، — دېدى.

— قانداق بىلدىڭىز؟ — ۋەزىر ئېيتتى:

— بۇ كىشىنى ئوردىغا ئېلىپ بېرىپ، مەي ئىچۈرۈپ، مەست بولغاندا بېشىنى ئېچىپ قاراپ بېقىش كېرەك، — دەپ مەسلىھەت قىلدى ۋەزىر، — ناۋادا ئىسكەندەر بولسا، مۈڭگۈزى باردۇر. مەن كىتابتىن «زۇلقەرنەين» دېگەن سۆزنىڭ «ئىككى مۈڭگۈزلۈك» دېگەن مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگەنىدىم.

پادىشاھى رەكىنە پادىشاھ ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلىپ، مەي ئىچۈرۈپ مەست بولغاندا بېشىنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، ھەقىقەتەن ئىككى مۈڭگۈزى بار ئىكەن. ئەمما، ئىسكەندەر پادىشاھ رەكىنەنىڭ قېشىدا مەلىكىگە ھەزىل-چاقچاق قىلغانىدى،

پادشاھ رەكىنە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ: «ئەي بىنەدەپ، مۇساپىر بولساڭ مېنىڭ قېشىمدا بۇ نېمە قىلغىنىڭ!» دەپ ئىسكەندەرنى باغلاپ ساندۇققا سولاپ، ساندۇقنى ھارۋىغا سېلىپ، سەكسەن كىشى تەيىنلەپ براندۇققا ئەۋەتتى.

ئەمما مەلىكە «ئاتام مېنى پىراق ئوتىغا گىرپىتار قىلدى» دەپ، ئاتىسىنى ھۇجرىسىغا چىرلاپ، ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە خەنجەر ئۇرۇپ، ئۇ دۇنياغا يولغا سالدى. يەتتە ئۇمەراسىنمۇ بىر-بىردىن قازناققا چىرلاپ ئۆلتۈردى. ئاندىن ئاتىسىنىڭ تەختىگە چىقىپ ئولتۇردى. شەھەرنى ئۆز ئىختىيارىغا ئېلىپ، ناغرا چالدۇرۇپ، ئون سەككىز مىڭ لەشكەر بىلەن ۋەزىرنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى.

ۋەزىر ئىسكەندەرنى ئېلىپ خېلى كۆپ يول ماڭغاندىن كېيىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتى ۋە تائامغا تۇتۇش قىلدى. شۇ ھالدا لەشكەرلەردىن بىرى كاۋاپ قىلىپ يەي دەپ بىر پارچە گۆشنى ساندۇق تۆپىسىگە قويۇپ قويغانىدى. ئەمدى ئوتقا سالاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر ئادەمخور قۇش ئۇچۇپ كەلگىنىچە گۆشنى ساندۇق بىلەن كۆتۈرۈپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى. خىزمەتچىلەر «ھاي! ھاي!» دەپ قېلىشتى. قۇش بىر پەستىلا كۆزدىن غايىب بولدى. شۇ ئەسنادا مەلىكە يېتىپ كەلدى ۋە خىزمەتچىلەردىن:

— ئىسكەندەر قېنى؟ — دەپ سورىدى.

— سەللا بۇرۇن كەلگەن بولسلا ئىسكەندەرنى ئاجرىتىپ

ئالاتتىلا، ھېلىراقتا ئادەمخور بىر قۇش ساندۇق بىلەن كۆتۈرۈپ، ئاسمانغا چىقىپ غايىب بولدى، — دەپ جاۋاب بىرىشتى خىزمەتچىلەر.

مەلىكە ئاتىسىنىڭ سەۋەبى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ھىجرانىغا گىرىپتار بولۇپ، باياۋانغا قاراپ يول ئالدى. شەھىرى ۋەيران بولۇپ، خەلقى ھەر تەرەپكە كەتتى.

ھېلىقى ئادەمخور قۇش ھەزرىتى ئىسكەندەر بار ساندۇقنى ئېلىپ كېلىپ، بالىلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆزى يەنە ئۇچۇپ كەتتى. قۇش بالىلىرى ساندۇق تۆپىسىدىكى گۆشنى يېدى. ساندۇق شۇ پېتى قالدى......

## 20

# مەكىنە ھەكىمنىڭ ھەزرىتى ئىسكەندەرنى بەندىتىن خالاس قىلىپ، لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلگىنى

تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر شەھەر بار ئىدى. ئۇنى «رەكانى» دەپ ئاتايتتى. رەكانى پادىشاھىنىڭ بىر ھۆكۈماسى بار ئىدى ئىسمى مەكىنە ئىدى. بىر كۈنى پادىشاھ ھۆكۈماغا:

— ئەي مەكىنە، قۇرئى سېلىپ بېقىڭ، ئىسكەندەرنىڭ قەدىمى بۇ شەھەرگىمۇ يېتەمدىكىن؟ — دېدى. مەكىنە قۇرئى سېلىپ:

— ئەي پادىشاھىم، ئىسكەندەرنى ئادەمخور قۇش رەكىنە باياۋىنىدىن ئېلىپ كېلىپ، بۇ يەردىكى تاغقا قويۇپتۇ، ماڭا ئىككى كىشى قوشۇپ بەرسىلە، مەن بېرىپ ئېلىپ كىلەي، — دېدى.

پادىشاھ ئىككى كىشى قوشۇپ بەردى. مەكىنە بۇ يەردىن چىقىپ تاغقا ئاز قالغاندا، ئۆزى بىلەن بىللە كەلگەن ئىككى كىشىنى قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر تاياققا مىنىپ «ئىسمىئەئزەم»

ئوقۇرغانىدى، تاياق ئۇچۇپ ئادەمخور قۇشنىڭ ماكانىغا ئېلىپ باردى. مەكىنەنى كۆرۈپ قۇشلارنىڭ ئەركىكى بىلەن چىشىسى تەڭلا ھۇجۇم قىلدى. بۇ چاغدا مەكىنە «ئىسمىئەئزەم» ئوقۇپ قۇشلارغا دېمىدە قىلىۋىدى، قۇشلارنىڭ تۇمشۇقى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ قالدى. مەكىنە ساندۇقنى ئېلىپ ھەمراھلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە: «ئەي بۇرادەرلەر، سىزلەر ئەمدى پادىشاھ قېشىغا بېرىڭلار، مەن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىدە بولاي» دەپ ساندۇقنى ئېچىپ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ يۈزىگە گۈلاب (ئەتىرگۈل سۈيى) سەپكەنىدى، پادىشاھ ئىسكەندەر ھوشىغا كەلدى. مەكىنە ئىسكەندەرگە سالام قىلدى.

— سىز كىم بولىسىز؟

— مەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتكارى، ئىسمىم مەكىنە، ئۆزەم ھۆكۈما.

— لەشكەرلىرىم نەدە؟

— لەشكەرلىرى باغداتتا، مەن لەشكەرلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باراي.

مەكىنە ئىككى كۆپ كەلتۈردى. بىرىگە ئۆزى ئولتۇردى. بىرىگە ئىسكەندەرنى ئولتۇرغۇزۇپ «ئىسمىيات» ئوقۇپ دېمىدە قىلغانىدى، كۆپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر قورقۇپ كۆزىنى يۇمدى. شۇ تەرىقىدە بىر سائەتتىن كېيىن ئۆزىنى باغدات دەرۋازىسىدا — لەشكەر ئارىسىدا كۆردى. لەشكەرلەر پادىشاھ ئىسكەندەرنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، ناغرى-

لىرىنى ساداغا كەلتۈردى. ھەزرىتى ئىسكەندەر رۇمغا ئەللىك لەك لەشكەر بىلەن يۈزلەندى. مەكىنە بولسا، رۇمغا كېلىپ قۇستاس ھەكىمنىڭ قېشىغا كىردى. قۇستاس مەكىنەنى كۆرۈپ:

— سەن كىمسەن، نېمە ئىشقا كەلدىڭ؟ — دەپ سوزىدى.

— سىزگە شاگىرد بولغىلى كەلدىم، — دەپ جاۋاب بەردى مەكىنە.

— ئېتىڭ نېمە؟

— ئېتىم مەكىنە.

قۇستاس پال ئېچىپ مەكىنەنىڭ ئۆزىدەك ھۆكۈما ئىكەنلىكىنى، ئەمما جاسۇسلىقمۇ بارلىقىنى، ھەزرىتى ئىسكەندەر قېشىدىن كەلگەنلىكىنى بىلدى.

— ئەي مەكىنە، — دېدى قۇستاس، — سەن ئىسكەندەر قېشىدىن كېلىپسەن.

— ئەي ھەكىم، راست، مەن ئىسكەندەر قېشىدىن كەلدىم، بىراق سەن مۇسۇلمان تۇرۇپ كاپىرغا خىزمەت قىلغىنىڭ نېمىسى؟

— ئەي مەكىنە، ئىسكەندەر رۇم زېمىنىنى ئالسا، ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا مېنى ۋە مېنى ئەللىك يىل ئوقۇتقىدەك ھەر ـ ھەر ھۆكۈمالار توپلىنىدۇ. بىزمۇ ئۆزىمىزگە چۈشلۇق ئادەم. ھازىر بارساق تۆۋەن قالىمىز. بىراندۇقنى ئالغاندا بىللە بارساق، قىز تەرەپتىن بارغان كىشى ئېتىبارلىق، ئىززەتلىك بولىدۇ. تۇرغىن، مەن سېنى بىراندۇققا ئەلچى قىلاي، ئۇنىڭ ـ

دىن سۆز ئېلىپ، ئىسكەندەر قېشىغا بىرىپ بايان قىلغىن، — دېدى قۇستاس ۋە مەكىنەنى براندۇقنىڭ قېشىغا باشلاپ كىردى.

— بۇ كىشى كىم؟

— ئىسكەندەرنىڭ ئەلچىسى

مەكىنە نامە تۇتۇپ بەردى. براندۇق نامىنى قۇستاسقا بەردى. قۇستاس نامىنى ئوقىدى: «مەنكى پادىشاھ ئىسكەندەر-دۇرمەن. جاھانگىر بولماق مېنىڭ سۈپىتىمدۇر. جاھىللىق قىلماي ماڭا ھەمراھ بولغىن. بولمىسا، رۇمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، قامچا بويى يەر قالدۇرماي، باسۇرۇق بولغان لەشكەر-لىرىمنىڭ خۇنىنى ئالىمەن. ئىككى تال چاچ ۋە زۇننارىڭدىن تۇتۇپ، سېنى تاماشاھ قىلىمەن. ئۇ چاغدا ئىززىتىڭ قالماس، نامە تامام.» براندۇق نامىنى ئاڭلىغاندا دېمىقىدىن دۇد(تۈتۈن) ئۆرلىدى ۋە شۇ ھامان قوستاسقا «ئىسمىنەئىزەم» ئوقۇتۇپ مەكىنەنىڭ ئاغزىغا دېمىدە قىلدى. ئاندىن قۇستاسقا: «مەن شەمشەر سىلەن ھەيۋە قىلىپ تۇراي، سەن سۆز سورىغىن!» دېدى.

قۇستاس مەكىنەدىن سۆز سورىدى. مەكىنە ئاستا-ئاستا سۆزلەپ ئولتۇرۇپ غايىب بولدى. براندۇق ھەيران قالدى.

تۇساتتىن قۇستاسنىڭ كېلىدىن بىر نېمە بوغقاندەك مەلۇم بولۇپ دېمى تۇتۇلدى. بۇ چاغدا مەكىنە قۇستاسنىڭ مەسە-سىگە كىرىپ سەجدە قىلىشقا باشلىدى. قۇستاس ئۆلەر ھالەتكە

يەتتى. براندۇق:

— ئەي مەكنە، بۇ يان چىققىن! بولمىسا، مەن كىرىمەن، — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئەگەر سىز كىرسىڭىز ئىسكەندەر بىلەن قىزىل زىندانغا سولاپ قويىمەن.

براندۇق قورقتى:

— ئەي براندۇق، — دېدى مەكنە، — سىزمۇ ھۆكۈما، مەنمۇ ھۆكۈما، ئىككۆيلەن سىنىشىپ كۆرەيلى، ئىسكەندەرمۇ يېتىپ كېلەي دەپ قالدى.

براندۇق ئوتتۇز ئالتە مىڭ لەشكىرى بىلەن رومدىن چىقىپ، بەش كېچە-كۈندۈزلۈك يەرگە كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىنى توسۇپ ياتتى. مەكنەمۇ قوستاسنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، بەش كېچە-كۈندۈزلۈك يەرگە كېلىپ، براندۇقنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، يولنىڭ تۆت بۇرجىغا تۆت قوزۇق قاقتى. يەتتە خىل ئەۋرىشىمنى يۆگەپ «ئىسمىيات» ئوقۇپ دېمىدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن سېپىللىرى پەلەككە تاقاشقۇدەك بىر شەھەر پەيدا بولدى: سېپىللىرى قىرىق گەز بولۇپ، ھەر قوۋۇقتا بىر دېۋە نەرە تارتىپ تۇراتتى. مەكنە يەنە بىر باغ يىكەننى توغراپ «ئىسمىيات» ئوقۇپ چاچقانىدى، ھېسابسىز چېرىك پەيدا بولدى. جىنلارنى تۇتۇپ، يىكەن پالۋانلارنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇپ، تارشىغا «ئىسمىئىزەم» ئوقۇپ سورەتلەرگە (يىكەن پالۋانلارغا) تۇتقۇزۇپ قويغانىدى، تارشلار ئومۇتقا ئايلاندى.

ئۆزى ئەجدىھاغا مىنىپ، ئىسكەندەرنىڭ سۈرىتىدە بولۇپ، مەيدانغا كىرىپ: «ئەي براندۇق، مانا مەن پادىشاھ ئىسكەندەردۇرمەن» دەپ پەرياد قىلدى. براندۇق كۆڭلىدە «ئىسكەندەر بىزدىن ئۆلگىرى كېلىپ يولنى توسۇپ تۇرغانىكەن» دەپ مەيدانغا ماڭدى. بۇ چاغدا قۇستاس ھەكىم: «ئەي براندۇق، نەگە بارىسىز؟ ئۇ ئىسكەندەر ئەمەس، مەكىنەدۇر. ئارقىڭىزغا يېنىڭ» دەپ ۋارقىرىدى، شۇ ئەسنادا چاڭ-توزان نامايان بولدى، چاڭ-توزان ئارىسىدىن پادىشاھ ئىسكەندەر ئاتمىش لەك لەشكەر، ئوتتۇز مىڭ پادىشاھ، يىگىرمە مىڭ ئۆمەرا بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە بۇ شەھەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. شۇ ھالدا مەكىنە كېلىپ ئىسكەندەرگە تازىم قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر سورىدى:

— ئەي ئەجدىھاغا مىنىۋالغان كىشى، سىز كىم بولىسىز؟

— مەن مەكىنە ھەكىمدۇرمەن، — جاۋاب بەردى مەكىنە تازىم قىلىپ، — يەنە بىر كۈن ھايال بولسىلا ئىدى، براندۇقنى ئۆزلىرىنىڭ قېشىغا ئېلىپ باراتتىم.

— ئەگەر شۇنداق قىلغان بولساڭ، نەسلىڭنى نابۇت قىلار ئىدىم. ئۇنىڭغا نامەھرەم قول تەككۈزمەي، ئۆزۈم ئالىمەن.

بۇ چاغدا براندۇق مەيدانغا كىرىپ پەرياد قىلىپ:

— يا ئىسكەندەر، ئالتە يىل بولۇپتۇ، ئون بىر ياشتا ئىدىم، ئون يەتتە ياشقا كىردىم. رۇمدىن يېغىلىق كام بولمىدى. ھەر قېتىم تېرىقچىلىق مەزگىلىدە كېلىسەن، دېھقانلار تېرىقچىلىق

قىلالماي شەھەرگە قېچىپ كىرىۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن قەھەت-چىلىك يۈز بەردى. ئەگەر ماڭا ئاشىق بولساڭ، مەيدانغا كىرىپ مېنى تۇتۇۋال. مەن سېنىڭ بولاي. ئەگەر مېنى خاھ كۈچ بىلەن، خاھ چەك بىلەن ئالالمساڭ، مەن سېنىڭ ئىسكەن-دەر دېگەن ئىتىڭنى جاھاندىن يوق قىلىمەن، — دەپ ئارقىسىغا ياندى.

21

# براندۇقنىڭ پادىشاھ ئىسكەندەرنى بەشىنچى نۆۋەت باسۇرۇق قىلغىنى

ئۇن قىز براندۇقنىڭ قورال-جابدۇقلىرىنى يەتكۈزۈپ بەردى. بىراندۇق توققۇز قات پولاتتىن ساۋۇت كىيگەندى. بۇ تەرەپتىن ئىسكەندەر مەيدانغا كىرىپ، براندۇققا ئۇدۇل بولۇش بىلەن ئىسكەندەرنىڭ بەدىنىدىن ھەرىكەت كېتىپ، تىترەك ئولاشتى. براندۇق:

— ئەي ئىسكەندەر، نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى.

— ئەي جانىنى قىينىغۇچى مەھبۇبە، — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر، — ئۆلتۈرسەڭ ئۆلتۈر، رازىلىق بەردىم......

قىسسە: براندۇق نىقابىنى كۆتۈردى. ئىسكەندەر بىر ئاھ ئۇرغاندى، ئاسمان تەۋرەپ مالائىكەلەرگە غۇلغۇلا چۈشتى. بىر ئىسسىق نەپەس براندۇقنىڭ دىمىقىدىن كىرىپ يۈرىكىگە بەند بولدى. ئىسكەندەر بىھوش بولۇپ ئاتتىن يىقىلدى. براندۇق قول ئۇزىتىپ ئىسكەندەرنى ئالماقچى بولۇۋىدى،

مەكنە بىر جىننى ئادەم سۈرىتىدە قىلىپ بىراندۇقنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويىدى. بىراندۇق بىلمەستىن ئېلىپ كېلىپ يەرگە ئۇردى ۋە: «ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلدىم» دېدى.

بۇ چاغدا ئۇستاس مەكنەنىڭ بەدىنىدىن جىننى خالاس قىلدى. جىن بىر چىرقىراپ ئوت بولۇپ چىقىپ كەتتى. بىراندۇق بۇنى كۆرۈپ، دەرغەزەپ بولۇپ، بارلىق لەشكىرى بىلەن ئات سالدى. ئاڭغىچە دۇمباق چېلىنىپ ھەر ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى قايتىپ ئۆز تۇرالرىغا چۈشتى.

## 22

# براندۇقنىڭ ھەزرىتى ئىسكەندەرنى ئالتىنچى نۆۋەت باسۇرۇق قىلغىنى

پادشاھ ئىسكەندەر شۇ كېچىسى قوزغىلىپ «دەريايى سۇمارە»نىڭ قىرغىقىغا كېلىپ چۈشتى. ئالگىرى قايتۇرغان لەشكەرلەرگە ۋە چىن مەملىكىتىدىن تا مەغرىب زېمىنىغىچە نامە ئەۋەتتى. بىر ئاي دېگەندە توقسان ئالتە لەك لەشكەر جەم بولدى. شۇنىڭ بىلەن رۇم ئۈستىگە يەنە چېرىك تارتتى. ھېچكىمنىڭ قارشى چىقىشىغا ھەددى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاخىر ھۆكۈما ۋە ئۇمەرالار نامە تەييارلاپ ئىسكەندەر زۇلقەر-نەينگە تۇتتى. نامە مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، ھەزرەتلىرى براندۇققا ئاشىق، شۇڭا ئۇنى كۆرگەن ھامان تاقەت قىلالمايدىلا. ئۇ بىرەھىم ئەلنىڭ قېنىغا تويمايدۇ. بۇنداق بولىۋەرسە، لەشكەرلىرىمىز ئالتىنچى مەرتىۋە باسۇرۇق بولغۇسىدۇر. ھېسابسىز ئىرانىيلار قىلىچ ئاستىدا قالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ جېنىغا، يېتىملارنىڭ ھالىغا رەھىم قىلسىلا.

سلى قىرىق لەك لەشكەر بىلەن رۇمىنىڭ①......

لەشكەرلەر تۆتكە بۆلۈنۈپ، شەھەرنىڭ تۆت تەرىپىگە قاراپ ئىلگىرىلىدى.

قۇستاس ھەكىم پال سېلىپ كۆرۈپ بىراندۇققا:

— ئەي بىراندۇق، خۇدايىتائالا بۇ نۆۋەت كىمگە نۇسرەت ئاتا قىلاركىن؟ — دېدى.

— ئەي ھەكىم، — دېدى بىراندۇق غەزەپكە كېلىپ، — خۇدا دېگەن نېمە؟

— خۇدا دېگەن، — دېدى قۇستاس، — ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى ياراتقۇچى، سىزنى ۋە مېنى ياراتقۇچىدۇر.

بىراندۇق بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ:

— سەن خۇداپەرەستمۇ؟ — دەپ سورىدى ۋە شەمشەر سالماق بولۇۋىدى، ھەكىم:

— ئەي ئۇرۇمە چاچ، ئاتەشپەرەست، مەن يوق نەرسىدىن بىزاردۇرمەن! — دەپ «ئىسمىيات» ئوقۇپ غايىب بولدى ۋە بىرىپ ئاتمىش شاگىرتى بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەرگە كۆرۈنۈش قىلدى. بۇ چاغدا بىراندۇقنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، پۇتكۇل رۇم لەشكىرى بىلەن ئات سالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر «بۇ يەردە تۇرسام لەشكەرلىرىم باسۇرۇق بولۇشى ياكى بىراندۇققا زەخىم يېتىشى مۇمكىن» دەپ ئۆزلىرىنى ياقىغا ئالىدى. ئەمما، لەشكەر-

---

① بۇ يەردە ئەسلى قوليازمىدا بىر ۋاراق يوقالغان.

لەر يەنلا براندۇقنى ئارىغا ئېلىپ جەڭ قىلىۋەردى. ئاخىر براندۇقنىڭ لەشكەرلىرى ئىسلامنى (ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنى) يەنە باسۇرۇق قىلغىلى تۇردى. لەشكەرلەر قېچىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا چىن كېنىزىكى چېچىنى تاجىنىڭ ئىچىگە سۇلاپ، تون كېيىپ، بىلىگە كەمەر باغلاپ، قولىغا مىسىر شەمشىرىنى ئېلىپ براندۇققا ئۇدۇل بولدى. براندۇق كۆز ئالدىدا بىر ئاي يۈزلۈك گۈزەل ياكى بىر تال قىزىلگۈل تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سورىدى:

— ئەي ياش يىگىت، نام - نەسەبىڭ كىم؟

— مەندە نام - نىشان يوق، — دېدى چىن كېنىزىكى، — ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇ تاجىمنىڭ قۇببىسىدە، قىلىچىمنىڭ بىسىدا، نەيزەمنىڭ يالمىندا. رەقىبىم مېنى ئۆلتۈرسە، ئاندىن شۇ يەردىن تاپقاي.

براندۇق قەھر - غەزەپ بىلەن ئايغىنى ئۈزەڭگىگە تىرەپ، كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن چىن كېنىزىكىنىڭ بېشىغا شەمشەر سالدى. شەمشەر قىلچە تەسىر قىلمىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم چاپتى، كار قىلمىدى. نۆۋەت چىن كېنىزىكىگە كەلدى. براندۇق يەتتە قات نىقاب تارتقاندى. چىن كېنىزىكى بىر شەمشەر ئۇرماق بىلەن نىقاب خېمىر كېسىلگەندەك كېسىلىپ، شەمشەر ئۇنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىك ئورنىدى، براندۇق زەخمە يەپ ئاتنىڭ يالىغا سېرىلدى. دەيىيارلىرى كېلىپ رۇمغا ئېلىپ ياندى. بۇنى كۆرگەن خۇنكارغا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى

ۋە: «مېنى دېسەڭلار، ھەممىڭلار بۇگۈن مەن ئۈچۈن جېنىڭلارنى پىدا قىلىڭلار!» دەپ يارلىق قىلىپ، تۇغ-ئەلەملىرىنى كۆتۈرۈپ جەڭگە ئاتلاندى. لەشكەرلەر گويا دەريايى ئۈممان مەۋج ئۇرغاندەك مەۋج ئۇراتتى. بۇقرات كۆردىكى، ئىش يامىنغا ئۆرۈلگەندى.

خۇنكارنىڭ غەزىبى چېكىگە يەتتى.

بىر چاڭگال تۇپراققا «ئىسمىيات» ئوقۇپ ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىغا چېچىلدى. ئارىغا بىر تاغ پەيدا بولدى. ئىسلام لەشكەرلىرى ئۇ ياندا، خۇنكار لەشكەرلىرى بۇ ياندا قالدى. ئەمما، خۇنكار شۇ سوقۇشقىنىچە ئۆز لەشكەر-لىرى بىلەن جەڭ قىلىپ ئۈچ لەك لەشكىرىنى ئۆلتۈردى.

خۇنكار قارىغۇدەك بولسا، ھەممىسى ئۆز لەشكىرى ئىكەن، يۈز مىڭ پۇشايمان قىلىپ، بارگاھىغا قايتتى.

رۇم ھۆكۈمالىرى براندۇقنىڭ جاراھىتىگە مەلھەم قويۇپ، ئون كۈندە ساقايتتى.

23

## براندۇقنىڭ ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇل-
## قەرنەيىننى يەتتىنچى نۆۋەت
## باسۇرۇق قىلغىنى

پادىشاھ ئىسكەندەر ئوگۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قېچىپ كېلىپ بىر يەرگە چۈشتى. ئۆزگە لەشكەرلەر روشەنگ، مېھرىناز، چىن كېنىزىكى، رەقۇبانۇ باشچىلىقىدا بارگاھنى قورۇغداپ تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدە قالدى.

ئىراق تەرەپتىن تۇساتتىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلدى. لەشكەرلەر پىنھان جايدا تۇرۇپ قارىسا، قەددى قامىتى گويا موناردەك سەكسەن مىڭ زەنگى كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ چوڭى قەھقەۋىل زەنگى ئىدى. ئۇ ھەزرىتى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ تونۇدى ۋە كېلىپ كۆرۈشتى. زەنگىلەر لەشكەرلەرگە قوشۇلدى. ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. خۇنكار بۇنى كۆرۈپ جېنىدىن ئۈمىد ئۈزدى. ئامالسىز ھالدا يۈز توقسان لەك لەشكىرى بىلەن شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقىپ تۇردى.

پادىشاھ ئىسكەندەر نامە پۈتۈپ خۇنكارغا قىرىق كىشىلىك ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچىلەر كېلىپ نامىنى بىراندۇققا تۇتتى. نامىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «مەندۇرمەن پادىشاھ ئىسكەندەر، يەتتە ئىقلىمغا جاھانگىر بولۇش مېنىڭ سۈپىتىمدۇر. ئاتەشپەرەسلىكتىن يان، بەندەئى سۇبھان، داخىلى ئىمان، ئۈممەتى خەلىل ئەررەھمان بول (ئىمانغا كىرىپ پاك ئاللانىڭ بەندىسى، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئۈممىتى بول!) قىزىڭنى ماڭا بەر، ئەگەر بۇ سۆزگە ئۇنىمساڭ، رۇم خەلقىنىڭ ئۇۋالىغا قالىسەن، نامە تامام.»

— ئەي ئەلچىلەر، — دېدى بىراندۇق، — مەن ئىسكەندەرنى قوبۇل قىلاي، ئەمما مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، ئىسكەندەر بەجا كەلتۈرسۇن: ئاۋۋال مەيداندا مېنى ئاتتىن ئۈزۈپ ئالسۇن؛ ئىككىنجى، تۆپەمگە خۇتۇن ئالمىسۇن؛ ئۈچىنجى، ھەر يەرگە بارسا مېنى بىللە ئېلىپ بارسۇن، ئاندىن ئۇنىڭغا تېگىمەن.

ئەلچىلەر نامىنىڭ جاۋابىنى ھەزرىتى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئىسكەندەر:

— تۆپىسىگە خۇتۇن ئالمايمەن. ئۆزى ئىجازەت قىلمىغۇچە ھەر يەرگە بارسام ئۇنىڭدىن ئايرىلمايمەن. ئەمما ئاتتىن ئۆزۈپ ئالاي دېسەم بىھۇش بولۇپ مۇتلەق ھەرىكەت قىلالمايدىكەنمەن، — دېدى.

ناغرىلار ياڭرىدى. شۇ ئەسنادا بىراندۇق يەنە قىزىل تون كىيىپ، «دېۋزاد ئالەمگەرد»گە مىنىپ، شىددەت بىلەن ئات

سېلىپ مەيدانغا كېلىپ: «يا ئىسكەندەر، ئۆزەڭگە هازىر
بول» - دەپ پەرياد قىلدى. بۇ تەرەپتىن پادىشاھ ئىسكەندەر
مەيدانغا كىرىپ بىراندۇققا ئۇدۇل بولدى. بىراندۇق قولىغا
شەمشەر ئېلىپ، چاقپىلەكتەك ئايلاندۇرۇپ هۇجۇم قىلدى.
پادىشاھ ئىسكەندەر: «ياللاھى ئەيىب دانەندەئى غەيىب»
(ئاللا ئۇچۇن غايىبنى بىلمەسلىك ئەيىبدۇر) دەپ كۆكرىكىنى
ئېچىپ: «بىر جانىمەن بۇدىن هەزەر، جانان فىداسى ياخشىراق-
كىم، هەرنە بار ئاللەم ئارا ئانىڭ رىزاسى ياخشىراق» دەپ
بىهۇش بولۇپ يىقىلدى. بىراندۇق شەمشەر بىلەن چىپىشقا
هازىرلاندى. بۇ چاغدا خىزىر ئەلەيهىسسالام «بەيابانى بەهرى
مەجنۇن» ئەترابىدا يۈرەتتى. غايىبتىن خىزىر ئەلەيهىسسالامغا
«تۇرفەتۇل - ئەين (كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك ئارىلىق،
ۋاقىت) ئىچىدە بېرىپ، هەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ كۆكرىكىگە
قولۇڭنى قويغىن» دېگەن ئاۋاز كەلدى. هەزرىتى خىزىر ئەلەي-
هىسسالام هازىر بولۇپ، قولىنى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ كۆكرى-
كىگە قويۇپ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن شەمشەر كار قىلمىدى. بۇ
شەمشەرنى پۇلاتقا سالسا، پۇلاتنى قەلەم قىلاتتى. بىراندۇق
دەرغەزەپ بولۇپ، ئىسكەندەرنى دەست كۆتۈرۈپ، بەندكە
تارتىپ، بارگاهىغا ئېلىپ باردى ۋە: «يا ئىسكەندەر، ماڭا
ئاشىق بولساڭ، بۇ ئۆيدە ئولتۇرغىن، ئۆلۈمدىن قاچمىغىن!»
دېدى.

بۇ چاغدا ئون مىڭ كىشى خۇنكارنىڭ بارگاهىنى بۇزۇپ

كىرىپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ: «ئەي خۇنكار! ئىسكەندەرنىڭ بىر تال مويىنى كام قىلىدىغان بولساڭ، قېنىڭنى يەرگە تۆكمەي، تىرىك تۇرغۇزۇپ ئۇزۇق قىلىمىز، لەشكىرىڭنى نابۇت قىلىپ، مەملىكىتىڭنى ۋەيران قىلىمىز» دەپ خۇنكارنىڭ يۈرىكىنى ماجىغۇپ ياندى.

ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىغا كېلىپ:

— ئەي مەكنە! ئەي بەلىناس! ئىسكەندەرنى چىقىرىپ بەرسەم خۇشال بولامسىزلەر؟ — دېگەنىدى، ھۆكۈمالار:

— ئەي قېرى چال، بۇ ئىش سېنىڭ قولۇڭدىن كېلەرمۇ؟ — دېيىشتى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام قولىنى ئۇزىتىپ، ئىسكەندەرنى كالا تۇرۇپ لەشكەرلەرنىڭ ئارىسىدا قويدى. پادىشاھ ئىسكەندەر تەختكە چىقىپ ئولتۇردى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام يەنە «ئەي لەشكەرلەر، سىزلەر ئامىن دەڭلار، مەن دۇئا قىلاي. ئىسكەندەر بىراندۇققا ئېرىشسۇن. رۇمنى ھەم ئالايلى!» دېدى. لەشكەرلەرنىڭ بەزىلىرى ئامىن دېدى، بەزىلىرى دېمىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام: «پېقىرنى ئەقلىڭلار تونىماي، تەكەببۇرلۇق بىلەن «ئامىن» دېدىڭىزلەر. سىزلەرنى بىراندۇق يەنە باسۇرۇق قىلسۇن. «ئامىن» دېمىگەنلەر پۇشايماندا قالغاي. ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ غايىب بولدى. شۇ ئەسنادا بىراندۇق «دېۋزاد ئالەمگەرد»گە مىنىپ، لەشكەر ئارىسىغا چۆكتى.

ئادەم-ئادەمنى كۆرمەيتتى. بۇقرات، سوقرات، بەلىناس، فەرفەرىنۇس، كويلۇغ ھەكىم ھەزرىتى ئىسكەندەرنى ئېلىپ قاچتى. براندۇق لەشكەرلەرنى باسۇرۇق قىلىپ، ئوتتۇز مىڭ ئىران لەشكىرىنى تۇتتۇۋالدى. يەتتە مىڭ كىشى شېھىت بولدى. ئەمما، پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ چاغدا «پىشەئىي ھەيران»نىڭ چېگرىسىغا بېرىپ بولغانىدى.

## 24

# ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ شاھ ماران[1] بىلەن كۆرۈشكىنى؛ خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ غايىپ ئىرانىلار بىلەن ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلغىنى

خىزىر ئەلەيھىسسالام بىراندۇقنىڭ قېشىغا كىرىپ:

— ئەي بىراندۇق، بۇ ئۇتتۇز مىڭ كىشىنى ماڭا بەرگىن، ئۇلارنى مەن سەندىن تىلەيمەن، — دېدى.

— سەن كىم؟، — دېدى بىراندۇق، — بۇ ئۇتتۇز مىڭ كىشىنى ساڭا نېمە ئۈچۈن بەرگۈدەكمەن؟

— مەن شۇنداق بوۋايدۇرمەنكى، خالىسام بۇ ئادەملەرنى سەندىن ئالىمەن، خالىسام سېنى ئىسكەندەرگە ئېلىپ بېرىمەن.

بۇ سۆز بىراندۇققا ئاجايىپ تەسىر قىلدى.

— ئىسكەندەر يەنە كېلەرمۇ؟

---

① شاھ ماران (31 - ئىزاھاتقا قاراڭ).

— ئەمدى كەلمەيدۇ، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — چىرلاپ كېلىپ تېگەرسەن.

براندۇقتا قاندۇقتۇر بىر ھالەت پەيدا بولۇپ، كۆڭلى مەھبۇس بولدى. ئىزدەپ تېپىشنىڭ ھېچبىر ئىلاجىسى يوق ئىدى. بىچارىلىقتىن شارابقا مەشغۇل بولدى.

خىزىر ئەلەيھىسسالام لەشكەرلەرنى ئېلىپ، ئەل كۆزىدىن غايىب بولۇپ، قالغان لەشكەرنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئۇلار بىلەن بۇ ئوتتۇز مىڭ كىشى بىرلىكتە قۇستەنتېنىيە[68]گە چۈشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر «لەشكەرلەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالايلى» دەپ يولغا چىققاندى. بىر يەردىن تۈتۈن چىقىۋاتقانلىقنى كۆردى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ئۇ يەرگە كېلىپ ئاتتىن چۈشتى ۋە بىر غارنى كۆردى. غارنىڭ ئاغزىغا تاش قويۇلغاندى. پادىشاھ ئىسكەندەر تاشنى ئېلىپ قارىسىغۇدەك بولسا، بىر ئەجدىھا يېتىپتۇ. بۇنى كۆرۈپ كەينىگە يانغاندى، ئەجدىھا قىچقىردى:

— ئەي ئادەم! بۇ ياققا تۇرغىن، مەن سېنىڭ ئەدىبىڭنى بېرەي.

پادىشاھ ئىسكەندەر بىر ئاھ تارتتى ۋە:

— سەن نېمە جانۋار؟ — دەپ سورىدى.

— مەن ئەجدىھادىن ئۆتۈپ يوقى بولغان، دەرىجىسى ئەۋلىيالىققا يەتكەن ئاتمىش مىڭ ئەجدىھاغا پادىشاھ ئىدىم. مېنى شاھ ماران گۇناھكار قىلغان. بۇ يەردە ياتىمىقىمنىڭ

سەۋەبى شۇكى، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىلياس ئەلەيھىسسا-
لام سېنىڭ قېشىڭغا ئىسكەندەر كېلىدۇ، بىزنى شۇ چاغدا
تاپسەن، سېنىڭ گۇناھىڭنى شاھ ماراندىن تىلىۋالايلى،
دېگەنىدى. شۇڭا بۇ جايدا كۈتۈپ تۇرۇۋاتىمەن.

— سەندىن كاتتا ئەجدىھامۇ بارمۇ؟

— ئەي ئادەم! مەن سېنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ كىچىك-
كىنە بولۇپ كۆرۈندۈم.

ھەزرىتى ئىسكەندەر چاغلىدىكى، بۇ ئەجدىھانىڭ ئىككى
كۆزىنىڭ ئارىلىقى تۆت يۈز ئەللىك ئالتە گەز كېلەتتى.
ئىسكەندەر ئۇنىڭدىن:

— ئەي ئەجدىھا، خالىساڭ ھەرقانداق سۈرەتتە بولالام-
سەن؟ — دەپ سورىدى.

ئەجدىھا بىر يۇمۇلاپ ئون تۆت ياشلاردا بار بىر ئوغۇل
بالا سۈرىتىدە بولدى ۋە:

— ئەي ئادەم، شۇنداق يىلانلار باركى، چىشىنىڭ ئارىسى-
دىكى گۆشنى ئېلىپ يېسەممۇ ئەسلا سەزمەيدۇ، — دېدى.

— خىزىر ئەلەيھىسسالام قەيەردە؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ
ئىسكەندەر.

— بىر دەريا بار. ئۇنىڭ تېگىدە بىر مەسچىت بار. خۇداي-
تائالا ئۇنى بىر دانە گۆھەردىن بەرپا قىلغانىدى. دەريانىڭ
سۈيى بۇ مەسچىتتىن قىرىق گەز يىراقلاپ ئاقىدۇ. خىزىر
ئەلەيھىسسالام غايىب ئېرانلارغا باش بولۇپ ھەر ئازنە كۈنى

جۈمە نامىزىنى شۇ يەردە ئۆتەيدۇ. شۇ مەسچىتتىن تاپىمىز.

— ئەي ئەجدىھا، ئىسكەندەرنى كۆرسەڭ تونىيالامسەن؟

— خىزىر ئەلەيھىسسالام ماڭا ئىسكەندەرنىڭ مۈڭگۈزى بار دەپ ئېيتقانىدى، كۆرسەم ئەلۋەتتە تونۇيمەن.

ھەزرىتى ئىسكەندەر بېشىنى ئاچتى. ئەجدىھا ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى ۋە:

— خۇداغا شۈكرى! ئۆزلىرىنى تاپتىم، خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا ئېلىپ باراي، — دەپ نەرە تارتقانىدى، سەككىز ئەجدىھا پەيدا بولدى. بۇنى كۆرۈپ پادىشاھ ئىسكەندەر قورقتى.

— ئەي يىلانلار، — دېدى ئەجدىھا، — ئات سۈرىتىدە بولۇپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئېتىنى بېقىڭلار!

ئەجدىھا ئىسكەندەرنى چىشىنىڭ كاۋىكىغا سېلىپ دەرياغا شۇڭغۇدى. ئەتىسى جۈمە كۈنى چۈشكە يېقىن قالغاندا، ئەجدىھا "ئەمدى چىقىسلا" دەپ پەرياد قىلدى. ئىسكەندەر چىقىپ كۆردىكى، خۇدايىتائالا بىر مەسچىت بىنا قىلىپتۇر. ئىشىكى ئەبنۇ ستتىن ئىدى. ئۈستىگە «لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ (بىرلا ئاللادىن باشقا ئىلاھ مەۋجۇت ئەمەس، مۇھەممەت ئۇنىڭ ئەلچىسىدۇر) دېگەن لەۋھە پۈتۈلگەنىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ھەيران قالدى ۋە ئۆزىنى تۇتۇپ مەسچىتكە كىردى. ئىسرىقدانىغا كۆپ ئوت سېلىنغان بولۇپ، خۇش بۇي ھىدلار مەسچىتنى قاپلىغانىدى. جۈمە ۋاقتى بولۇشى

بىلەن خىزىر ئىلياس، ئاندىن كېيىن تۆت يۈز بۈزرۈكۋار پەيدا بولدى. جۈمە نامىزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— يا ئىسكەندەر، بۇ ياققا كەلگىنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن! — دېدى.

— سىزلەردىن بولسۇن! — دېدى ئىسكەندەر.

ئىسكەندەرگە خىزىر ئەلەيھىسسالام باشلىق تۆت يۈز بۈزرۈك-ۋار دۇئا قىلدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام: «بۇ ئەجدىھانىڭ گۇناھىنى شاھ ماراندىن تىلىۋالايلى» دەپ شاھ مارانغا كىشى ئەۋەتتى. شاھ ماران ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ كەلدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— ئەي شاھ ماران، بۇ ئەجدىھانى باشقىلار سىزگە يالغان-دىن چېقىشتۇرغانكەن، — دېدى.

— بۇ ئەجدىھا پەيغەمبەرنىڭ خۇدانى كۆرگەنلىكىنى ئىنتىراپ قىلمايۋاتىدۇ، — دېدى شاھ ماران.

— ئىنتىراپ قىلمىغانلىقىنى نەچچۈيلەن كۆردىڭىزلەر؟

— يەتتەيلەن كۆردۇق، — دېدى بىر ئەجدىھا.

— ناۋادا يالغان بولسا، كۆزىڭىزلەر چاچراپ چىقسۇنمۇ؟

— چىقسۇن! — دېيىشتى دىۋىلەر.

شۇ زامان يەتتە ئەجدىھا قارىغۇ بولدى. شاھ ماران گۇمان-دىن خالاس بولۇپ، بۇ ئەجدىھانى يەنە ۋەزىر قىلدى.

— يا ئىسكەندەر، — دېدى شاھ ماران، — سىزنى بىراندۇققا

ئاشىق دەيدۇ، ئالدىڭىزمۇ؟

ھەزرىتى ئىسكەندەر بىر ئاھ تارتتى.

— ئاھ ئۆرماك، — دېدى شاھ ماران، — مەن يۈز مىڭ يىلنى بۇيىرۇي، رۇمنى ۋەيران قىلىپ براندۇقنى ئېلىپ كەلسۇن.

— براندۇق قورقۇپ ئەندىشە ئىچىدە قالارمىكىن؟

— ھەممىز پادىشاھ ئىسكەندەرگە خالىسانە دۇئا قىلاي-لى، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — براندۇققا ئېرىشسۇن. — ھەممىسى بىرلىكتە دۇئا قىلدى. دۇئا تامام بولغاندىن كېيىن بۇزرۇكۋارلار شاھ ماران بىلەن خوشلىشىپ، ھەر قايسىلىرى ئۆز ماكانلىرىغا قايتتى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئىسكەن-دەرنى دەريادىن چىقىرىپ قويۇپ خوشلاشتى. پادىشاھ ئىسكەن-دەرمۇ ئۆز لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

براندۇق چۈش كۆردى، چۈشىدە قىيامەت قايىم بولغۇدەك، پۈتكۈل خەلق ئەرەسات①قا يىغىلغۇدەك، يەر ۋە كۆكنى ئوت قاپلىغۇدەك، تۇساتتىن «مۇناپىقلارنى دوزاخقا، ئەھل-سائادەت-لەرنى بېھىشكە ھەيدىگىن!» دېگەن پەرمان بولغۇدەك. بۇ چاغدا براندۇق قىپيالىڭاچ، بىر قولىدا كۆزىنى، بىر قولىدا خاس يېرىنى تۇتۇپ، تەشنالىق بىلەن ئاھۇ پەرياد چېكىپ

---

① ئەرەسات — مەھشەرگاھ، قىيامەت كۈنى ئىنسانلار جەم بولىدى-غان مەيدان.

تۇرغۇدەك. قارىسا، ئىسكەندەر بىر چاھار باغۇ بوستان ئىچىدە — ئالتۇن-كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن تەختتە ئول-تۇرغۇدەك، ھۆرغىلمان (يىگىت) لەر قول باغلىشىپ، خىزمىتىدە تەييار تۇرغۇدەك. براندۇق كېلىپ ھەزرىتى ئىسكەندەرگە سالام قىلغۇدەك. پادىشاھ ئىسكەندەر ئىلتىپات قىلمىغۇدەك. براندۇق: «يا ئىسكەندەر، خاتا قىپتىمەن. بۇنداق بولارنى بىلمەپتىمەن. يول بۇ ئەمەس ئىكەن. گۇناھىمدىن ئۆتكىن، ئۇلۇغ زات ئىكەنسەن»، دەپ ئۆزرە ئېيتقۇدەك. ھەزرىتى ئىسكەندەر: «ئاتا-ئانائىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ باق» دېگۇدەك. براندۇق قارىسا، ئاتىسى قەيەرنى، ئانىسى ئاماندۇقنى ئېسىپ، ئازابلاپ، سوراق قىلىۋاتقۇدەك. بۇنى كۆرۈپ براندۇق «ئېيە-تىم بۇ كەلىمەئى شەرىف» (شەرەپلىك، ئۇلۇغ سۆز) نى دەپ ئويغىنىش بىلەن تەڭ، ئىچىگە بىر پارچە ئوت پەيدا بولدى. بىر ئۇچى ئاسماندا، بىر ئۇچى يەردە........ براندۇق «يا ئىسكەندەر!» دەپ، بۇتخانىدىكى بۇتلارنى پارە-پارە قىلىپ، ئاندىن سىياۋۇش ۋە نەققاش دېگەن ھەييارلىرىنى چىرلاپ ئالتۇن بېرىپ، ئۇلارنى ئىسكەندەرنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇي-رۇدى. بۇ ئىككى ھەييار ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈردى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر شاھ ماران بىلەن ۋىدالىشىپ، لەشكەر-لەرنىڭ قېشىغا كېلىش بىلەن ئۇمەرا، ھۆكۈمالار پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن يىغا-زار قىلىشىپ كۆرۈشتى. ھەزرىتى

ئىسكەندەر يەتتە كېچە - كۈندۈزگىچە ناغرا ياڭرىتىش توغرىسىدا يارلىق قىلدى. چوڭ - كىچىك لەشكەرلەرگە ئاش - سۇ (زىيا- پەت) بېرىپ كۆڭلىنى ئالدى. ئاندىن ھېساب قىلىپ كۆرۈشۈبدى، سەكسەن ئالتە لەك لەشكەر جەم بولۇپتۇ. پادىشاھ ئىسكەندەر يەنە سىپاھ - لەشكەرلىرىگە رۇمغا قاراپ يۈرۈش قىلىش توغرى- سىدا يارلىق قىلدى. نامدار يەتتە پالۋان بارگاھىنى ئون ئىككى مىڭ خېچىرغا يۈكلەپ، ئوتتۇز ئالتە مىڭ بەلئەنداز نەرسە - كېرەك، جابدۇق - سايمانلىرىنى ئېلىپ قوزغالدى. ئاندىن لەشكەرلەر ئاتلاندى.

ئىسكەندەر رۇمغا يېتىپ كېلىپ، دەريا لېۋىدە سەپ تارتىپ تۇرغان مەھەلدە، باياۋان تەرەپتىن چاڭ - توزان نامايان بولدى. چاڭ - توزان ئارىسىدىن ئون ئىككى ئەلەم كۆرۈندى. بۇ ئون ئىككى مىڭ كىشىدىن بەلگۈ بېرەتتى. تۇغ تۈۋىدە ئاپتاپ تەلەت، پىشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان، گۈلدەك بىر ياش يىگىت پەيدا بولدى. ئۇ مەيدانغا كېلىپ، يەتتە تۈرلۈك سىپايىگەرچىلىكنى ئادا قىلىپ: «يا ئىسكەندەر، مېنىڭ مەيدانىمغا كەل!» دەپ پەرياد قىلدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر تەرەپتىن بىر پالۋان مەيدانغا چۈشۈپ ئۇنىڭغا ئۇدۇل بولدى. يىگىت بۇ پالۋاننىڭ نام - نەسەبىنى سوراپ، نەيزىنىڭ ئۇچىنى بىلەن بىر ئۇرغانىدى، بۇ پالۋان ئاتتىن كەپتەردەك موللاق ئېتىپ يىقىلدى. يىگىت ئۇنى بەندكە تارتتى. ئاندىن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ پالۋانلىرىدىن سەردەر

كردى. ئۇنمۇ بەندكە تارتتى. ئاندن تەجربە كردى، ئۇمۇ بەندكە چۈشتى. يگت شۇ تەرىقدە نامدار پالۋانلاردن توق-قۇزنى بەندكە تارتتى.

— يا ئسكەندەر، ئۇششاق كشلەرنى ئەۋەتمگن، نۇمۇس قلما، مەيدانغا ئۆزەڭ كرگن!

ھەزرتى ئسكەندەر پەشلرنى بلگە قستۇرۇپ، مەيدانغا كېرىپ يگتكە ئۇدۇل بولدى. ئۇن بەش مەرتۋە شەمشەرۋاز-لق قلشتى. ئاخر ئسكەندەر ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ يەرگە تاشلاي دېگەندە، پالۋاننڭ تاجى يەرگە چۈشۈپ، چاچلرى چۇۋۇلۇپ ئۆشنسگە يېيىلدى.

— يا ئسكەندەر، مېنى يەردە قويغن، — دېدى ئۇ، — ئەرزمنى ئېيتاي.

پادشاھ ئسكەندەر قارىغۇدەك بولسا، ئۇ بر ساھبجامال قز ئكەن.

— يا پادشاھى ئالەم، — دېدى مەلكە، — سلى دەريادن چقىپ، مېنڭ بلەن بەزمە تۈزۈپ ئولتۇرغانلرىدا، ئاتام ئۆزلرنى چاقرتىپ، بەندكە تارتىپ، ۋەزردن براندۇققا ئەۋەتكەندى. مەن ئۆزلرنى ئاجرتۋالمەن دەپ ئاتامنى، ۋەزرنى قرق كشى بلەن قوشۇپ ئۆلتۈردۈم. ئارقلرىدن ئزدەپ كەلسەم، سلنى بر قۇش ھاۋاغا ئېلىپ چقىپ كېتىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ باياۋانلاردا يىغلا-يىغلا، شەھەرمۇ شەھەر سودىگەر بولۇپ يۈرۈپ، ئاخر سلنى مەكنە ئاجرتۋېلىپ رۇمغا

كەلتۈرۈپتۇ دەپ ئاڭلاپ، شۇنىڭدىن بىرى ئىزدەپ، پىراق ئەلىمگە گىرىپتار بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. يار بۇرادىرىم، قاياش-قېرىنداشلىرىم ۋە شەھىرىم بار ئىدى. ھەممىسىنى نابۇت قىلدىم. ئاڭلاپ تۇرسىلا: لائىلاھەئىللەللاھۇ ئىبراھىم خەلىلۇللاھ دەپ ئىمان كەلتۈردۈم، يا ئىسكەندەر، مېنى نىكاھلىرىڭغا ئالسىلا. مېنى مۇرادىمغا يەتكۈزمىسىلە ئۆزەمنى-ئۆزەم شۇبۇ يەردە ئۆلتۈرىمەن.

مەلىكە ئۈن تارتىپ يىغلىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئۇنىڭغا رەھمى كېلىپ:

— بارلىق لەشكىرىڭىز بىلەن كېلىڭ،— دېدى. مەلىكە بارلىق لەشكىرى بىلەن ئىسكەندەر بارگاھىغا كېلىپ، روشەنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىردى.

## 25

# براندۇق ھەزرىتى ئىسكەندەرنى تەكلىپ قىلىپ بەزمە تۈزۈپ، خونكارنى ئۆلتۈرۈپ، رۇم شەھىرىنى پادىشاھ ئىسكەندەرگە تەۋە قىلىپ، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىلەن ئالىي توي قىلغىنى

رۇم تەرەپتىن ئىككى كىشى ئۇچقاندەك كېلىپ ئىسكەندەرگە نامە تۇتتى. ئىسكەندەر نامىنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ئاھ تارتىپ يىغلىدى ۋە لەشكەرلىرىگە «سىلەر ئەتە سەھەردە رۇمنىڭ ئالدىغا چۈشۈڭلار» دەپ، ئىككى ھەييارنى ھەمراھ قىلىپ، رۇم تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. تۈن يېرىمى بىلەن شەھەرگە يېتىپ كېلىپ، براندۇقنىڭ ئوردىسىغا كىردى. براندۇق ھەز-رىتى ئىسكەندەرنى كۆرۈپ، جېنى يېڭىباشتىن تىرىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەرنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ چىقىپ شاراب تۇتتى. گاھ پادىشاھ ئىسكەندەر براندۇققا شاراب تۇتاتتى. بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئاخىر بىر-بىرىنىڭ ۋەسلىگە يېتىشتى. ئەمما،

ھىيلىگەر، كاج پەلەك ھەسەت قىلاتتى. نەزم:

ئاشىقى دىلخەستەلەر تاپسا ۋىسالى كامران ①،
رەشىك ئېتەر ئەغيار ئۆلۈپ بەلكى زېمىنۇ ئاسمان.
چىرماشىپ ئۇلفەت بىلە بىر-بىرلەرىگە ياندىشىپ،
ناز ئىلە ئەھمەر② ئېلۇ③ بولمىش قەرىبىبۇ④ گۈلىستان.
ئەيش-ئىشرەتلەر بىلە ئۆمر ئۆتكۈزۈر ئىسكەندەرى،
سەر-سەرى⑤ بادى ئەجەل⑥ ئاخىر قىلۇر بىر كۈن خازان.

قىسسە: براندۇق ئېيتتى: «يا ئىسكەندەر، ئەمدى رومنى ئالدىڭىز، لېكىن مەن رۇخسەت بەرمىگىچە ئۇستۇمگە خوتۇن ئالماڭ. ھەر يەرگە بارسىڭىز مېنى ئۆزىڭىزدىن ئايرىماڭ» ئىسكەندەر قوبۇل قىلدى ۋە بىر-بىرىگە تەلمۈرۈشۈپ ئولتۇرۇشتى.

باد ۋەك دەپ بىر ھەييار بار ئىدى. ئۇ قەيسەرگە:

— ئەي خۇنكار، قىزىڭ براندۇق ئىسكەندەر بىلەن قاق يېرىشىپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. بۇنى ئاڭلاپ

---

① كامران — ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشقاندىكى راھەت.
② ئەھمەر — قىزىل، قىپقىزىل.
③ ئېل — بويۇنغۇچى، قەبىلە.
④ قەرىب — ئۇرۇق-تۇغقان، يېقىن كىشىلەر.
⑤ سەر-سەر — سوغۇق شامال.
⑥ بادى ئەجەل — ئەجەلنىڭ سەۋەبى، ئەجەل شامىلى.

خۇنكارنىڭ ھوشى-كاللىسى كەتتى. ئىيتتىكى: — براندۇق ئىسكەندەرگە دۈشمەن تۇرسا، ئىسكەندەر قانداقمۇ كەلسۇن؟

— ئۇنداق بولسا، ئۆزەڭ بىرىپ كۆر، ئەگەر يالغان بولسا، مىنى ئۆلتۈرگىن.

قەيسەر براندۇقنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ، ئىككۆيلەننىڭ بىر تەختتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە تۇراتتى، ئۇشتۇمتۇت براندۇقنىڭ كۆزى تۆگىلۈككە چۈشتى ۋە ئاستا قوپۇپ، نەيزىسىنى ئېلىپ قەيسەرنىڭ پىشانىسىگە شۇنداق ئۇرغانىدى نەيزە خۇنكارنىڭ ئىككى قىشىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىگىپ، كەجكەسىدىن ئۆتۈپ، باغدىكى چىنارغا بەند بولدى. براندۇق كىنىزىكنى چىقىپ قاراپ بىقىشقا بويرۇدى. كىنىزەك چىقىپ كۆرۈپ: «بىرسى قەيسەرنى ئۆلتۈرۈپتۇ» دەپ قىچىپ كىردى براندۇق پانۇس كۆتۈرۈپ چىقىپ قارىسا، ئاتىسىنىڭ روھى ئاللىقاچان دۇزاخقا كىتىپتۇ. براندۇق دەرھال ناغرىچىلارنى يىغىپ ناغرا چالدۇردى. رۇم خەلقى بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. براندۇق «بۇلان-تالان بولمىسۇن» دەپ شەھەرگە پالۋانلارنى ئەۋەتتى. تاڭ ئاتقاندا براندۇق بىلەن پادىشاھ ئىسكەندەر كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ، رۇم خەلقىنى پۈتۈنلەي مۇسۇلمان قىلدى. بۇتخانا ۋە لولىخانىلارنى يوقىتىپ، مەسچىت، مەدرىس بىنا قىلدى. ئاندىن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بارلىق لەشكەرلىرى شەھەرگە كىرىپ ئامان تاپتى. روشەنىڭ بىلەن مىھرىناز براندۇقنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. ئاندىن ئەبۇلفەتتاھ

بىلەن رەقىۋابنىغا بىراندۇق بىلەن كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بېرىلدى. ئۇلارمۇ كۆرۈشتى. ھۆرۈما، ئۇمەرالار: «يا پادىشاھى ئالەم، بىراندۇق توي جابدۇقىنى تەييارلىسۇن، دەپ بىزنى ئەلچىلىككە كىرگۈزدى».

ئۇ يەنە «ئەي ھۆكۈمالار، ھەزرىتى ئىسكەندەرگە ئېيتىڭلار، مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار: بىرى شۇكى، ئىككى بارگاھ بولسۇن، بىرى قىزىل، بىرى يېشىل، ئەمما ئۇلۇغى بولمىسۇن، قىزىل بارگاھتا يۈز توقسان لەك رۇم لەشكىرى ۋە ئىسكەندەر لەشكىرى ئولتۇرسۇن؛ يېشىل بارگاھتا مەزلۇملار ئولتۇرسۇن. بۇ ئىككى بارگاھقا ئادەم پەرزەنتى كۆرۈپ باقمىغان ئىككى زىلچە تەييار قىلسۇن. ھاپىزلار نەغمە قىلسۇن. نەغمىلەرنىڭ بۇگۈنكىسى ئەتىسىدىكىگە ئوخشاشمىغاي. ئاتىمىش مىڭ ئۇمەراغا، سەكسەن مىڭ تاجدارغا سەرۇپاي بەرگەي، ئۇمۇ بىرى - بىرىگە ئوخشاشمىسۇن. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالامدىن بۆلەك كىشى نىكاھ قىلمىسۇن!» دەپ ئېيتتى دېيىشتى.

بارگاھ ياساشنى سوقرات بىلەن مەكىنە ھۆددە قىلدى. ئاش - تائامنى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئىلىياس ئەلەيھىسسالام ھۆددى قىلدى. نەغمە - ناۋا ئىشلىرىنى كۆيلۈغ بىلەن ئەرشمەندۇس ھۆددە قىلدى.

سوقرات بىلەن مەكىنە بىر خالىي جايغا بېرىپ بىرى يېشىل، بىرى قىزىل ئىككى بۆك پەيدا قىلدى. ئىككۆيلەن بۆكنىڭ تۆت

بۇرجىكىدىن تارتىپ تۇرۇپ، ئىسمىيات ئوقۇپ ئىمىدە قىلغا-
نىدى، بىرى قىزىل، بىرى يېشىل ئىككى بارگاھ ھاسىل
بولدى. يەنە تىلسىم بىلەن ئىككى زىلچە ھاسىل قىلىپ بارگاھ-
نىڭ تەكتىگە سالدى. ھەرقايىسى بارگاھنىڭ چوڭلۇقى قىرىق
قىرى، ئەللىك بەش فەرسەڭ دائىرىنى ئىگىلىگەنىدى. بارگاھ
بىلەن زىلچىگە كىشى قارىسا كۆزى خىرە، ئەقلى ھەيران
بولاتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ بارگاھلارنى كۆرۈپ ئاپىرىن
ئوقىدى.

رۇمنىڭ يۈز توقسان توققۇز لەك لەشكىرى بىلەن ھەزرىتى
ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى قىزىل بارگاھتا ئولتۇردى.
يېشىل بارگاھتا مەزلۇملار ئولتۇردى. ھاپىزلار نەغمىگە مەشغۇل
بولدى.

ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئىگىزگە چىقىپ قىچقىرغانىدى، بايا-
ۋاندىكى بۇغا-ماراللار يىغىلىپ كەلدى. قاسساپلار بىر ياقىدىن
سېمىزلىرىنى ئىلغاپ ئۆلتۈردى. ھېساب قىلىپ كۆرگەنىدى،
يۈز ئون بىر لەك تۆت تۈمەن مال سويۇلۇپتۇ. قالغان جانىۋار-
لارغا رۇخسەت بېرىلدى.

توي جابدۇقلىرى تەييار بولدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام نىكاھ
قىلدى. ئاندىن كىيتلىك قويدى. ھەرقايىسى پادىشاھقا قويغان
سەرۇپاي بىر-بىرىگە ئوخشىمايتتى. ھەزرىتى ئىسكەندەرگە
قويغان تونغا تۆت يۈز گۆھەر قادالغان بولۇپ، ئۇ تونغا رۇم-
نىڭ تۆت يىللىق خىراجىتى سەرپ بولغانىدى. كىيتلىك قويۇ-

لۆپ بولغاندىن كېيىن، ئاش-تائام تارتىلىپ، ئاندىن شاراپ ئىچىلىشكە باشلىدى.

ئىسكەندەر تەختتى جەمشىتكە چىقىپ ئولتۇرۇپ گېيتنەماي ۋە جامى ئىشرەتغىزانى قولىغا ئېلىپ، تا قىرىق كۈنگىچە شاراپ ئىچتى (بۇكۈنكى تائام، نەغمە ئەتىسىدىكىگە ئوخشىمايتتى). توي ئاخىرلاشقان كېچىسى براندۇق: «يا ئىسكەندەر، مېنى دېۋە ئېلىپ قاچتى» دەپ پەرياد قىلدى.

## 26

# ئەسرۇق دېۋىنىڭ بىرانىدۇقنى ئېلىپ قاچ-قىنى، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئەسرۇق دېۋىنى ئۆلتۈرۈپ بىرانىدۇقنى ئاجرىتىۋالغىنى

پادىشاھ ئىسكەندەر قارىسا بىرانىدۇق يوق. ئارقىسىدىن ئىز-دەپ چىقىپ بىر باياۋانغا يەتتى. بۇ يەردە تاناپلىرى كۈمۈش-تىن، قوزۇقلىرى ئالتۇندىن قىلىپ پۈتۈنلەي كىمخاپتىن ياسال-غان بىر بارگاھ تۇراتتى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئۇ بارگاھقا كىرىپ، بىر دېۋىنىڭ ئۆلتۈرغانلىقىنى كۆردى. دېۋە پادىشاھ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلغانىدى، ھەزرىتى ئىسكەندەر بىر مۇشت ئۇرۇپ، يىقىتىپ باغلىدى ۋە:

— بىرانىدۇق قېنى؟ — دەپ سورىدى.

- بىرانىدۇقنى ئەسرۇق دېۋە ئېلىپ قاچتى، مەن باشلاپ باراي.

ئۇلار يەتتە كۈن دېگەندە بىر باياۋانغا كەلدى. ئۇ يەردە بىر قۇدۇق نامايان بولدى. دېۋە ئىسكەندەرگە:

— ئەسرۇق دېۋە مۇشۇ قۇدۇقتا، — دېدى.

ئىسكەندەر بىلىگە ئارغامچا باغلاپ، بىر ئۇچىنى دېۋىگە تۇتقۇزۇپ قۇدۇققا چۈشتى. قۇدۇق ئىچىدە بىر ئىشىك نامايان بولدى. ئىسكەندەر قۇلۇپنى چېقىپ كىرگەندى، بىر چار باغ ئىچىدىكى بوستاندا بىر دېۋىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردى. ئىسكەندەر دېۋىنىڭ ئىككى مۈڭگۈزىنىڭ ئارىلىقىنى بەش يۈز گەز مۆلچەرلىدى. قارىسا، بىراندۇقنى بىر قەپەزگە سېلىپ ئېسىپ قويۇپتۇ. ئىسكەندەر بىراندۇقنى قەپەزدىن چىقى-رىپ قويۇپ، ئەسرۇق دېۋىنىڭ قېشىغا كېلىپ، دېۋىنىڭ ئايى-غىغا خەنجەر سالغانىدى، دېۋە ئايىغىنى بىر سىلاپ قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. دېۋىنىڭ قۇلىقى تۆڭگۆرگە ئوخشايتتى. ئىس-كەندەر دېۋىنىڭ قۇلىقىغا بېشىنى تىقىپ بىر نەرە تارتقانىدى، دېۋە چاچراپ قوپتى ۋە سەككىز جۈپ تۈگمەن تېشى بېكىتكەن شەمشاد ياغىچىنى ئېلىپ ھۇجۇم قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر: «يائاللا بىنەيىب» دەپ شەمشاد ياغىچىنى تۇتۇپ تارتقانىدى، دېۋە يىقىلدى. ئىسكەندەر دېۋىنىڭ مەيدىسىگە مىنىپ ئولتۇرۇپ سام (69) نىڭ شەمشىرى بىلەن چاپتى. دېۋە يىغلاپ: «ئەي ئادەم، مېنى ھەسرەتتە قويدۇڭ، تېخى ئۇن گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلمىغانىدى، ياش ئوغلان ئىدىم. ئەرەب شەھىرىدە «سۈرەييە» (ھۈكەر، توپ يۇلتۇز) دەپ بىر يۇلتۇز بار، ئۇ يىگىرمە ئىككى مىڭ يىلدا بىر قېتىم چىقىدۇ، شۇ يۇلتۇزنى ئاران يىگىرمە بەش قېتىم كۆرگەنىدىم. شەمشىرىڭنى سال،

پاتىراق ئۆلەي!» دىدى. ئىسكەندەر يەنە بىر شەمشەر ئۇردى، دىۋە جان تالىشىپ ئۆلدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر قۇدۇقتىن چىقىپ قارىسا، براندۇقنى يەنە دىۋە ئېلىپ قېچىپتۇ. كۆڭلى پەرىشان بولۇپ تۇراتتى، خىزىر ئەلەيھىسسالام پەيدا بولۇپ:

— مۇنداق زور دىۋىنى ئۆلتۈرۈپسىز، مۇبارەك بولسۇن! يەنە نېمىگە غەمكىن بولدىڭىز؟ — دىدى.

— براندۇقنى يەنە دىۋە ئېلىپ قېچىپتۇ.

خىزىر ئەلەيھىسسالام قولىنى سۇنۇپ براندۇقنى كەلتۈرۈپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن رۇمغا قاراپ يول ئالدى.

«پادىشاھ ئىسكەندەر كېلىۋېتىپتۇ» دىگەن خەۋەر يېتىشى بىلەن، پۈتۈن ئۇمەرا، ھۆكۈمالار پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا چىقتى. ھەزرىتى ئىسكەندەر بارگاھىغا چۈشۈپ، تەختتىن ئورۇن ئالدى. نەچچە كۈنگىچە براندۇق بىلەن ئەيش-ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. بىر كۈنى ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام: «يا ئىسكەندەر، ئەمدى ئىشرەتنى قويۇڭ، خۇدايتائالادىن بىزگە پادىشاھ ئىسكەندەرگە بۇ ئالەمنى تاماشا قىلدۇرۇڭلار! دەپ يارلىق كەلدى. مەسلىھەتىمىز شۇكى، يۇنان مەملىكىتىگە بارايلى، ئۇ يەردە بىر ھۆكۈما بار، ئىسمى ئەفلاتۇن. ئۇنداق ھۆكۈما ئەمدى بۇ جاھانغا كەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھۆكۈمالىق بابىدا تەڭدىشى يوقتۇر» دىدى.

# ھەزرىتى ئىسكەندەر مەقسىتىگە يېتىپ، يۇنان مەملىكىتىنى ئاباد قىلىشى

پادىشاھ ئىسكەندەر «ئالەمنى سەيلە قىلماق بولسام، بىزگە بۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنىڭ لازىمى يوق» دەپ ئون كىشىدىن بىر كىشىنى تاللاپ يۈز توقسان لەك لەشكەر، سەككىز مىڭ پادىشاھ، ئاتمىش مىڭ ئۇمەرا، ئون ئىككى مىڭ ھۆكۈما، مىڭ ئاتلە يۈز ھەييارنى تەخ قىلدى.

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئەفلاتۇن بىر كۈنى ئۆزىنىڭ تەلىيى ھەم مەملىكىتىنىڭ ئەھۋالىغا قارىتا قۇرئى سالدى ۋە قۇرئىدىن ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ يۇنانغا چېرىك تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە يەتتە ئىقلىمنىڭ ھەزرىتى ئىسكەندەر-نىڭ ئايىغىدا پايمال بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، دەرھال شاگىرت-لىرىنى جەزىرە-سەھرالارغا چىقاردى. خەلقنى شەھەرلەردىن كۆچۈرۈپ يۆتكىدى. ئەفلاتۇن ئىلگىرى قۇرئى كىتابلىرىدىن «كىيانلاردىن ئىسكەندەر دەپ بىر پادىشاھ باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، بارلىق شەھەرلەرنى ئېلىپ، يۇنانغا كېلىدۇ ۋە يەتتە

يىل كۈچ كۆرسىتىپ، شەھەرنى قورشاپ ياتىدۇ. كېيىن ئەفلاتۇنغا ئارىستو ئاتلىق بىر ئوغۇل شاگىرت بولۇپ، قىزىغا ئاشىق بولىدۇ ۋە قىزى ئارقىلىق ئەفلاتۇندىن سۆز ئېلىپ، بۇ سىرنى ئىسكەندەرگە مەلۇم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسكەندەر يۇنان مەملىكىتىنى سۇدا غەرق قىلىدۇ» دېگەنلەرنى كۆرگەنىدى. شۇڭا ئۇ تا ھازىرغا قەدەر شاگىرت بولغىلى كىشى كەلسە، ئاۋۋال ئىسمىنى سورايتتى. ئىسمى ئارىستو بولسىلا ئۆلتۈرەتتى. ئەمما، بۇ ۋەقەلەر ئۇنتۇلغىنىغا ئۈچ يىل بولغانىدى.

قىسسە: ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ لەشكىرى يۈرۈش قىلىپ، يۇنان چېگرىسىغا كېلىپ چۈشتى. ئەفلاتۇن سېپىل ئۈستىگە ئادەم چىقارماي، بىر كۆتۈرۈم قومۇشنى توغراپ، ھېكمەت بىلەن ھېسابسىز زەڭگى پەيدا قىلدى، ئۇلارنىڭ قەددى مىڭ گەز كېلەتتى، ئۇلار قوللىرىدا ئوقيا تۇتۇپ، مۇكەممەل بولۇپ تۇرغان مەھەلدە، ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كېلىپ سەپ تارتىپ تۇردى. بىرمۇنچە لەشكەر بارگاھ تىكىش بىلەن مەشغۇل بولدى. بۇ چاغدا سېھىر بىلەن پەيدا قىلىنغان زەڭگىلەر مەيدانغا كىرىپ نۇرغۇنلىغان لەشكەرلەرنى نابۇت قىلدى. ئاڭغىچە پادىشاھ ئىسكەندەرمۇ يېتىپ كەلدى. ھۆكۈمالار جەم بولۇپ ئەفلاتۇننىڭ سېھىرىنى يوق قىلدى. ئەفلاتۇن بۇنى كۆرۈپ شەھەر خەلقىنى سېپىلگە چىقاردى. ئۆزى دەرۋازىنىڭ تۆپىسىگە بارگاھ تىكتۈرۈپ ئولتۇردى. ئەفلاتۇن يەنە بىر

ئامبار ئاشلىقـقا ئىسمىيات ئوقۇپ، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويدى. شەھەر خەلقى بۇ ئاشلىقنى تا يەتتە يىلغىچە يېدى، ئەمما زەرىچە كام بولمىدى.

بىر كۈنى ھەزرىتى ئىسكەندەر تەڭرىگە نالە-زار بىلەن مۇناجات قىلغانىدى، خىزىر ئەلەيھىسسالام: «يا ئىسكەندەر، نېمىگە مۇنچە پەرىشان بولۇپ ئولتۇرىسىز؟» دەپ سورىدى.

كىيان زېمىندىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھېسابسىز شەھەر-لەرنى بىر يىلدىن ئاشۇرماي ئالغانىدۇق. ئەمما، يۇنانغا كەل-گىلى يەتتە يىل بولدى. سەككىزىنچى يىلغا قەدەم قويدۇق. يەنە ئون كۈندە نورۇز بولىدۇ، تېخىچە ئالالمىدۇق.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئىچىدە تالىب شاھ ئاتلىق بىر كىشى بولۇپ، ئۇ كىشىنىڭ ئارىستو ئاتلىق بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ بالا ئاجايىپ دانا ۋە ھوشيار ئىدى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام ئارىستوغا بىر دۇئا ئۆگىتىپ قويدى. ئۇ دۇئا «خۇتبە»① ئىدى. خىزىر ئەلەيھىسسالام ئارىستوغا: «سەن يۇنانغا كىرىپ ئەفلاتۇنغا شاگىرت بولغىن، ئىسمىڭنى سورىسا، ئىسمىم سەييارە، قۇلىقىم ئاڭلىمايدۇ، دېگىن. ئەفلاتۇن سېنىڭ قېشىڭدا خاس ئىلىملىرىنى ئوقۇپ مۇلاھىزە قىلىدۇ. ئەفلاتۇن-نىڭ قىزىنى كۆرسەڭ بۇ دۇئانى ئوقۇپ يۈزىگە سۈرگىن. ئۇ

① خۇتبە — نىكاھ قىلىش پەيتىدە ئىمام تەرىپىدىن ئوقۇلىدىغان دۇئا.

ساڭا ئاشىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن يۇنان مەملىكىتىنى ئېلىشنىڭ ئىلاجىنى سورىغىن، سېنى خۇدايىمغا تاپشۇردۇم» دەپ دۇئا قىلدى.

ئارىستو شەھەرگە كىرىپ بىر خالىي يەردە ياتتى. تاڭ ئاتقاندا ئەفلاتۇننىڭ قېشىغا كىرىپ سالام قىلدى. ئەفلاتۇن سورىدى:

— سەن نېمە ئادەم؟ ئىسمىڭ نېمە؟

— ئىسمىم سەييارە، — دېدى ئارىستو، — سىلىگە شاگىرت بولغىلى كەلدىم. قۇلىقىم ساغرۇ.

ئەفلاتۇن ئارىستونى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى. ئاۋۋال ئاسترونومىيىنى ئۆگەتتى. بەزىدە ئۆزىنىڭ ۋاقتى يەتمىسە، قىزىنى ئەۋەتەتتى. ئارىستو ھەر قېتىم ئەفلاتۇننىڭ قىزىنى كۆرسە «خۇتبە»نى ياندۇرۇپ - ياندۇرۇپ قىرىق مەرتىۋە ئوقۇپ، دېمىدە قىلاتتى. بۇ قىز ئاتىسىنىڭ خاس ئىلىملىرىنى ئارىستوغا يوشۇرۇنلا ئۆگەتتى. ئەفلاتۇننىڭ قىزى بارا - بارا ئارىستوغا شۇنداق ئاشىق بولدىكى، ئارىستو قېشىدا بولمىسا، ھەرگىز تائام يېمەيدىغان بولدى. ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى ئارىستو سورىدى:

— ئەي مەلىكە، بۇ شەھەرنى ئېلىشنىڭ ئىلاجى بارمۇ؟

— مەن بىلمەيمەن.

— ئەمىسە دادىڭىزدىن سوراڭ، بىزنىڭ ئاتلاپ قويغىنىمىزنىڭ زېمىنى يوق. جان تەندە ئامانەتتۇر.

قىز بۇ سۆزنى ئاتىسىدىن سورىدى. ئەفلاتۇن: «ئەي بۇتام، ئىسكەندەر قىشىدا ئاقىل ھۆكۈمالار يوق ئىكەن. يۇناننىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر تاغ بار، ئۇ تاغ قوغۇشۇننىڭ كانىدۇر، تاغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە شور دەرياسى بار. بۇ دەريا يۇنان تېغىنىڭ تۆۋىدە. ئۇ تاغقا كۆرەك (مىتال ئېرىتىدىغان ئۇچاق) قويسا، قوغۇشۇن ئېرىيدۇ. ئاندىن شور دەرياسى شەھەرنىڭ تۆپىسىدىن ئېقىش تېپىپ، شەھەر سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالىدۇ. ئەمما، بۇ سۆز-لەرنى ھەرگىزمۇ كىشىگە ئېيتمىغىن!» دېدى.

قىز شۇ زامان چىقىپ ئارىستوغا ئېيتتى. ئارىستو مەلىكىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يىغىلاپ سۆيدى ۋە: «ئەي مەلىكە، مەن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ قېشىدىن كەلگەنىدىم، بۇ سۆزنى ھەز-رىتى ئىسكەندەرگە يەتكۈزەي، تېزراق جابدۇق قىلىڭ، پادىشاھ ئىسكەندەر قېشىغا بارايلى» دېدى.

مەلىكە ئۆيىگە كىرىپ ھېكمەتلىرىنى (ئىلىم-ھېكمەتكە ئائىت مەخپىيەتلىكلىرىنى)، زۆرۈرىي لازىملىق نەرسىلىرىنى ساندۇققا سالدى ۋە بىر پارچە بۇلۇتنى چۈشۈرۈپ، ساندۇقنى بۇلۇت ئىچىگە سولاپ، ئاغزىغا تاختاي قويۇپ، ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. ئارىستو ئىسمىئەزەم ئوقۇپ دېمىدە قىلىۋىدى، بۇلۇت ساندۇقنى كۆتۈرۈپ ھاۋاغا پەرۋاز قىلدى ۋە ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كېلىپ چۈشتى.

مەلىكە براندۇقنىڭ قېشىغا كىردى. ئارىستو ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا كىرىپ بولغان ۋەقەنى بايان قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەر

شۇ زامان تۆمۈرچىلەرنى ئىككى تەرەپتىن تاغقا ئۇت يېقىپ كۆرەك باسقىلى سالدى. ئەفلاتۇن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ تاغ باغرىغا ئۇت يېقىپ، كۆرەك باستۇرۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، دەرھال قىزىنىڭ ئوردىسىغا كەلدى. قارىسا قىزى يوق. كېنىزەكلەردىن سورىغانىدى، كېنىزەكلەر: «خېلى بولدى، كۆۋ-مىدۇق» دېيىشتى. ئەفلاتۇن چارىسىز شەھەر خەلقىنى يىغىپ: «ئەي خالايىقلار! پۇل-مېلىڭلارنى تاشلاپ، شەھەرنىڭ يەتتە كۈنلۈكچە سىرتىغا يېتىپ بارالىساڭلار قۇتۇلىسىلەر. بولمىسا شەھەر سۇ ئاستىدا قالىدۇ. بۇ تاغ قىرىق كۈندە ئېرىپ، شەھەرنى سۇ باسىدۇ. شەھەرنىڭ ئورنى قايىنام بولىدۇ. مەندىن يادنامە بولۇپ قالسۇن ئۈچۈن، مەن بىر مىيىل (خادا تاش، كۆرسەتكۈچ بەلگە) ياسايمەن. سىلەر ماڭا قارىماي مېڭىۋېرىڭلار!» دېدى.

شەھەر خەلقى بالا-ۋاقىسىنى ئېلىپ، يەتتە كۈنلۈكچە يەرگە بېرىپ، بىر شەھەر بىنا قىلىپ ئۇنىڭغا «يۇنان» دەپ ئات قويدى.

ئەفلاتۇن تۆت يۈز شاگىرتى بىلەن مىتال ئارىلاشمىسىدىن خىش قۇيۇپ، قوغۇشۇندا لاي ئېتىپ، ئىلىم-ھېكمەت بىلەن يۈز ئاتمىش گەز ئېگىزلىكتە مىيىل ياسىدى. مىيىلنىڭ تۆپىسىگە بىر گۈمبەز ئورناتتى ھەمدە پولاتتىن كاتتا ناغرا (دۇمباق) قويۇپ يۈزىگە شىر تېرىسى كېرىدى ۋە ئۇنىڭغا يۈز سەكسەن گەز زەنجىر بېكىتتى. زەنجىرنىڭ بىر ئۇچىنى ناغرىنىڭ ئىچىدىن

ئۆتكۈزۈپ، تېرەكگە بەند قىلدى. يەنە بىر ئۇچىنى تۆت ئاچا زەنجىر قىلىپ، كۈرسىنىڭ تۆت تەرىپىگە باغلىدى. ھەربىر ئۇچىغا تۆت يۈزدىن قوڭغۇراق بېكىتىپ، مىيىلدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاشتۇردى. ھېكمەت بىلەن ئىككى چوكا تەييار قىلدى. يەنە بىر مىيىلنىڭ تۆپىسىدىكى گۈمبەزگە بىر زەنجىر بېكىتىپ، ئۇچىنى ساڭگىلىتىپ قويدى. بۇنى «مۇبادا كېمىلەر شامالنىڭ تەسىرى بىلەن گىرداپقا كېلىپ قالسا، شۇ زەنجىرنى تۇتۇپ مىيىلغا چىقىپ، ناغرىنى چالسا، ناغرىغا باغلانغان زەنجىرلەر مىدىراپ، مىيىل تۆۋىدىكى قوڭغۇراقلاردىن سادا چىقسا، دەريادىكى لەھەڭلەر ئويناقلاپ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن دولقۇن تەسىرىدىن كېمە چايقىلىپ گىرداپتىن چىقىدۇ» دېگەن مەقسەت بىلەن بەرپا قىلغانىدى. مىيىلغا «مىيىلى ئىسكەندەر» دەپ ئات قويدى.

**قىسسە:** بىر رىۋايەتتە «ئەفلاتۇن تۆت يۈز شاگىرتى بىلەن بەلخقە كەلدى» دېيىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە «ئەفلاتۇن مىيىلغا چىقتى. تاغ قىرىق كۈندە ئېرىپ، دەريا ئېقىش تاپتى. ئەفلاتۇن يۇناننىڭ نابۇت بولغىنىغا ئەپسۇسلىنىپ، بۇ كۈلپەت ماڭا شاگىرتتىن بولدى دەپ تۆت يۈز شاگىرتىغا قەغەزدىن قانات ئېتىپ بېرىپ ئۇچۇڭلار، بىر تەرەپكە كېتەيلى، ئەي ۋاپادار شاگىرتلىرىم، كۈندۈزى كۆك كۆرۈنگەن يەرگە؛ كېچىسى ئاق كۆرۈنگەن يەرگە چۈشۈڭلار! دېدى. ئەفلاتۇن بىر قاشقا چۈشۈنغا مىنىپ بۇخاراغا كېلىپ چۈشتى. ئەمما، تۆت يۈز

شاگىرتى بولسا، دەرياغا چۆكۈپ لەھەڭلەرگە يەم بولدى» دېيىلىدۇ.

ئەفلاتۇن كۆڭلىدە «ئىسكەندەر شەھەر خەلقىنى نابۇت قىلدى. مەنمۇ ئۆچۈمنى ئالاي» دەپ قەغەزدىن پۇل ياساپ سېھىر بىلەن تىللا قىلدى. بازارغا بېرىپ قىرىق كېنىزەك سېتىۋالدى. ئون سەككىز ياشلىقلاردىن قىرىق قىز ئالدى. بىر تاغار بۇغدايغا يىگىرمە ئىككى ياشلىق ئەركەك بېلىقنىڭ سۆڭىكىنى سوقۇپ ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇن تارتىپ بۇ سەكسەن كىشىگە بەردى ۋە: «ئەي غۇلاملار، سىلەر قىرىق كۈنگىچە بۇ كۆپنى شەھۋەتكە توشقۇزۇپ بېرىڭلار. مەن سىلەرنى ئازاد قىلاي» دېدى ھەمدە ھويلىنىڭ چۆرىسىگە ئىسمىيات ئوقۇپ دېمىدە قىلىۋىدى، ھويلا تاملىرى ئاسمان بىلەن باراۋەر بولدى. دەرۋازىنى ئېتىپ، ئۆزى بىر خىلۋەت جايغا بېرىپ ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. قۇللار بولسا، ھېلىقى ئۇندىن ئاش ئېتىپ يەپ نەپسى ئۆتىشكەلەپ، پەيتى كەلگەندە شەھۋەتلەرنى كۆپكە قۇياتتى. شۇنداق قىلىپ قىرىق كۈندە كۆپ تولدى. ئەفلاتۇن قۇللارنىڭ قېشىغا كەلدى. قۇللار: «ئەي ئاخۇن غوجام، كۆپنى توشقازدۇق» دېدى. ئەفلاتۇن بۇ قۇللارنى ئازاد قىلىپ قويۇپ بەردى.

ئەفلاتۇن چۈشۈنلارنى تۇتۇپ كۆپكە سولىدى. شەھۋەتلەر قۇرۇتلاپ، كۆپ قۇرۇتقا تولدى. قۇرۇتلار بىرى بىرىنى يەپ ئىككى قۇرۇت قالدى. بۇ ھەم بىرىنى يەپ ئاخىردا بىرى

قالدى. بۇ قۇرۇت يوغىناپ، كۆپنى يېرىپ سىرتقا چىقتى ۋە قەددىنى رۇسلاپ ئەجدىھا بولدى. زورلۇقى شۇ دەرىجىدىكى، ئۇنى تەرىپلەشكە سۆز توغرا كەلمەس. بېشىدىن قۇيرۇقىغىچە بىر كام ئەللىك غۇلاچ، توغرىسى يىگىرمە غۇلاچ ئىدى. قىرىق بىر قېتىم دەم تارتىش بىلەن بۇخارا خەلقىدىن يەتتە تۈمەن كىشىنى يۇتتۇۋەتتى. بۇخارانىڭ چوڭلىرى كېلىپ ھەزرىتى ئىسكەندەرگە:

— يا پادىشاھى ئالەم پاناھ، ئىش يامىنىغا ئۆرۈلدى. بىر ئەجدىھا پەيدا بولۇپ، قىرىق بىر دەم تارتىش بىلەن يەتتە تۈمەن كىشىنى يۇتتۇۋەتتى، — دەپ ئەرز قىلىشتى. ھەزرىتى خىزىر ئەلەيھىسسالام:

— بۈگۈن مۇنچە قېپتۇ، يەنە يەتتە كۈندە ۋايىغا يېتەر، ئۇ چاغدا دۇنيادا ھېچ نەرسە قالماس، — دېدى. ئەفلاتۇننىڭ قىزى:

— بۇ ئىش دادامدىن بولدى بولغاي، بۇنىڭ چارىسىنى دادام قىلىدۇ، — دېدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ياقۇتتەك قىزاردى ۋە ھۆكۈمالارغا:

— ئەي ھۆكۈمالىرىم، سىلەر جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ھۆكۈماسىزلەر. سىزلەر مېنىڭ نەزىرىمدىن ئۆتكەن خاس كىشىمسىزلەر. سىزلەر كەشمىر ۋىلايىتىدە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىڭلار. خىتاي مەملىكىتىدە پەيدا قىلغان «ئايىنەئى گىتى نەما ۋە ئۇستۇرلاب مەخپى نەما»لاردىن بۇ ئەجدىھاغا تاقابىل

تۆرۇشنىڭ تەدبىرىنى كۆرمىگەنمىدىڭلار؟ ئەمدى بۇ ئىشقا قەدەم قويۇڭلار، بىزگە ئۆنىڭدىن غەم-ئەندىشە، خېيىم-خەتەر يەتمىگەي، — دېدى. كۆيلۈغ ھەكىم ئورنىدىن قوپۇپ:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، ماڭا رۇخسەت بېرىڭ، مەدەت قىلىسىڭىز، بۇ ئىشقا قەدەم قويسام، — دېدى. پادىشاھ ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ رۇخسەت بەردى.

كۆيلۈغ ئوردىدىكى ياغاچچىلارنى يىغدى ۋە تۆپىدە تۇرۇپ بىر زور ساندۇق ئەتتۈرۈپ، تۆت تەرىپىگە پەرەڭ ئەيىنەكنى باغلاپ، ئىچىگە لىق تاش توشقۇزۇپ، ئەجدىھانىڭ ئۇدۇلىدا قويدى. بۇ چاغدا ئەجدىھا ئويغىنىپ، بىر كېرىلىۋېتىپ قەددىنى رۇسلاش بىلەن تەڭ، كۆزى ئەيىنەككە چۈشتى. قارىسا ئۇدۇلىدا ئۆزىدەك بىر ئەجدىھا تۇرۇپتۇ. بۇ ئەجدىھا سوزۇلۇپ، نەرە تارتىپ غەزەپ بىلەن شۇنداق ئېتىلغانىدى ئەيىنەككە ئۇرۇلۇش بىلەن دەھشەتلىك بىر ۋارقىراپ، مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ئىككى پارە بولدى. پادىشاھ ئىسكەندەر باشلىق پۈتۈن پادىشاھ، شەھرى يارانلار تەھسىن ئاپىرىنلار ئوقۇدى. ئاندىن جارچىغا يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ئەيىۇھەنناس، ئەي ئەفلاتۇن، بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، مەنكى ئىسكەندەردۇرمەن. ئوڭ قولۇمدا خىزىر پەيغەمبىرىم، چەپ قولۇمدا ئىلياس پەيغەمبىرىمدەك تايانچىم بار. ئۇن ئىككى مىڭ ھۆكۈما ئالدىمدا، ھەر يەردە بولساڭ، ھازىر بول. مېنىڭ بىلەن جىدەل قىلىپ باشقا چىقەرالمايسەن. ھەرقانداق ئىلتىماسىڭ بولسا، راۋا قىلاي!» دەپ

چار سالدۇردى.

بىر موللا پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بارگاھىغا كىرىپ سالام قىلدى. كۆردىكى، بۇ كىشى سېرىق يۈزلۈك، قوي كۆزلۈك، قوشۇلما قاش، قىزىل ساقال بولۇپ، بېشىغا سېرىق رەڭلىك ماتادىن سەللە ئورىغان، يەلكىسىگە چايشاپ (شەيخلەر، دەرۋىشلەر يەلكىسىگە يېپىپ ياكى تاشلاپ يۈرىدىغان نەرسە؛ بىر خىل ئۈست كىيىم) ئارتىۋالغان، بىلىگە خەنجەر قىستۇرغانىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر:

— موللام، سىز كىم بولىسىز؟ ئىسمىڭىزنى بايان قىلىڭ، — دېدى.

— مەن ئەفلاتۇندۇرمەن

ھەزرىتى ئىسكەندەر تەختتىن چۈشۈپ بەش نۆۋەت كۆرۈشتى. ئاندىن ئەفلاتۇن خىزىر ئىلياس بىلەن كۆرۈشتى. ئاندىن ئولتۇرىدا ئولتۇردى ۋە:

— يا پادىشاھى ئالەم، مېنىڭ ئۈچ شەرتىم بار، مۇشۇ ئۈچ شەرتىمگە ماقۇل بولسىلا، مەن ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتلىرىدە بولاي، — دېدى.

— نېمە شەرتىڭىز بار؟

— ئاۋۋال، سەندەلى تەرىيقۇل-ئەقىل (ئەقىل يولىنىڭ سەندىلى، ئورۇندۇقى)نى بۇيرۇسىلا، ھۆكۈمالار مىندىن يۇقىرى ئولتۇرمىسۇن؛ ئىككىنچى ھەر يولنى مەن باشلاي؛ ئۈچىنچى، قىزىم بىلەن ئارىستونى بەرسىلە.

— بەردىم، — دېدى پادىشاھ ئىسكەندەر.

ئەفلاتۇن قوپۇپ تازىم قىلىپ قىزىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. قىزى قۇرئى سېلىپ ئاتىسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە «ئاۋۋال ئاتامغا بىر ھۈنەر كۆرسىتەي» دەپ ئارىستونى كۆپكە سۇلاپ ئاغزىغا ئاياق يېپىپ قويدى. ئاڭغىچە ئەفلاتۇن قىزىنىڭ ئۆيىگە كىردى ۋە قىزىنى كۆرۈپ ئېيتتى: — ئەي قىزىم! يۇنان قېنى؟

— تەقدىر ئىلاھىيدۇر.

— ئارىستو قېنى؟

— كۆپكە سۇلاپ قويدۇم.

ئەفلاتۇن كۆپنىڭ قېشىغا كېلىۋېدى. قىز كۈلدى.

— نېمىگە كۈلسەن قىزىم؟

— ئىست، سىزنىڭ ئەفلاتۇن بولۇپ قالغىنىڭىزغا! مەن ئارىستونى كۆپكە سۇلاپ قويسام سىزگە ئېيتارمىدىم؟

— شۇنداق دېگىنىڭ بىلەن كۆپكە قاراۋاتسەنغۇ؟ — دېدى ئەفلاتۇن ۋە دېلىغۇل بولۇپ، ئۆيدىن چىقىپ قۇرئى سالدى. كۆپتە ئېكەنلىكىنى بىلىپ يەنە ئۆيگە كىردى. ئاڭغىچە قىزى ھەم قۇرئى سېلىپ ئاتىسىنىڭ بىلىۋالغانلىقىنى ئۇقۇپ، ئارىستونى كۆپتىن چىقىرىپ بىر سېۋەتكە سۇلاپ قويدى. ئەفلاتۇن كىرىپ كۆپكە قارىسا ھېچنېمە يوق. يەنە قۇرئى سالدى. ئاڭغىچە قىزى ئارىستونى سېۋەتتىن چىقىرىپ سۇپىرىغا يۆگەپ قويدى. ئەفلاتۇن كىرىپ سېۋەتنى ئاختۇردى، ھېچنېمە يوق.

يەنە چىقىپ قۇرئى سالدى. كۆردىكى، ئارىستو بىر شەھەرگە كىرىۋاپتۇ، شەھەر پۇختا يۇگىدىن توقۇلغان، ئۇنىغا مىلەنگەن ماتا؛ ماتانىڭ سىرتى ئىككى قەۋەت قومۇش① بىلەن قورشالغان، لېكىن بۇ شەھەرنى ئىككى قوزۇق كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەفلاتۇن پەكىر يۈرگۈزۈپ بەلكىم، بۇ سۇپرا بولسا كېرەك، چۈنكى ئىچىدە ئۇن بار، تاختىنىڭ تۆپىسىدە، قوزۇق كۆتۈرۈپ تۇرغان،......دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ قىزنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. قىزى ئۆيىدە قۇرئى سېلىپ ئاتىسىنىڭ يەنە تېپىۋالغانلىقىنى بىلدى. ئارىستومۇ ئىسمىئۇزەم ئوقۇپ، بىرىنچى قات يەرگە كىرىپ، يەرنىڭ تومۇرى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئەفلاتۇن كېلىپ سۇپرىغا قارىدى، يوق. يەنە قۇرئى سالدى، كۆردىكى، بىرىنچى قات يەرگە كىرىۋاپتۇ. ئەفلاتۇن ئارقىسىدىن كىردى. ئارىستو ئەفلاتۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، بىرىنچى قات يەردىن قېچىپ، ئىككىنجى قات يەرگە كىردى. ئاگىچە ئەفلاتۇنمۇ يېتىپ كەلدى. ئارىستو بۇ ھالىنى كۆرۈپ، يەتتىنچى قات يەرگە كىردى ۋە بىر كۆزى قارىغۇ، بىر پۇتى ئاقساق، كىچىككىنە بىر سېرىق ئۇينىڭ يەتتە قات يەرنى بىر مۇگگۈزدە كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئارىستو ئۇينىڭ قۇلىقىغا كىرىۋالدى. ئۇي سورىدى:

— قانداق مەخلۇق سەن؟

---

① قومۇش — بۇ يەردە بورا دېگەن مەنىدە كەلگەن.

— مەن ئارىستو بولىمەن، مېنى ئەفلاتۇن قوغلاپ كېلىۋا-
تىدۇ.— ئاڭغىچە ئەفلاتۇن يېتىپ كەلدى. ئارىستو ئۇ يەردىن
قېچىپ ئاسمانغا چىقتى، بولمىدى. بېلىقنىڭ چىشىنىڭ كاۋىكىغا
كىرىۋالدى، بولمىدى. ئۇ يەردىن قېچىپ يۈرۈپ يەر مۇئەك-
كىلى-قۇرقائىل ئاتلىق پەرىشتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام
قىلدى. پەرىشتە سورىدى:

— كىم سەن؟

— مەن ئارىستو، مېنى ئەفلاتۇن قوغلاپ كېلىۋاتىدۇ،
مەن ئالما سۈرىتىگە كىرىۋالاي، قولىڭىزدا تۇتۇپ تۇرۇڭ،
ئەفلاتۇنغا بەرمەڭ.

پەرىشتە ماقۇل بولۇپ، بۇ ئالمىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ
تۇراتتى. ئەفلاتۇن يېتىپ كەلدىۋە: «ئەي قۇرقائىل! ئارىس-
تونى ماڭا بەرگىن، — دېدى-دە، بىر-بىردىن ئۇلۇغ ئىسمە-
ئەئزەملەرنى ئوقۇشقا باشلىدى. پەرىشتە ئەفلاتۇن ئوقىغان
ئىسمىئەئزەمنىڭ كۈچىدىن ئاجىز كېلىپ، ئارىستونى بەرمەكچى
بولىۋىدى، ئارىستو قېچىپ يەنە بىرىنچى قات ئاسمانغا چىقتى.
ئەفلاتۇن ئارقىسىدىن چىقتى. ئارىستو تۆتىنچى قات ئاسمانغا
يەتتى ۋە ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ
سالام قىلدى ھەمدە: «ئەي رۇھۇل-ئەمىين ① مېنى ئەفلا-
تۇندىن تىلىۋالسىڭىز» دېدى. ئاڭغىچە ئەفلاتۇن يېتىپ كەلدى

① رۇھۇل-ئەمىين — جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ لەقىمى.

ۋە ئارىستونىڭ جىبرىئىلنىڭ قانىتى ئاستىغا كىرىۋالغانلىقىنى كۆردى.

— يا رەسۇل ئەمىن، ئارىستونى ماڭا بېرىڭ!

— ماڭا بېرىڭ، — دېدى ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، — ئەفلاتۇن ئۇنىماي ئىسمىئەئزەم ئوقۇپ شەفقە كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن ھەزرىتى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامۇ ئەفلاتۇن تەرەپكە ئۆتۈپ، تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋېدى، ئارىستو قېچىپ يەرگە چۈشتى ۋە پادىشاھ ئىسكەندەر قېشىغا كەلدى. ئارقىسىدىن ئەفلاتۇنمۇ يېتىپ كەلدى. ئارىستو بىر يۇمىلىنىپ تورۇمتاي بولدى. ئەفلاتۇن ئىسمىئەئزەم ئوقۇپ قۇرغۇي بولدى. ئەفلاتۇن ئىسمىئەئزەم ئوقۇپ قۇرغۇي بولدى. بىرى ئەجدىھا بولدى، بىرى لەھەڭ بولدى. بىرى شۇڭقار بولدى، بىرى لاچىن بولدى، بىرى بۈركۈت بولدى، بىرى ئاسمان بولدى. بىرى قېچىر بولدى، بىرى قوپلان بولدى، بىرى شىر بولدى. ......ئۇلار يەتمىش ئىككى خىل سۈرەتتە بولۇپ جەڭ قىلدى. ھەر ئىككىسى باراۋەر كەلدى. ئاخىر بولالماي ئەسلىگە كېلىشتى. ئەفلاتۇن:

— يا ئىسكەندەر، «ھۆكۈما» دېگەن مۇنداق نامنى كۆتۈرۈپ يۈرگۈنۈمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك ئوخشايدۇ. ناۋادا ئۆزلىرىنىڭ ماڭا ئېتىقادلىرى بولسا، ئارىستونى تۇتۇپ بەرسىلە، — دېدى.

— يا ئەفلاتۇن، ئارىستونى تۇتۇپ نېمە قىلىسىز؟

— ئۆلتۈرىمەن. ئاندىن قىزىمنى ئۆلتۈرىمەن.

— ئەي ئەفلاتۇن، — دېدى خىزىر ئەلەيھىسسالام، — بىز سىز-دىن ئارىستوتىنىڭ ۋە قىزىڭىزنىڭ گۇناھىنى تىلەيمىز. قابىل ئوغۇل، قابىل مەرتىلەرنىڭ تېپىلمىقى ناھايىتى مۈشكۈلدۇر.

ئەفلاتۇن بۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ھەر ئىككە-سىنى سۆيۈپ قويدى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ يارلىقى بىلەن ئالىي توي قىلىپ، ئەفلاتۇننىڭ قىزىنى ئارىستوغا نىكاھ قىلىپ قويدى. بۇ ئىككى تالىپ مۇراد-مەقسىتىگە يېتىشتى. ئەفلاتۇنغا سەندەلى تەرىقۇل-ئەقلنى بېرىپ، سوقراتتىن تۆۋەن، ئۆزگە ھۆكۈمالاردىن يۇقىرى ئورۇندا ئولتۇرغۇزدى. ۋەللاھۇئەئلەم (تەڭرى بىلگۈچىدۇر).

28

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ يەتتە دەرىيانى[1] سەيلە قىلىپ، ئون ئىككى مىڭ ئارال، شەھەرلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئوكيانغىچە بارغىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، سوقرات دەريالارنىڭ سۈپىتى-نىسبىتىنى بىر-بىر بايان قىلغانىدى، پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ يەتتە دەريانى سەيلە قىلىشقا قەدەم قويدى ۋە سوقراتقا: «بۇ سەپەردە يول باشلىغۇچى سىز بولۇڭ، بارلىق كېمىچىلەر سىزگە تەۋە بولسۇن. بىزلەرمۇ سىزگە تەۋە بولايلى» دېدى.

سوقرات بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلىپ، كېچەيۇ كۈندۈز پىكرى-خىيالىنى يول باشلاشقا بەند قىلدى. بۇلارغا يول كۆرسەتكۈچى يەنىلا ئىلياس ئەلەيھىسسالام ئىدى. كېمىلەرنى ئۇچار قۇشلاردەك تېز ماڭغۇزاتتى. بۇلار دەسلەپ كىرگەن دەريا رۇم دەرياسى ئىدى.

---

① دەريا — بۇ يەردە دېڭىز دېگەن مەنىدە.

ھەزرىتى ئىسكەندەر دەريا لىۋىدىكى ئارالـلارنى بويسۇندۇ-
رۇشقا قەدەم قويدى. ھەر ئارالغا چىقـسا، شۇ جاينى بويسۇن-
دۇرۇپ ئاجايىپـلارغا كـۆز سالاتتى. بەزىـدە قۇرۇقلۇق بىلەن
چەزىرىلەرنى فەتھ (بويسۇندۇرۇش) قىلىپ باراتتى.

ھۆكۇمالار ئىككىگە بۆلۈندى: بەزىـسى ھەزرىتى ئىسكەندەر
بىلەن بىر كېمىدە، بەزىسى باشقا كېمىدە بولـدى. كېچەيۇ كۈن-
دۈز تىنىـماي ماڭاتتى. ئىـگىز تاغـلارغا دۇچ كېلىـپ ئۆتكىلى
بولمىسا، كېمىگە چۈشەتتى. ئاراللارغا يەتكەندە كېمىدىن چىقىپ
ئارالـلارنى فەتـھ قىلاتـتى. شۇ تەرىـقىـدە دەريالارنى سەيلە
قىـلاتـتى. بولغان ۋەقەلەرنى پۈتـۈپ، يەتـتە دەريانى سەيـلە
قىلىپ، ئاراللارنى بويسۇندۇرغانلىقنى نامە قىلىپ، كەپتەرنىڭ
قانىتىغا باغـلاپ رۇمـغا ئەۋەتـتى. رۇمدىكىـلەر بۇ ۋەقەدىن
خەۋەر تېپىپ خۇشال بولاتتى.

شۇنداق قىلـىپ، بۇلار فەرەڭ دەرياسـىغا كېلىپ توختىدى
ۋە ئۇ يەردە بىر ئارالغا كېلىـپ چۈشـتى. ئۇلار يەتتە دەريانى
ئون يىلدا سەيلە قىلىپ بولـدى. ئىسكەندەر فەرەڭ دەرياسىدا
توخـتاپ، خـالايـىقـلارنى يىـغىـپ، ئىلـتىـپاتلار قىلـىپ،
كۆڭۈللىرىنى شاد قىلدى. خالايىقلار «سەپـەر تۈگىدى، ئەمدى
رۇمغا يانارمىزمىكـىن» دەپ گۇمان قىلىـشقانـدى، ئىسكەندەر
سوقراتقا سەيلە قىلغان دەريالارنىڭ ھېسابىنى قىلىپ كۆرۈشنى
بۇيرۇدى. ھېسابلاپ چىققانىدى، ئىسكەنـدەر ھۆكۇمالار بىلەن
ئۇلارنى مۇلاھىـزە قىلـىپ، شۇ تەرىقىدە توققۇز يىـل يۈرسە،

دەريا مۇھىتىنى بىر چۆرۈلگىلى بولىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشتى. ئىسكەندەر ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ، يەنە تۆت يىللىق سەپەر جابدۇقىنى تەييارلاشقا يارلىق قىلدى ۋە:

— ئەي خالايىقلار، بىلىڭلاركى، بىزگە بۇ ھەۋەسنى خۇدايتائالا سالغاندۇر. سىزلەرنىڭ ھالاكىتىڭىزلارغا، بالا-ۋاقاڭلاردىن ئايرىلىشقا مەن سەۋەب بولدۇم. ھەممىڭلار تا ھازىرغىچە مەن بىلەن ھەمسەپەر بولدۇڭلار. ئەمدى خالىغىنىڭلار مەن بىلەن بىرگە بېرىڭلار، خالىمىغانلار قايتسۇن. مېنىڭ بېشىمدىن سەيلە-تاماشانىڭ ھەۋىسى چىقمايۋاتىدۇ. ئون يىل ئىچىدە يەتتە دەريا بىلەن ئون ئىككى مىلىك ئارالىنى سەيلە قىلدىم. مۇددىئايىم ئوكيانلارنىمۇ سەيلە-تاماشا قىلىش ئىدى. چۈنكى ئوكيانلارنىڭ ئەتراپىدىكى دېڭىز-دەريالارنى سەيلە قىلماي تۇرۇپ بىلگىلى بولمايدۇ. ئەمدى ئۆمرۈم يار بەرسە، يەنە تۆت يىل كېمەرنى ماڭغۇزۇش كېرەك. بېرىشىمىز ئۈچۈن ئىككى يىل، يېنىشىمىز ئۈچۈن ئىككى يىل كېتىدۇ. ئاممى غايىبنى بىلگۈچى يەنىلا ئاللادۇر. بەختىم يار بەرسە، سالامەت يېنىپ كېلەرمەن. بولمىسا، شۇ يەردە قالارمەن. بۇ سەپەر ھەم ئۇلۇغ ھەم خەتەرلىك سەپەردۇر. خالايىقلار مالال بولمىسۇن، سىلەرنى بۇ سەپەردىن خالاس قىلدۇق. بۇ يولدىن ئۆلۈم ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. بۇ يولغا كىشىنى تەكلىپ قىلىپ بولماس. خالايىقلار ۋەتەنلىرىگە يانسۇن، بىزنى كەچۈرسۇن،

رازى بولۇڭلار! — دەپ سۆزنى ئادا قىلدى. خالايىقلار زار-زار يىغلاپ:

— ئەي پادىشاھىم، بىز نېمە گۇناھ قىلدۇق؟ بارچىمىزنىڭ مۇرادى شۇكى، ناۋادا خىزمەتلىرىدە بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەك، تېنىمىزنى دەرگاھلىرىدىكى تۇپراققا قويسىلا. بىزنى نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن جۇدا قىلىپ، قايتۇرماقچى بولدىلا؟ — دەپ ئەرز قىلىشتى.

ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنىڭ قەيسەرلىكىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ھەرقايسىسىغا باشقىدىن خۇش مۇئامىلىدە بولۇپ، كۆڭۈللىرىنى ئېلىپ:

— مېنىڭ غەرىزىم سىزلەرنىڭ ھالىڭلارنى بىلمەكتە ئىدى. رەنج-مۇشەققەت تارتتىڭىزلار، ھەركىمنىڭ خىيالى ماڭا نىسبەتەن قانداقكىن دەيتتىم، ئەمدى بىلدىمكى، ئىخلاسىڭلا دۇرۇس ئىكەن. ۋەھىمەم بىر تەرەپ بولدى. مەن پادىشاھ، سىلەر مېنىڭ سىپاھىم، يامان كۈندە ماڭا پانا بولىدىغانلار يەنىلا سىزلەر، — دېدى. خالايىقلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ناھايىتى شاد-خۇرام بولدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى ئۈچ بۆلەك قىلىپ، ئىككى مىڭ كېمىدىكى خەلقنى قايتىشقا رۇخسەت قىلدى. چۈنكى بۇ كىشىلەر ئارتۇق ئىدى. شۇڭا ئۇلارغا كۆڭۈل ئېيتىپ ۋەتەنلىرىگە ياندۇردى ۋە: «سىزلەر رۇمغا بېرىڭلار. مېنىڭ سالامەتلىكىمنى ئۇلارغا يەتكۈزۈڭلار» دېدى. ئىككى مىڭ كېمىدىكى

خەلق رۇمغا قايتتى. قالغان مىڭ كىمىنىڭ يەتتە يۈزنى بىر بۆلەك قىلدى ھەمدە بۇ يەتتە يۈز كىمىدىكى خەلققە تاپىلاپ: «سىلەر مەن ئوكيانغا بېرىپ كەلگۈچە رۇمغا بېرىپ، دورا-دەرمان ئېلىپ كېلىپ، مۇشۇ يەردە تەۋرىمەي تۇرۇڭلار، مېنى تۆت يىل ساقلاڭلار، ئەگەر سالامەت كەلسەم رۇمغا بىللە بارايلى، ناۋادا دېڭىزدا بېلىقلارغا يەم بولسام، تۆت يىلغىچە كەلمىسەم، ماڭا دۇئا قىلىڭلار» دېدى.

ئوكيانغا بارغىلى ئۈچ يۈز كىمىدىكى خەلقنى تەيىن قىلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆكۈما ئىدى. ئاندىن كىمىلەرنى كېچە-كۈندۈز تىنماي سۈردى. ئۇلار يېمەك-ئىچمەكتىن، ئۇيقۇدىن بەھر ئالمايتتى. قارىسا-قارىسا سۇدىن بۆلەك نەرسە كۆرۈن-مەيتتى. پەقەت ئاسمان ۋە سۇ، يەر ۋە سۇلا كۆرۈنەتتى. بۇلارغا سۇدا ئەمەس، گويا ئاسماندا يۈرگەندەك، قۇياش خۇددى يەرنىڭ تېگى بىلەن مەشرىق تەرەپكە كېتىپ بارغاندەك تۇيۇلاتتى. گويا گۆھەردەك سۈزۈك ئىدى. ناۋادا قۇياش ئوكيانغا تىكلەنسە، ئاسماندىن بالا ياغقاندەك بولاتتى. ناۋادا ئاينىڭ شولىسى چۈشسە، سۇ ئىچىدە گويا گۈللۈك گىلەمگە ئوخشاش جىلۋىلىنەتتى. مۇنداق پۇرۇقلۇقتا ئوكياندىكى لەھەڭ-لەر، زور جانىۋارلار قوزغىلىپ، سۇ چايقىلىپ، دولقۇن ھاسىل بولاتتى. كۆزلىرى كۆكتىكى يۇلتۇزغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. جانىۋارلار ھەر تەرەپتىن كېلىپ كىمىگە ھۇجۇم قىلاتتى. بۇ جانىۋارلار قوزغالسا، دېڭىز چايقىلىپ كىمە غەرق بولۇش ھال-

تىگە يېتەتتى. تاڭ ئاتقۇچە بۇ ۋەھىمىدىن كېمىدىكىلەرنىڭ
يۈرەكلىرى قان بولاتتى. كېمىلەر يۈزمىڭ ئاپەتنىڭ ئىچىدە
قالاتتى. قاچانكى تاڭ ئاتسا، بۇ ۋەھىمىلەردىن خالاس بولاتتى.
كېمىلەر قاينامغا كىرىپ قالسا، ھۆكۈمالار ھېكمەت بىلەن چىقى-
راتتى. بۇلار ئوكيانغا كىرگەندىن بېرى، قىيامەت ئاشكارا
بولغاندى. بۇ ئوكيان بەزىدە كېمىدىكىلەرگە يەردە ئەمەس
بەلكى ئاسماندا تۇرغاندەك مەلۇم بولاتتى. كېمىدىكىلەر گاھ
تىرىك، گاھ ئۆلۈك ئىدى. تىرىك چىقىشتىن ئۈمىد ئۈزۈپ،
يۈرەكلىرى سىقىلاتتى. يۈز مىڭ مېھنەت-مۇشەققەت بىلەن
بىر-بىرلىرىدىن رازىلىق ئېلىشىپ يىغلىشاتتى. ئەمما، ئىسكەن-
دەر مۇنداق ۋەھىمىلەرنى ئەسلا نەزىرىگە كەلتۈرمەيتتى. شۇ
ئالاقە بىلەن يۈرۈپ بىر يىل توققۇز ئاي دېگەندە ئوكياننىڭ
ئوتتۇرىسىغا يەتتى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىگە غايىبتىن
«بىھۇدە ھەرىكەت قىلغان ئادىمزات، نەچچە يىل تەلەپ قىلغان
مەقسىتىڭگە يەتتىڭ» دېگەن خۇش خەۋەر ئايان بولدى. ھەزرىتى
ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ، سوقرات بىلەن ھەزرىتى ئىلياس
ئەلەيھىسسالامنى چاقىرتتى ۋە ئۇلارغا ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىغا
يەتكەنلىكىنى مەلۇم قىلدى ھەمدە كېمىلەرنى توختىتىش توغرى-
سىدا يارلىق قىلىپ، لەنگەر سالغۇزۇپ، كېمىنى توختاتتى ۋە
خالايىقلارغا: «سىزلەر بۇ يەردە شادمان تۇرۇپ تۇرۇڭلار،
مەن سىزلەر بىلەن خوشلۇشۇپ ئوكياننىڭ تەھتىگە چۆكەي.
بۇ يەرلەرگە كېلىشتىكى ھەۋەسىمۇ شۇ ئىدى. ئەمدى مۇرا-

دىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىكى بويىچە سۇ ئاستىغا كىرمەك-
چىمەن» دېدى.

ئەمما، بۇ يەردە رىۋايەتتە ئىختىلاپ بار: بىر رىۋايەتتە «ھەزرىتى ئىسكەندەر شىشىدىن ساندۇق ياساپ، ساندۇققا كىرىپ ئولتۇردى. ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئىلىم-ھېكمەت بىلەن بېكىتىپ تاناپ باغلاپ دەرياغا سالدى، تاناپنىڭ ئۇچىنى ھۆكۈمالار تۇتۇپ تۇردى. بۇ شىشە ئوكيانىنىڭ تېگىدە يۈز كۈن تۇرۇپ قالدى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئوكيانىنىڭ تېگىنى شىشىدە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلدى» دېيىلىدۇ. ئەمما بۇ رىۋايەت توغرا ئەمەس. بۇنى ئەقىل قوبۇل قىلالمايدۇ. ئادىمزات شىشىنىڭ ئىچىدە نەپەس ئالالمايدۇ.

يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەھلى تارىخلار «ھەزرىتى ئىسكەندەر ھەم پەيغەمبەر ھەم ۋەلى ئىدى. ئىسكەندەر ئوكيانغا كىرگەندىن بىرى رىيازەت تارتىش بەدىلىگە كۆڭلىنى روشەن قىلىپ، ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يەتكەندە ۋەلىلىك كامىل بولۇپ، لايىق ئورۇن تېپىپ، پەيغەمبەرلىك چىرىغىنى ياندۇرغاندى» دەپ نەقىل قىلىدۇ.

پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئوكيانىنىڭ ئاستىغا كىرگىنى، ئەگەر پەيغەمبەر بولسا مۆجىزە، ۋەلى بولسا كارامەت ئىدى. ئۇ نەگە بارسا، مەخپىي نەرسىلەر ئاشكارا بولاتتى. قۇرۇقلۇقتا قانداق جانىۋار بولسا سۇ ئىچىدىمۇ بار ئىدى. ئادەم جىنسىدىنمۇ بار ئىدى. سۇ ئىچىدە ئاجايىپ سۈرەتلەر كۆرۈنەتتى. ناۋادا بۇ

سۆرەتلەرنىڭ بىرى بۇ ئالەمگە چىقسا، كۆرگەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكى يېرىلاتتى. شۇنداق زور بېلىقلار باركى، ئۇچار قۇشلار بىر ئاي ئۇچسا، ئۇستىدىن ئۆتۈپ بولالمايتتى.

ئىسكەندەر ئارزۇ قىلغىنىدىن يۈز مىڭ زىيادە تاماشا قىلدى. سۇنىڭ تېگىدىن چىقىپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ، كۆرگەن ئاجايىپ ۋە غارايىپلارنى ھۆكۈمالارغا بايان قىلىپ بەرگەندى، ھۆكۈمالار ھېسابسىز شادمان بولۇشتى ۋە كۆڭۈللىرىدە «ئىسكەندەر ھەم پەيغەمبەر ھەم ۋەلى ھەم ھۆكۈما ئىكەن» دېيىشتى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدىن كەلگەن يولغا ياندى. كېچەيۇ كۈندۈز تىنماي يۈرەتتى. كېمىنىڭ ئىلداملىقىغا پەلەكنىڭ ئايلىنىشىمۇ يېتەلمەس ئىدى. شۇ تەرىقىدە ئىككى يىللىق يولنى بىر يىلدا بېسىپ بولدى.

## ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن دەر-يايى مۇھەممەن يېنىپ باختەر[1] زېمىنىگە بېرىپ، شېھىت بولغان شاھلارنىڭ گۆرىستانلىقىنى زىيارەت قىلغىنى

پادشاھ ئىسكەندەر ئوكيانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يېنىپ، لەشكەرلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى. بۇ يەردە قالغان لەشكەرلەر ئىسكەندەرنى سالامەت كۆرۈپ خۇشال بولۇشتى. بۇ يەردە بىر كۈن ئارام ئېلىپ، ئۇ يەردىن كۆچۈپ غەرب تەرەپكە يۈردى. مەنزىللەردىن ئېشىپ، شىكار قىلا-قىلا لاجۇۋەردە[2] دېگەن تاغقا يەتتى. ئۇ تاغنىڭ تۆپىسىدە بىر ئالىي گۈمبەز بار بولۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئىدى. گۈمبەزنىڭ توسا تاملىرى توق كۆك رەڭلىك تاش ۋە يېشىل مەرمەردىن تۈجۈپلەپ زىننەتلەنگەنىدى. ئىسكەندەر:

---

[1] باختەر — بەلخ شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

[2] لاجۇۋەردە — توق كۆك رەڭلىك تاش دېگەن مەنىدە.

ــ بۇ كىمنىڭ گۇمبىزى؟ ــ دەپ سورىدى. ھوكۇمالار:

ــ بۇ لاجۇۋەردە كۇھ (تېغى) دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئادىلار-
نىڭ سەردارى، يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھى شەدداد ئادى
ياتقان گۇمبەزدۇر. بۇ يەردە لەئل-جەۋھەرلەر تولا، ــ دەپ
جاۋاب بېرىشتى.

ــ ئۆزگە پادىشاھلارنىڭ ياتقان يەرلىرى قەيەردە؟

ــ ئەي پادىشاھى ئالەم پاناھ، ــ دېدى ھوكۇمالار، ــ بۇ
تاغنىڭ ئۇ يۈزىدە بىر تاغ بار. ئۇ تاغ مەغرىب دەرياسىنىڭ
قېشىدا، «باختەر زېمىن» دەپ ئاتىلىدۇ. تاغلارنىڭ ئەتراپى
سۇدۇر. بارلىق پادىشاھ گۆرىستانلىقى شۇ تاغنىڭ تۆپىسى-
دىدۇر.

ــ ئەي ھوكۇمالار، ئەمدى بۇ يەرلەرگە كەلگەندىن كېيىن
پادىشاھلارنىڭ گۆرىستانلىقىنى زىيارەت قىلغىنىمىز خوپتۇر
مۇندىن كېيىن پۇرسەت يار بەرمەيدۇ.

ئۇلار تاغ تەرەپكە يۈردى. مەنزىللەردىن ئېشىپ تاغقا
يەتتى، كۆردىكى، بۇ يەردە گۇمبەزلەر تولا ئىكەن.

ــ جەمشىتنىڭ گۇمبىزى قەيەردە؟ ــ دەپ سورىدى پادى-
شاھ ئىسكەندەر.

زالزەر(70) ھەزرىتى ئىسكەندەرنى باشلاپ، جەمشىتنىڭ
زىيارەتگاھىغا ئېلىپ كىردى. قارىسا تاملىرىنىڭ ھەممىسى
مەرمەر تاشتىن، ئىچىدە پۈتۈنلەي ئالتۇندىن ياسالغان بىر
گۇمبەز بىنا قىلىنغان، پەنجىرىلىرى قىممەت باھالىق تاشلاردىن

ياسالغان، ئىشىكگە قۇلپا سېلىنىپ پەردە تارتىلغانىدى. پەر-دىنى تۇتقانىدى، پەردە تۆكۈلۈپ چۈشتى. ئەمما ئاچقۇچى بىر ياندا ئېسقىلىق تۇراتتى. ھەزرىتى ئىسكەندەر ئىشىكنى ئېچىپ ئىچىگە كىرىپ، گۇمبەزنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆردى ۋە گۇمبەزنىڭ ئىچىگە كىردى.

گۇمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تەخت قويۇلغان، خۇش ھىدلىق ئىپار، كاپۇرلاردىن ئىسرىق سېلىنغان بولۇپ، خۇش بۇي ھىدلار دىماققا ئۇرۇلاتتى. تەختنىڭ تۆپىسىگە پەردە تارتىلغانىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر پەردىنى ئېچىپ، جەمشىت-نىڭ باشتىن ئاياغىچە ئىككى پارە بولۇپ ياتقانلىقىنى كۆردى. باش تەرىپىگە بىر ئالتۇن لەۋھە ئورنىتىلغان بولۇپ، لەۋ-ھەگە «ئەي مېنىڭ بېشىمغا رەنج-مۇشەققەتلەر بىلەن ئاياغ بېسىپ كەلگۈچى! پادىشاھ بولساڭمۇ مەندىن ئىبرەت ئال! ئۆزۈڭنى پەسكەش دۇنيادىن كېچىپ خۇدانىڭ يولىغا سال! كۆرگىنىڭكى، مەن زەر بىلەن زىننەتلەنگەن شاھانە تەختتە ئولتۇرۇپ، جاھان كەزگۈچى جەمشىتتۇرمەن. مەن ئۈچۈن ھېسابسىز ئىززەت-ھۆرمەت بار ئىدى. مەشرىقتىن-مەغرىب-قىچە يەتتە ئىقلىمنىڭ پادىشاھ ئىدىم. قانچىلىغان غۇلام ۋە ئاي يۈزلۈك كېنىزەكلەر كېچە كۈندۈز خىزمىتىمدە قول باغلاپ تۇرشاتتى. خەزىنىدە دۇنيانىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. نەۋكەر-چاكارلىرىممۇ ھېسابسىز ئىدى. شەيتان يولىدىن ئازدۇرۇپ تەڭرىدىن ياندۇرۇپ، ھەق ئۈستىدىن دەۋا قىلغۇ-

زوٚپ مەنىسىز ئىشلارغا گىرىپتار قىلدى. نەتىجىدە مەن ھەممە-
دىن پاساھەتلىك، ھەممىدىن ھەقمەن! دەپ، تەڭرىنىڭ بەن-
دىلىرىنى ئۆزۈمگە سەجدە قىلدۇردۇم. شۇ سەۋەبتىن بۇ پانىي
ئالەمدە بېشىمغا ھەرە قويۇپ، تېنىمنى ئىككى پارە قىلدۇردى.
ھېچ بىلمىدىم، قىيامەتتە قانداق ئازابلار قىلاركەن؟ تا ئۆل-
گىنىمدىن بېرى ئازابتىن ھەرگىز ئامان تاپمىدىم. بۇ پانىي
ئالەمدە نە دۇنيا نەسىقاتمىدى، نە پادىشاھلىق نەسىقاتمىدى،
ھەممىسى پانىي ئىكەن، ھېچقايسىسىدىن ۋاپا كۆرمىدىم.
ئۈنچە-مەرۋايىتلارمۇ، زەر بىلەن زىننەتلەنگەن لىباس
(كىيىم) لارمۇ، ئېھتىيات ئۈچۈن ساقلانغان نەرسىلەرمۇ ھېچ
بىر ھەمراھ بولالمىدى. كۆرگىنىمكىم، مەندە بىرەر پۈچۈق
دىرھەم (كۆمۈش تەڭگە)مۇ يوق، ئالغىنىم قۇرۇق، جىسىم
بۇلغانغان ھالەتتە كېلىپ، بۇ قاراڭغۇ لەھەت ئىچىدە يىلان
چايانلار بىلەن يېتىپتىمەن. ھەرقانداق كىشى بولساڭ
مەندىن ئىبرەت ئال. خۇدا پەرەست بول، خىيالپەرەس
بولما! خۇدانىڭ بەرگىنىگە قانائەت قىل، كىشىنىڭ ھەققىگە
خىيانەت قىلما! بۇ ئالەمدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى پانىيدۇر.
ئەگەر ۋاپا قىلسا، ماڭا قىلسا بولاتتى، ساڭىمۇ ۋاپا قىلماس،
بۇ جاھان ئالدامچى، مەككار، ھىيلىگەر بولۇپ سېھىر بىلەن
تولغاندۇر. دۇنياغا كۆڭۈل بېرىپ، دۇنيا ئىشىنى خالىغانلار
ئاخىرەتتە ناھايىتى بىچارە، يېڭىلگۈچىدۇر! ئەي، رەنج-
مۇشەققەتلەر بىلەن مېنىڭ بېشىمغا كەلگۈچى! بېشىمدىكى

گۆھەرلەردىن خالىغىنىڭچە ئال؛ بۇنىڭغا قانائەت قىلمىساڭ،
ئايىغىمدىكى لەۋھەگە قارىغىن. ئۇ يەردە كۆمۈلگەن خەزىنە-
لەرنىڭ باياناتى باردۇر. ئۇنى تېپەپ ئالغىن!» دېگەن سۆزلەر
پۈتۈلگەنىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر جەمشىتنىڭ بېشىدىن كېچىسى
چىراغ كەبى يورۇقلۇق بەرگۈچى توققۇز گۆھەرنى ئېلىپ،
لەۋھە يۈزىدىكى خەت مەزمۇنىچە، گۈمبەز ئىچىدىكى خەزىنە-
دەپىنىلەرنى ئاچتۇرۇپ ئېلىپ، نەچچە خېچىرغا يۈكلەپ،
جەمشىتكە يېڭىباشتىن كېپەن، پەردىلەر قىلدۇردى. ئاندىن
فەرىدۇن فەررۇخنىڭ① گۈمبىزىگە كەلدى. كۆردىكى، جەم-
شىتنىڭ زىيارەتگاھىدىن فەرىدۇنىنىڭ كاتتىراق ياسالغان
بولۇپ، تاملىرى مەرمەر تاشتىن، پەنجىرىلىرى جاۋاھىردىن،
ئىچىگە ئالتۇندىن بىر گۈمبەز بىنا قىلىنىغانىدى. بۇ گۈمبەز-
نىڭمۇ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنىغلىق بولۇپ، ئالدىغا پەردە تارتىل-
غانىدى. ئىسكەندەر زالزەر ۋە نەچچە پالۋانلار بىلەن كېلىپ،
بۇ گۈمبەزنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. قارىسا، شاھ فەرىدۇن بىر
تەخت ئۈستىدە يېتىپتۇ. بېشىغا نەچچە گۆھەرلەر قويۇلغان
بولۇپ، بۇ گۆھەرلەرنىڭ نۇرىدىن گۈمبەزنىڭ ئىچى يورۇپ
كەتكەنىدى. تەكيىگە خۇش بۇي ھىد تاراتقۇچى گۈل، ئىپار،
كاپۇرلار قويۇلغانىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر شاھ فەرىدۇنىنىڭ
يۈزىدىن نىقابىنى ئېلىپ قارىسا، ھېلىلا قويغاندەك يېتىپتۇ:

---

① فەرىدۇن فەررۇخ (10-ئىزاھاتقا قاراڭ)

چىرايلىرى شېھىتلارنىڭ يۈزىدەك تازا ۋە پاكىز، تەنلىرى ساپساق ۋە دۇرۇس ئىدى. بۇنى قويغىنىغا بەش يۈز يىل بولغانىدى. ھەزرىتى ئىسكەندەر:

— كېپەن ۋە پەردىلىرى كونىراپ كېتىپتۇ، ئەمما بۇ پادىشاھنىڭ جەسىدى بۇزۇلماي، تازا تۇرۇپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دېدى.

— بۇ فەرىدۇن شاھ خۇداشۇناس كىشى ئىدى، ئادالەت-ئادىللىقتا تەڭدىشى يوق ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى زالزەر.

نەزم:

فەرىدۇن فەررۇخ فەرىشتە ئەمەس،
بېشەك① پەيغەمبەر سىرىشتە② ئەمەس.
تاپىپ خەيرى-ئېھسان بىلە ياخشى ئات،
بۇ ئاتنى تاپىپ جاۋىدان③ ھەيات.
يەنە تاپتى ئەدل④ بىلە ياخشىلىق،
كەتتى ئۆزى، قالىپ بۇ ياخشىلىق.

كۆردىكى، ئۇنىڭ باش-ئايىغىغا لەۋھە ئورنىتىپتۇ. بېشىدىكى لەۋھەگە قارىسا خەت يۈزىگە چاڭ قونۇپتۇ، چاڭنى

---

① بېشەك — شەكسىز، شۈبھىسىز.

② سىرىشت — يارىتىلىش، تەبىئەت.

③ جاۋىدان — ئەبەدىي، مەڭگۈ، دائىم.

④ ئەدل — ئادالەت-ئادىللىق.

سۇرتۇپ ئوقىدى. لەۋھەگە مۇنۇ سۆزلەر پۈتۈلگەنىدى: «بۇ مەنزىل ۋە ھەر ۋەھشەتكە قەدەم رەنج كەلتۈرگۈچى خا شاھ، خا گاداي، خا دەرۋىش، خا دىلى يارا بولغۇن، مەنكى فەرىدۇن فەررۇخدۇرمەن. بۇ پانىي جاھاندا بەش يۈز يىل پادىشاھ بولدۇم، ھېسابسىز دۆلەت سۈردۇم، ئىززەت-ھۆرمەت كۆر-دۇم؛ خەزىنە-دەپىنىلەرنى ھېسابسىز يىغدىم؛ ھەر يەردە، ھەر دىياردا گەدەنكەشلەر بولسا، ئۇلارنى ئۆزەمگە پەرمانبەردار (بويسۇنغۇچى) قىلدىم، غۇلام-چۆرىلەر، زەر بىلەن زىننەت-لەنگەن لىباسلار ھېسابسىز ئىدى. ھېچ نەرسىگە ئېھتىياجىم يوق ئىدى. بۇ ئالەمدە مەندىن بۆلەك يۈكسەك پادىشاھ يوق ئىدى. كۆرگىنىڭكىم، بۇ ئۆلۈم مېنى بىچارە قىلدى. تەخت-بەختىمدىن، ئۇرۇق-قاياشلىرىمدىن، خوتۇن-بالىلىرىمدىن، قېرىنداشلىرىمدىن جۇدا قىلدى. نەزم:

ۋەفا قىلمادى بۇ جەھان بىل ماڭا،
نېلەر[1] قىلدى بېلىكىم، قىلغۇر ھەم ساڭا.
ئالىپ مەندىن ئىبرەت خۇداجۇي بول.
قەنائەتدە ھەردەم رىزاجۇي بول.
ۋەھا قىلمادىلار نەفەرزەند-زەن[2]،
بۇ ئالەم ئىشدۇر ھەممە مىكرى-فەن.

---

[1] نېلەر — نېمىلەر، نى ئىشلار.

[2] زەن — خوتۇن، ئايال.

قېنى مەندەكى ئۇل ھەممە تاج-تەخت،
غۇلامۇ كېنىزەك ھەممە نىكبەخت①؟
نە بولدى قاشىمدىن بارى ئۇل گەنج،
ئۇلاردىن يېتىپدۇر ماڭا دەردۇ رەنج.

ئەي، بېشىمغا كەلگۈچى! مەندىن ئىبرەت ئال. ھەمىشە ئۆلۈمنىڭ پىكرىنى قىلغىن، خۇدادىن غاپىل بولمىغىن، ھەرقانداق بەندىگە ئازار بەرمىگىن، يامانلىق قىلساڭ ئۆزەڭگە يانغاي. رەنج-مۇشەققەتلەر بىلەن ئاياغ بېسىپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن بېشىمدىكى گۆھەردىن توققۇزنى ئالغىن. ئاياغ تەرە-پىمگە گەنج-دەپىنلەر كۆمۈلگەندۇر. ئايىغىمدىكى لەۋھەنىڭ مەزمۇنىچە تېپىپ ئالغىن!»

ھەزرىتى ئىسكەندەر يېڭى كېپەن، پەردە تارتتى. ئاندىن يەنە باشقا پادىشاھلارنىڭ گۆرىستانلىقىنى زىيارەت قىلدى.

— بۇ كىمنىڭ زىيارەتگاھى؟ — دەپ سورىدى پادىشاھ ئىسكەندەر.

— ئەي پادىشاھى ئالەم، — دەپ جاۋاپ بەردى زال-زەر، — بۇ مېنىڭ چوڭ ئوغلۇم رۇستەم شىردىلنىڭ زىيارەت-گاھىدۇر، بۇ زىيارەتگاھنى بەرزۇ كەشمىردىن، پەرەگدىن، چىنماچىندىن ئىقتىدارلىق ھۈنەرۋەنلەرنى كەلتۈرۈپ ياساتقان. بۇ يەردە ئاجايىپ ھېكمەتلەر باردۇر، ھوشيار بولماق كېرەك.

① نىكبەخت — بەخت، تەلەي.

ئۇلار رۇستەمنىڭ زىيارەتگاھىنىڭ ئەتراپىنى تاماشا قىلىغاچ گۈمبەزنىڭ ئىشىكىگە كەلدى ۋە گۈمبەزنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرمەكچى بولغانىدى. زالزەر:

— ئەي پادىشاھى ئالەم، توختاپ تۇرسىلا، بۇ يەردە خىسلەت بار، — دەپ ئىشىكنى ئاچتى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئىچكىرى كىرمەكچى بولغانىدى، گۈمبەز ئىچىدىن بىر كىشى قىلىچ كۆتۈرۈپ ئىسكەندەرگە ھۇجۇم قىلىپ چىقىپ كەلدى. ئىسكەندەر قېچىپ ئارقىسىغا ياندى. بىرگە كەلگەنلەرمۇ ھەيران بولۇپ كەينىگە يېنىشتى. پادىشاھ ئىسكەندەر يەنە كىرمەكچى بولۇۋىدى، بىر كىشى نەيزە ئوينىتىپ چىقىپ كەلدى. ئىسكەندەر يەنە قاچتى. كەلگەنلەرمۇ ھەيران قالدى.

— بۇ بىر سېھىردۇر، — دېدى زالزەر، — بۇنى بەرزۇ بەرپا قىلدۇرغان، ئەي پادىشاھى ئالەم، بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسىلا، بۇ گۈمبەزنىڭ ئىشىكىگە يېقىن يەردە بىر چاق بار، ئۇ چاققا نەيزە-شەمشەرلەر بىكىتىلگەن، چاق بوسۇغىغا ئورنىتىلغان، ئەگەر كىشىلەر بۇ يەرگە كىرىشكە قەست قىلسا، چاق چۆرۈلۈپ، قاناتلىرىغا بىكىتىلگەن زىخ-نەيزىلەر كىرگۈچىنىڭ كۆكسىگە سانچىلىدۇ. ئەگەر كىرگۈچى بۇنىڭدىن سالامەت ئۆتسە، ئوقياغا دۇچ كېلىدۇ. بۇلاردىن ھېچ كىشىنىڭ خەۋىرى يوق.

زالزەر پۈتۈن مىكىرلەرنى يوق قىلىپ، ھەزرىتى ئىسكەندەرنى باشلاپ كىردى. قارىسا، گۈمبەزنىڭ ئىچىگە بىر سۇپا

ياسالغان، سۇپىنىڭ ئۇستىدە بىر ئادەم ياتقانىدى. گۇمبەزنىڭ ئىچى تۇم قاراڭغۇ ئىدى. چىراغ ياندۇرۇپ قارىسا، سۇپىنىڭ ئۇستىدە ياتقان ئادەم ئەمەس، ئادەم سۇرەتلىك ياغاچ ئىكەن. پادىشاھ ئىسكەندەر:

— بۇ نىمە؟ نىمە سەۋەبتىن بۇ مىكىرلەرنى قىلغان؟

— ئەي پادىشاھى ئالەم، رۇستەم تىرىكلىكىدە نۇرغۇن دىۋە-جادۇلارنى، كۆپلىگەن ئادىلارنى جەڭ مەيدانىدا ئۆلتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ زەرىرى يەتمىسۇن، دەپ بۇ مىكرى-ھىيلىلەرنى قىلغان.

زالزەر ھەزرىتى ئىسكەندەرنى باشلاپ گۇمبەزنىڭ بۇلۇڭىغا كەلدى. كۆردىكى، ئۇ يەردە تۆگىمەن تېشىدەك بىر تاش تۇرۇپتۇ.

— تاشنى كۆتۈرۈپ تاشلاڭلار، — دېدى زالزەر، — تاش ئاستىدا يول بار، ئۇ يول بىلەن رۇستەم ياتقان يەرگە چىقىمىز. شەھەت، ئازەر بۇرزىن، تۇرك بۇرزىن قاتارلىق نامدار توققۇز پالۋان كۈچىنى يىغىپ قانچە قىلىپمۇ، ئۇ تاشنى ھەرگىز كۆتۈرەلمىدى. بۇ تاشنى بەرزۇيى شىر ئەكەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئىسكەندەر تاشنى قامالاپ، خۇدانى ياد ئېتىپ، كۈچ-قۇۋۋىتىنى قولىغا يىغىپ، زور قىلىپ تاشنى يۆتكەپ، گۆھەر تۇتۇپ بىر قاراڭغۇلۇققا چۈشتى. تۆت مىڭ تۆت يۈز قىرىق بىر پەلەمپەينى بېسىپ، چوڭقۇرلۇقنىڭ تېگىگە يەتتى. چوڭقۇرلۇقنىڭ لېۋىدە بىر ئىشىك بار ئىدى. ئىشىككە قولۇپ

سېلىقلىق بولۇپ، ئاچقۇچى ياندا ئېسىقلىق تۇراتتى. ئىسكەندەر قۇلۇپنى ئېچىپ، ئىشىكتىن كىرىپ، كەڭ ۋە يورۇق بىر جايغا چىقتى. بۇ ئىشقا تەئەججۈپلىنىپ ھەيران قېلىشتى. رەڭگارەڭ ئىمارەتلەر ۋە زېبۇ زىننەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى تاماشا قىلىپ، بىر گۈمبەزگە كەلدى. گۈمبەزگە ئالتۇن، كۈمۈش، لەئل-ياقۇتتىن كۆز قويغان بولۇپ، گويا بېھىشنىڭ ئۆزى ئىدى. تاملىرىمۇ پۈتۈنلەي ئالتۇن كەبى خىشلاردىن ئىدى. ئىسكەندەر ۋە بارلىق ھۆكۈمالار بۇ ئاجايىپلارنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىچىدە گۈمبەزگە كىردى. گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى خۇش بۇيى ھىدلار دىماققا ئۇرۇلۇپ كىشىنى مەسخۇش قىلاتتى. گۈمبەزنىڭ تېگىگە ئەنبەر، كاپۇر، گۈلى رەيھان قويۇلغانىدى. گۈمبەزنىڭ تەكچىلىرىگە ئالما-ئانار تىزغاندەك تىزىپ قويۇلغان گۆھەرلەرنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى. گۈمبەزنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىل سۆڭىكى بىلەن سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان، زەر بىلەن زىننەتلەنگەن بىر تەخت قويۇقلۇق ئىدى. تەختنىڭ ئۈستىگە جاھان پالۋانى رۇستەمنى قويغان بولۇپ، ئۈستىگە نازۇك ۋە نەپىس نەقىشلەر سېلىپ توقۇلغان چىمەن يىپەكتىن كېپەن يېپىلغان، كېپەننىڭ ئىچىگە گۈل قويۇلغان، كېپەننىڭ ئۈستىگە پەردە تارتىلغانىدى.

پادىشاھ ئىسكەندەر رۇستەمنىڭ قەددى-قامىتىنى كۆرۈپ، بۇ قادىرى بەرگاھلىغا ھەدسانا ئېيتىپ، تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئوقۇدى.

رۇستەمنىڭ بېشى تەرىپىگە ساپ پولاتتىن ياسالغان بىر-
لەۋھە ئورنىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت پۈتۈلگەندى. بۇ خەت
كىشىلەرگە قىلىنغان نەسىھەت-ۋەسىيەتتىن ئىبارەت ئىدى.
ئىسكەندەر ئۇ لەۋھە يۈزىدىكى خەتنى ئوقۇدى. خەتكە: «ئەي،
بېشىمغا كەلگۈچى! خا شاھ، خا گاداي بول، دانا تارىخچىلار
ۋە مۇنەججىملەرنىڭ ئېيتىشىچە، مەلۇم مۇددەتتە ئىسكەندەر
زۇلقەرنەيىن ئاتلىق پادىشاھ رۇمدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ،
يەتتە ئىقلىمنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرىدۇ، نە تاغ، نە دەشت،
ئۇ سەيلە قىلمىغان ھېچ يەر قالمايدۇ؛ پۈتۈن ئالەمنى كېزىدۇ،
ئۇ كەزمىگەن ھېچبىر دەريا ۋە ئاراللارمۇ قالمايدۇ. «ئابى
ھايات» ئىستەپ زۇلماتقا كىرىدۇ، لېكىن مۇيەسسەر بولالمايدۇ.
ئۇ يەردىن ئۆتۈپ پادىشاھلارنىڭ زىيارەتگاھىنى كۆرگىلى
كېلىدۇ. ئەي ئىسكەندەر! بىلگىن ۋە ئاگاھ بولغىن، مەن سامنىڭ
نەۋرىسى، زالنىڭ پەرزەنتى، جاھان پالۋىنى باھادۇر رۇستەم-
دۇرمەن. ئون يېشىمدا فىيلى مەھمۇد سەفىد شاھ مۇنۇ چەھرىنى
بوۋام سامنىڭ ئۈمىدى بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈردۈم، ئون تۆت
يېشىمدا «كەككۇھزاد» دېگەن دىۋىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا
قىلدىم؛ ئون ئالتە يېشىمدا كەيۋان دىۋىنى ئىككى پارە قىلدىم،
ئون يەتتە يېشىمدا «ھەفتەخانە مازەندەران»نى سۇندۇرۇپ،
پادىشاھ غەندەنىمۇ دىۋسەفىد ۋە سەنچە دەبىدنى ئۆلتۈرۈپ،
كەيكاۋۇسنى توقسان لەك لەشكىرى بىلەن دىۋ سەفىدنىڭ بەندى-
دىن خالاس قىلىپ، كۆزلىرىنى روشەن قىلدىم ۋە يەنە مازەن-

دەران[71]، جۇرجان زېمىندىن دېۋىلەرنى ۋە جادۇ-ساھىرلار
(سېھىرگەر) ئۇرۇقىنى قۇرۇتتۇم. يەر يۈزىدىكى دۈشمەنلەرنى
نابۇت قىلدىم، ھېچقانداق پالۋان جەڭگە چۈشسە ماڭا تەڭ
كېلەلمەيتتى. رۇمدىن توھماس پولات جەڭ، فەرەڭدىن
كامۇس كۇشانى؛ چىن ماچىندىن ئەشكەبۇس؛ خىتاي پالۋىنى
ئادى؛ پولات پەنجىگىر ئىسپەندىيار رويىنتەن[72] قاتارلىق
نۇرغۇنلىغان پالۋانلار مەن بىلەن كۈچ سىنىشىش ئۈچۈن
كېلىپ، مېنىڭ قولۇمدىن سالامەت قۇتۇلالمىدى. ئەي
ئىسكەندەر، كۆرگىنىكى مەندە بۇ قاتارلىق كۈچ قۇۋۋەت، قۇد-
رەت، ھېسابسىز دەبدەبە، ھەيۋەت ۋە ھەشەم بار ئىدى. بۇلار-
دىن بىرىمۇ ئەسقاتمىدى. پەرزەنتلىرىم، نەۋرىلىرىم كۆپ ئىدى،
ھېچقايسىسى ۋاپا قىلمىدى. ئاخىر مۇنداق ئاجىزلىق ۋە
زەئىپلىك بىلەن قارا يەردىن ئورۇن ئالدىم. بۇ دۇنياغا قىل-
چىمۇ كۆڭۈل بەرمىگىن، بۇ جاھاننىڭ ئاسايىش ۋە راھىتىگە
ئالدىنىپ قالمىغىن. مەندىن ئىززەت-ھۆرمەت كەتمەس دەپ
مەشرىقتىن مەغرىبقىچە يۈرۈپ، جاھان پادىشاھلىرىنىڭ خەزى-
نىلىرىنى يىغدىم. ئەمدىلىكتە ھېچقايسىسى ۋاپا قىلمىدى. مىھ-
نەت-مۇشەققەتلەر بىلەن يىغقان ئالتۇن-كۈمۈش، خەزىنىلەر
جاپا تارتمىغان، مىھنەت قىلمىغانلارغا قالىدىكەن، ئەمما بۇنىڭ
ھېسابىنى بىزدىن ئالىدىكەن. ھىندى، دەخىلان، كەشمىر،
جۇرجان، مازەندەران، كابىل ۋە زاسىل، بەلخ، ھىراتلارنىڭ
خىراجىنى مەن ئالاتتىم. بۇ مەزكۇر شەھەرلەر ماڭا تەۋە

ئىدى. ئەمما قارىغىنىكى، مۇنچە بايلىقتىن بىر پۇچەك دىنارنىمۇ ئۆزەمگە ھەمراھ قىلالمىدىم. تاج ـ تەخت، ئىززەت ـ ھۆرمەت دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆتـنە ئىكەن. كېيەن چىرىپ، گۆش سىسىپ، ئۇستىخان قۇرۇپ تۇپراق بولىدىكەن. مەن مىڭ يۈز ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردۈم. ئۆمرۈمنى زايا قىلىۋېتىپتىمەن، ئاخىر يالغۇزلۇق ۋە غېرىپلىق بىلەن توپىغا مىلىنىپ بىچارە ھالەتتە ياتتىم. مەندىن ئىبرەت ئېلىپ ماكانىڭغا يانغىن. ئۆلۈمنىڭ پىكرىنى قىلىپ، خۇدايتائالانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بول. تاكى بۇ جاھاندىن جەمشىت، كەيقىبادتەك گۇمراھ، رويى سىياھ كەتمىگەيسەن. بۇ ۋەسسيەتلىرىمنى جان ـ دىلىڭ بىلەن ئاڭلىغايسەن!» دېگەن سۆزلەر پۈتۈلگەنىدى.

ئىسكەندەر بۇ جاھاننىڭ بىۋاپالىقىدىن، پەلەكنىڭ ئال-دامچى، مەككار، ھىيلىگەرلىكىدىن كۆڭلى سوۋۇپ، رۇمغا قايتماق بولۇپ لەشكەرلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە لەشكەرلىرىنى ئېلىپ يولغا راۋان بولدى.

ئىسكەندەر كېمىدە يۇرۇپ سەيلە قىلغىلى ئون تۆت يىل بولغانىدى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بەدىنىگە سۇ تەسىر قىلدى. مىجەزى سوغۇققا ئۆرۈلۈپ، ئۆزى زەئىپلەشتى. ئۆزىنىڭ بىۋاپا ئالەمدىن باقى ئالەمگە سەپەر قىلىش ۋاقتى يەتكەنلىكىنى بىلىپ، يېنىدىكىلەرگە پەيغەمبەرلىكىنى ئاشكارا قىلدى ۋە بۇنىڭ راستلىقىنى بايان قىلىپ يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا نامە ئەۋەتتى. بۇ پادىشاھلار نامىنى كۆرۈپ ئىسلام دىنىنى

بەجانىدىل قوبۇل قىلدى ۋە ھەرقايسىلىرى ئۆز خەلقىنى بۇ دىننى قوبۇل قىلىشقا دەۋەت قىلدى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ مۆجىزە-كارامىتىدىن ئىسلام دىنى يەتتە يۈز يىلغىچە بۇرۇن مىدى.

ھەزرىتى ئىسكەندەر كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىپ، كېچە-كۈندۈز تىنماي ماڭدى. تېنى بارغانچە زەئىپلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما يۈرۈشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

ئىيون-ئاۋغۇست ئايلىرى ئىدى. پادىشاھ ئىسكەندەر ئاجىزلىشىپ يۈرۈشكە ئىمكانىيىتى قالماي قىزىق بىر قۇملۇققا كېلىپ چۈشتى. بۇ دەشت-باياۋاندا ئاسمانمۇ ئوت، يەرمۇ ئوت ئىدى. قۇمنىڭ قىزىق تەپتى بارگاھنىڭ توساقلىرىدىن، تون-كىيىملەردىن ئۆتۈپ بەدەنلىرىگە تەسىر قىلىپ، ئۇستىباشلىرىدىكى كىيگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ تاشلاشتى.

پادىشاھ ئىسكەندەر ھېكمەت كىتابلىرىدىن ئۆزىنىڭ تەلىيىنى، يەنى «ھەزرىتى ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتىدىغان كۈنى ئاسمان ئالتۇندىن، يەر تۆمۈردىن بولغۇسى» دېگەنلەرنى كۆرگەندى. ھازىر دەل ئاسمان «ئالتۇن»، يەر «تۆمۈر» بولغانىدى. ئۆلۈم كۈنىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ كۆزىدىن ياش ئاقتى، پايدا بەرمىدى.

## 30

# ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ تىرىكلىكتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، ئانىسىغا تولا نالە-پەرياد قىلمىسۇن دەپ نامە ئەۋەتكىنى

پادىشاھ ئىسكەندەر تىرىكلىكتىن ئۈمىد ئۈزۈپ، مۇنداق قاتتىق كۈندە ئانىسىنى ياد ئېتىپ، ئىچىگە ئوت تۇتىشىپ تۇرغاندى.

غايىب دۇرۇر بۇ دىدە① لەرىمدىن دىلىم ئانام،
جانىم-تېنىم ئىدىڭ جىگەر، دىلبەرىم ئانام.
كەچتى نەھالىڭىز دېگىملى يوق قېرىنداشىم،
باشىمدا تىترەگۈچى سەن ئىدىڭ قورقۇرىم ئانام.

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ نەزمىنى ئوقۇپ يەنە بىر ئاھ ئۇردى. ئۇنىڭ ئاھى توققۇز پەلەككە يەتتى. پەرىشتىلەر «بۇ قانداق ئادىمزاتنىڭ ئاھىدۇر؟» دەپ ھەيران قىلىشتى. شۇ ھالدا

---

① دىدە — كۆز.

كاتىپ چاقىرتىپ، نامە يازدۇرۇپ ئانىسىغا ئەۋەتتى. نامەنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «تۈگىمەس-پۈتمەس ھەمد-سانا باشلىنىشى ۋە ئاخىرقى چېكى بولمىغان ئاللاغا خاستۇر. ئۇ ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنى يوقلۇقتىن پەيدا قىلغۇچى، بەدەنگە جان بەرگۈچى، بەرگەن جاننى ئالغۇچىدۇر. ئۇ باياۋانلاردا يولدىن ئازغانلارنىڭ يولباشچىسى، دەريادا ئۆلگەنلەرگە ياردەم قىلغۇچىدۇر. ئۇ گادايلارنى پادىشاھلاردىن ئەزىز قىلغۇچىدۇر. قازادىن خەۋەر تاپقاندا، ئىززەت-ھۆرمەت ۋە پادىشاھلىقنىڭ ھېچبىر پايدىسى قالمايدىكەن. ۋەسىيەت شۇكى، مېنىڭدەك دەرد-ئەجەل ئىلكىدە سولغان ئەي ئانام، سىز مېنىڭ بۇزۇلغان تېنىمنىڭ چېنىدۇرسىز. نەزم:

ئەرز بۇكى، مەن سەندىن تولا جۇدالىق ئىستەدىم،
قان يىغلادىمكى، دىيدە لەرىم يولغە تەلمۈرۈپ.
خىزمەت قىلالمادىكى، باشىڭدىن مىڭ ئۆرۈلۈپ،
ھەر كۈن غەمىڭدە مىڭ تىرىلىپ، ئۆلۈپ.
راز① ئەتتى كۆرگەلى ھەمد② ئاتلىغ خۇدا بولۇپ،
كۆرمەي يۈزۈڭنى جان چىقار يازدى جانىم ئانام.

ھەر زامان بېشىمغا بىر ئەندىشە چۈشەتتى، ئالەمنى ئېلىشقا قەدەم قوياتتىم. ئەمدى مەلۇم بولدىكى، بارچە ئىشلىرىم خام

---

① راز — سىر، يوشۇرۇن، مەخپى.

② ھەمد — 1) ماختاش، مەدھىيە 2) شۈكرى، تەشەككۈر.

ئىكەن. ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئوغۇللۇق، بەلكى قۇللۇق قىلالمىدىم. سىزنىڭ دەرگاھىڭىزنى ياستۇق قىلىپ، ئۇنى پادىشاھلىق دەپ بىلىشىم لازىم ئىدى. شۇنداقتا ئۇ مەن ئۈچۈن ئۇلۇغ دۆلەت بولاتتى. مېنى مەككار-ھىيلىگەر پەلەك يېتىلەپ يۈرۈپ، سەرگەردانلىق يولىغا تاشلىدى. ئۆلەر چېغىمدا ئۆزەمنى ئۆزەم ئۆلتۈرسەم ھېچ پايدا يوق. نەزم:

كۆرسەم بارىپ باد① مۇبارەك جەمالىڭىز،
گۈل غۇنچەسىغە ئوخشار نازۇك نىھالىڭىز②
كۆڭلۈم تىنار خۇدا نىسىپ ئەتسە، ھالىڭىز،
قىلسام خىيال، بارسام ئۆلسەم ئاياغىڭىز.
نۇقل③، نەبات④، قەند⑤ ئەسەل⑥ شەكەرىم ئانام،

سىز مەندىن رازى بولمىسىڭىز، ئاخىردا ھالىم نېمە بولار؟ ھېچ ۋاقىتتا ئەمرىڭىزنى بەجا كەلتۈرەلمىدىم. سىز ئەلۋەتتە ماڭا رازىلىق بېرىپ، بۇ ئۈمىدىمنى بەجا كەلتۈرگەيسىز.

بېيىت:

ئىسكەندەر ئانام دېدى، ھەرگىز ئۇنۇتمادى،

① باد — شامالدەك تېز.
② نىھال — كېلىشكەن بوي.
③نۇقل — مەي ئىچكەندە يېيىلىدىغان شىرنىلىك مېۋە.
④ نەبات — ناۋات
⑤ قەند — قەنت
⑥ ئەسەل — ھەسەل.

تۈشتى پىراق شىكەستە ساۋۇتمادى.
دەريايى-مۇھىت ئىچرە يۈرۈپ ئانچە يىغلادى،
يادىڭدا ئاھ تارتىپ كىرفىك قورۇتمادى.
غەمخارە ھەمدەمىم ئىدىڭ مەھرەمىم ئانام،

بۇ نامەم سىزگە يەتكۈدەك بولسا، ئەلۋەتتە تىرىكلەرگە غەۋغا يەتكۈسىدۇر. ئەمما، سىز بۇ جاھاننىڭ دانىشمەندۇرسىز. مەندىن رازى بولۇڭ. مېنى ئاللاغا تاپشۇرۇڭ. مېنىڭ ماتىمىمدە يۈزىڭىزنى يىرتىپ، چېچىڭىزنى يۇلۇپ تولا نالە قىلىپ زارلانمىغايسىز. نالە قىلىپ يورۇق جاھاننى قاراڭغۇ قىلمىغايسىز. ئاپتاپتەك دىلىڭىزنى يارا قىلىپ، ياقىڭىزنى چاك قىلمىغايسىز. سېرىق يۈزىڭىزگە ئاق چېچىڭىزنى يېيىپ، يەنە باشقا ئانىلار-ەك ئوغلىڭىز ماتىمىمدە ئاھۇۋايلاپ پىغانلار قىلمىغايسىز. رەڭگا-رەڭ تائاملار پىشۇرۇپ، روھىمنىڭ ئۇلۇغ-ئوششاقلىرىنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن ئاش تارتقايسىز. ئاش تارتىپ بولغاندىن كېيىن ئەي خالايىق! ھەر كىشىنىڭ يەر ئاستىدا ئاتا-ئانىسى، پەرزەند-بالىلىرى بولمىسا، بۇ ئاشنى يېسۇن دەپ جار سالدۇرۇڭ. كۆزۈتىڭكى، قايسىبىر كىشى سىزنىڭ ئىشىڭىزغا قول سۇنامدۇ-يوق؟ ناۋادا كىشىلەر قول ئۇزىتىپ تائام يېسە، بۇ سەۋر-تاقەتتىن بىشارەتتۇر. شۇڭا سىزمۇ مېنىڭ ماتىمىمدە، تولا نالە-پىغانلار قىلماي، سەۋر-تاقەتلىك بولغايسىز. ئەگەر خالايىق يېمىسە، بىلىڭكى، ئۇلارنىڭ يەر ئاستىدا ئاتا-ئانا، پەرزەندى بارلىقىدىن بىشارەتتۇر. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ

دەردىگە دەرمان بولۇپ، دەرد ۋە غەمگە سەبىر قىلغايسىز. ھەرقانچە ئۇلۇغ پادىشاھ بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئادەم ھەم بەندەدۇر، بەس. ھەرقانداق بەندە ئاللانىڭ ھۆكۈمىگە سەبىر قىلىپ، قازاغا تەن بەرگەي. ئەگەر مەن خا يامان، خا ياخشى بولسامۇ، ھامان ئۆمرۈم يار بەرمەي ئاخىرەتكە سەپەر قىلدىم. مەقسىتىمگە يەتكىنىم يوق. پۇشايمان قىلغىنىم پايدا بەرمىدى. ئەگەر سىزنىڭ ئۆمرىڭىز يار بەرسە، ئاللانىڭ يادىدىن غاپىل بولمىغايسىز. تائەت-ئىبادەت قىلغىنىڭىزدا، مەندەك بىر غېرىبىڭىزغا دۇئا قىلىپ، روھىمنى شاد قىلغايسىز.»

پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ نامەنى پۈتكۈزۈپ، يۆگەپ خەۋەرچىگە تاپشۇردى ۋە: «كېچە-كۈندۈز تىنماي بارغىن، نامىنى ئانامغا يەتكۈزگىن» دېدى. ئۇ يەنە قېشىدىكى خالايىقلارغا ۋەسىيەت قىلىپ: «مەن ئۆلسەم بېشىمدە كۆپ ئىزتىرابلار قىلىپ، قاتتىق ھازا تۇتماڭلار. جەسىدىمنى يۇكلەپ، كېچە-كۈندۈز تىنماي مېڭىپ، «ئىسكەندەرىيە»گە ئاپىرىپ دەپنە قىلىڭلار. مېنى تاۋۇتقا سالغاندا، ئەلۋەتتە بىر قولۇمنى چىقىرىپ قويۇڭلار. كۆرگەن كىشىلەر پادىشاھ ئىسكەندەر بۇ قولى بىلەن يەتتە ئىقلىمنى بويسۇندۇردى، قۇرۇقلۇقتا، دەريالاردا ئالمىغان يېرى قالمىدى، مانا ئەمدى ئەجەل ياقىسىدىن تۇتۇپ، ئۆلۈم زەنجىرىنى بويىنىغا سالدى. بۇ ئالەمدىن ھېچنېمە ئېلىپ ماڭغىنى يوق، قولى ئۇچۇق كەتتى دېگەي. كىشىلەرنىڭ ئەقلى بولسا، بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ مەندىن ئىبرەت ئېلىپ، دۇنياغا ھېرىس

قىلىشتىن قولىنى يىغقاي،» دەپ سۆزىنى ئادا قىلىپ، جان بەھەق تەسلىم قىلدى.

قالۇئىننالىللاھى ۋە ئىلەيھى راجىئون

〔ئۇلارغا بىرەر مۇسىبەت كەلگەن چاغدا، ئۇلار بىز ئەلۋەتتە ئاللانىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز يەنى ئاللانىڭ بەندىلىرىمىز، چوقۇم ئاللانىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز〕 دەيدۇ.

ئەجەل شامىلى كېلىپ، بۇ ئالەمنىڭ يۈزىنى قارا قىلدى. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ تاجى يەرگە چۈشتى. تەختى پارە-پارە بولدى. قولىدىكى ئەنگۈشتەرنىڭ يۈزى قارا بولدى. ھېكمەت كىتابلىرىنىڭ ۋاراقلىرى شامالدا ئۇچۇپ كەتتى. خالايىقلار قارا كىيىپ ماتەمدار بولدى. گويا قىيامەت قايىم ئاشكارا بولدى. خالايىقلار پەلەكنىڭ مۇنداق جاپالىرىنى كۆرۈپ ئاھ-پىغانلار قىلىپ، پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ بارلىق ۋەسىيەتلىرىنى ئېيتقىنىدىن زىيادىرەك بەجا كەلتۈرۈپ، تاۋۇتىنى مەيگە سېلىپ «ئىسكەندەرىيە»گە ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا ئەۋەتىلگەن نامە يەتكەنىدى. ئانا بۇ نامىنى كۆرۈپ بىھوش بولۇپ يەنە ھوشىغا كېلەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئاھ ئۇرۇپ توققۇز پەلەكنى ئۆرتىۋەتكۈسى كېلەتتى. ئەمما پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيەتلىرىگە ئەمەل قىلماسلىقتىن ئۆزگە چارە تاپالمايتتى. بۇ ھالدا ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى ئېلىپ كېلىشتى. پۈتكۈل دەشت-باياۋان قارىلىق

بولدی. بارلىق پادىشاھ، ھۆكۈمالار پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنى مۇرىلىرىدە كۆتۈرۈپ كېلەتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ، قولىغا ھاسا ئېلىپ، يىقىلا-قوپا ئىسكەندەرنىڭ تاۋۇتىنىڭ ئالدىغا چاپتى. پادىشاھ ئىسكەندەرنى ئېلىپ كەلگەن خالايىقنىڭ ھەممىسى نالە-پىغانلار قىلىشاتتى. پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى ئۇن تارتىپ يىغلاپ:

«ئەي، ئەزىز مېھمان پەرزەنتىم، ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغىنىم يەتمەسمىدى؟

پىراق ئوتى تۇتاشىبدۇر مېنىڭ بۇ سىنەمدىن①،
باغرىم بىلە يۈرەكىمنى ھەزار② پارە قىلاي.
نەشول كەلدىڭ قېرىغاندا قۇربانىڭ بولاي پەيۋەند③
كىشى يارەب نېچۈك ئۈزگەي كۆڭۈل پەيۋەند جانىدىن.

بۇ دۇنيا ساڭا لايىق ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مېنى مۇنداق غېرىبلىقتا قويۇپ كەتتىڭ. سېنىڭدەك نۇرى پاكنىڭ بۇ تۇپراقتا ماكان تۇتىشىنىڭ ئورنى يوق ئىدى. ئەمدى بىرىپ پەرىشتىلەرنىڭ شەبىستانىنى④ مۇنەۋۋەر⑤ قىلدىڭ. مۇنداق

① سىنە — 1) كۆكرەك 2)يۈرەك.
② ھەزار — مىڭ.
③ پەيۋەند — كۆچمە مەنىسى: ئوغۇل بالا.
④ شەبىستان — قاراڭغۇ كېچە، قاراڭغۇلۇق.
⑤ مۇنەۋۋەر — روشەن، يورۇق.

كېتىش ھەم ساڭا مۇناسىپ ئەمەس ئىدى. ئەمما، زۆرۈرىيەت-تىن دېيىنىڭ رازىلىق بەرمىسكىم لازىمدۇر. پەلەك ماڭا زۇلۇم قىلدى. نېمە ئۈچۈن سەندىن ئىلگىرى كەتمىدىم؟ بۇ مەككار، ھىيلىگەر پەلەك ئەجەپ ئويۇن باشلىدى. ئاپتاپ (قۇياش) يەرگە پاتتى. بۇ كۈنلەرنى خىيال قىلسام، مالامەتتىن ئۆلەر ئىدىم. ناگاھ شۇبۇ ھالىمنى چۈشۈمدە كۆرگۈدەك بولسام، قورقۇپ باغرىم يېرىلار ئىدى. ھالا مۇنداق ئىشلار يۈز بەردى.

ئۈنۈم بارىچە قىلسام نالە-ئەفغان①،
ئىچىمدە قالماس ئېردى زەررە ئەرمان.
ئۆزەڭدىن ئىلگىرى يەتتى بۇ نامىڭ،
مېنى بىچارە قىلدى باقىپ دىلىڭ.
ئانام سەبر ئەيلەسۇن بۇ ماتەمىمدە،
داغى پەژمۇردە② قىلماسۇن غەمىمدە.
ئېرمىش سەن نە ئەيلەرگىم ئىسكەندەر،
قىلۇرمەن بۇ نەسىھەتلەرگە باۋەر③.

ئوغلۇم، ئامالسىزلىقتىن بۇ ئۆتلۈق ئاھىمنى، قانلىق ياش-لىرىمنى، ئاچچىق يىغلىرىمنى ئىچىمگە سىڭدۈرمەسلىككە نېمە چارەم!

---

① ئەفغان — پىغان، قايغۇ-ئەلەمدىن نالە قىلىش، ئاۋاز چىقىرىپ يىغلاش.

② پەژمۇردە — سولغۇن، غەمكىن.

③ باۋەر — ئىشىنىش، ئىشەنچ.

ئەجەل ئىلكى گىرىبانىمغە① يەتتى،
قەفەسدىن شاتۇتى ئۇچتى، كەتتى.
نە ئەيلەي، نە قىلاي بىچارەدۇرمەن،
ئۆزۈم رۇم شەھىرىدە ئاۋارەدۇرمەن.

ئەي جىگىرىمنىڭ پارىسى، قانداق قىلاي؟ قېشىمدا بولساڭ ئىدىڭ، مۇبارەك جامالىڭنى كۆزۈم بىلەن كۆرگەن بولاتتىم. جان تەلەپپۇزىدا ياتقىنىڭدا، مۇبارەك لىۋىڭگە بىر سۆيگەن بولاتتىم. مۇڭدىشىپ، رازلىق ئېيتىشىپ مۇراد-مەقسىتىمگە يەتكەن بولاتتىم.

كىردى زىمىنغە باشىداقى ئىسكەندەرىم،
بۇ فانى ئالەم خىراجىم ئىسكەندەرىم.
قان يىغلاشقە يوقتۇر ئىلاجىم ئىسكەندەرىم،
توققۇز فەلەكدەكى تولۇن ئايىم ئىسكەندەرىم.
ياتتى قاراڭغۇدا بۇ ماھىم ئىسكەندەرىم،

بۇ خاقانىنىڭ ۋە قەيسەرنىڭ ئەمەستۇر، بەلكى ئىسكەندەرنىڭ سۆزىدۇر» دەپ بۇ نامىنى ئوقىدى:

تېنىم دۇرجىدۇر② گەۋھەر ئىسكەندەر،
يۈزىدۇر ماھى تاب③، ئەختەر④ ئىسكەندەر.

---

① گىرىبانىم — ياقا، كىيىمنىڭ ياقىسى.
② دۇرجى — قىممەتلىك تاشلار سېلىنىدىغان قۇتىچاق.
③ ماھى تاب — سۈزۈك ئاي.
④ ئەختەر — يۇلتۇز.

جەمالىڭ كۆرمەيىن ھەيران قالىپمەن،
جەھان ئىچرە كى سەرگەردان قالىپمەن.
غېرىپلىق يۇرتىدا يوقتۇر مەجالىم،
بارىپ ياتماق يانىمدا ئىختىيارىم.
كى ئاجىز بىكەس[1] بىچارە بولدۇم،
ئىسكەندەر شەمئىدۇر[2] پەرۋانە بولدۇم.
پەرامۇشدۇر دىلىم دىلگىرى[3] پۇرغەش[4]،
ئىسكەندەر يادىدا كۆڭلۈم مۇشەۋۋەش[5].
تاۋۇشقان[6]نىڭ ئاناسىدەك بەلاسىز،
ئىسكەندەردۇر ئاناسىغە ۋەفاسىز.
ۋەفا قىلماقغە ئۆمرى يارى بەرمەس،
شەرىئەت ئىشلارى جارى بەرمەس.
كېتىپتۇر باقىغە، فانىنى تاشلاپ،
نە قىلدى ھەرنە بارىن بىزلەرنى تاشلاپ.

---

① بىكەس — ھېچكىمى يوق.
② شەمئىدۇر — شام، چىراغ.
③ دىلگىرى — رەنجىگەن، بوغۇلغان.
④ پۇرغەش — غەشكە تولغان، غەشلىك.
⑤ مۇشەۋۋەش — تەشۋىشلىك، بىسەرەمجان، كۆڭلى پەرىشان بولۇش.
⑥ تاۋۇشقان — توشقان.

تىرىك بارىچە ئېرۇدى بىزگە ئول شاھ.
ئانىڭ يادىدا بىر كۈن تارتىمەن ئاھ،
يەنە توققۇز فەلەكدىن ئۆتسە ئاھىم.
بۇ ئاھىم بولۇر ھەردەم گۇۋاھىم.»

ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى قىلغان نالىدىن خالايىقنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى. خالايىق ئاھۇ-پەرياد چېكىپ كېلەتتى، ئۇچار قۇشلار خالايىقنىڭ نالە-پەريادىنى ئىشىتىپ بىھوش بولۇپ يىقىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ھەزرىتى ئىسكەندەرنى «ئىسكەندەرىيە»گە دەپنە قىلدى. قەبرىسىنى مىڭ تۈرلۈك زىننەتلەر بىلەن بېزىدى. نەچچە كۈن نالە-پىغان قىلىشتى. بىلدىكى، ھەرقانچە نالە-پىغان قىلغان بىلەن دەردلىرىگە داۋا بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن خۇدايتائالانىڭ قازاسىغا رازى بولۇشۇپ سەبرى-تاقەت قىلىشتى.

31

# پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا يەتتە ھۆكۈما كىرىپ تەئزىيەت يەتكۈزگىنى

رىۋايەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، پادىشاھ ئىسكەندەر ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئانىسىغا يورۇق جاھان قاراڭغۇ بولدى. ھەر دائىم نالە-پىغان قىلىشقا مەجبۇر بولسىمۇ، لېكىن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەسلەپ سەبرى قىلاتتى. شۇنداق تاقەت-سەبرى قىلدىكى، بۇ ئالەمدە ھېچكىم ئۇنچىلىك قىلالمايتتى. ھۆكۈمالار ئۇنى ئاڭلاپ تەھسىن-ئاپىرىنلار ئوقۇدى. ئۇلار يىغىلىپ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىغا تەئزىيەت بىلدۈرۈپ، كۆڭۈل ئېيتقىلى كەلدى.

ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى كېچە ۋە كۈندۈز ئوغلىنىڭ قەبرىسىنى ماكان تۇتقاندى. ئۇ ھۆكۈمالارنىڭ قەدەملىرىنى تولىمۇ بەرىكەت بىلىپ، ھۆكۈمالارغا ئەزىز-ئىكراملار قىلدى. ھۆكۈمالارمۇ ھەرقايسىلىرى جاي-جايىدا ئولتۇرۇشتى. ھەممىدىن ئىلگىرى ئەفلاتۇن قوپۇپ:

— ئەي پادىشاھلار پادىشاھىنىڭ مەككىسى، سىز دانىشمەن-
لىك بابىدا ھەممىمىزنىڭ پادىشاھىدۇرسىز. سىزگە سەبرى
قىلىڭ دەپ مەسلىھەت بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى سىز بۇ
زاماندىكى ئاقىللارنىڭ ئاقىلراقىدۇرسىز. نەسىھەت بەرگۈچىمۇ
سىز. سىز پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈردى-
ڭىز. خۇدايىتائالا ئوغلىڭىزنى سىزدىن ئېلىپ كەتتى. ئەمما سىز
مۇنداق زور قازاغا رىزا بەردىڭىز. گۇياكى بۇ جەھەتتىن شىرغا
ئوخشايسىز. ئۈمىدىم شۇكى مۇنچە دەردلەرنى ئىچىڭىزگە
سىڭدۈردىڭىز، خۇدايىتائالا بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەجرىڭىزنى
بەرگەي، — دەپ دۇئا قىلدى.

سوقرات قوپۇپ:

— ئەي، يەتتە ئىقلىمنىڭ چىرىغى، سىزنىڭ ئارزۇلۇق
شاھىڭىز غايىب بولدى. ئەمما ئۇنىڭ ئورنىدا سىزگە خۇدايىتا-
ئالا ھەر ۋاقىت نەزەر سالغاي، سىزگە نەسىھەت قىلىش لازىم
ئەمەس. نەسىھەتنى ئەقلىدىن بەھرىمەن بولمىغان، قازاغا رىزا
بەرمىگەن، ئايىغىغا تىكەن كىرسە ئاھ دەپ نالە قىلىدىغان،
شامالدىن ئىشىكىگە توپا قونسا ئاھ دەپ پىغان تارتىدىغان كىشى-
لەرگە قىلىش كېرەك. ئەمما سىزدىن ئۇنداق ھالەتنى كۆرمى-
دىم. سىز بۇ يولدا بەركامالدۇرسىز. تەڭرى بۇ دانىشمەنلىكى-
ڭىزگە زەۋال① بەرمىسۇن، — دەپ دۇئا قىلدى.

---

① زەۋال — يوق بولۇش، پەسىيىش.

بەلىناس (73) قوپۇپ دۇئا قىلىپ، كۆزىنى يەرگە تىكىپ ئېيتتىكى:

— بۇ جاھان سىزدىن خالىي بولمىسۇن. كىشىلەر خۇدالىق دەردىدىن يامان دەرت يوق دەيدۇ. خۇدايىتائالا ھەر دايىم سىزنىڭ نەپسىڭىزنى تازا قىلغاي!......

ھۆكۈمالارنىڭ ھەرقايسىسى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئاندىنغا ئۆز لايىقىدا سۆز قىلىپ پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ماتەمىنى يېنىكلەتتى. ئاندىن پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى ھوشىغا كېلىپ سۆزگە كىردى ۋە ھۆكۈمالارغا ئۆزرە ئېيتىپ:

— ماتەم مەندىن سىزلەردە تولىراقتۇر. چۈنكى پادىشاھ ئىسكەندەرنىڭ ھالى ۋە كامالىتى سىزلەرگە مەندىن بەكرەك مەلۇم. سەپەردە ھەمراھ ئىدىڭىزلەر. پادىشاھ ئىسكەندەرنى سىزلەرنىڭ پادىشاھىڭلار دېمەيمەن، بەلكى مېھرىۋان دوستبۇرادىرى دەيمەن. ھەر بىرىڭىزلەر پادىشاھ ئىسكەندەرگە ئىككى جاھاندىن ئارتۇق ئىدىڭىزلەر. ئەمدى پادىشاھ ئىسكەندەردىن جۇدا بولۇپ غەمكىن بولدۇڭلار. خۇدايىتائالا غېمىڭلارنى بىر تەرەپ قىلغاي. سىزلەر پادىشاھ ئىسكەندەردىن ئايرىلدىڭىزلار، مەنمۇ ئايرىلدىم. مەن سۆزلىمەي دېگەن نىيەت بىلەن، خاموشلۇقنى ئىختىيار قىلغانىدىم، لېكىن مەن سىزلەرگە، سىزلەر ماڭا دەرتمەن. مېنى ئىختىيارسىز سۆزلەتتىڭىزلەر. شۇنداق ھېكايەت قىلىپتۇرلاركى: بىر ناتىۋان كىشى بار ئىدى، ئۇ پەلەك زۇلمىدىن، دۇنيادىن پەرىشان ئىدى. ئۇنىڭغا بىر كىشى تۆھمەت قىلىپ قولىنى كەستۇردى. ئۇ شۇ قەدەر ئازاب تارتتىكى، ئۇ

ھېچ كىشىگە سۆزلىمەي، ساق قولى بىلەن كېسىلگەن قولىنى ئېلىپ بېشى قايغان تەرەپكە، ئايىغى يەتكەن يەرگىچە يۈگۈرۈپ باردى. بىر توپ خەلق ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. بۇ ناتىۋان كىشى شۇ تەرىقىدە كېتىپ باراتتى. يولدا بىر ۋەيرانە ئۆينى كۆردى. قارىسا، بۇ ۋەيرانىلىقتا قولى كېسىك كىشىلەر بار ئىكەن. بۇ ناتىۋان كىشى شۇلارنىڭ قېشىغا باردى. قازى قازىنىڭ قاياشى، كەپتەر كەپتەرنىڭ قاياشى دېگەندەك، بۇ ناتىۋان كىشى كېسىك قولىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلاپ، ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ نالە-پىغان قىلدى. ئۇ يەردىكى قولى كېسىك كىشىلەرمۇ قوپۇپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاشتى. ئارقىسىدىن بارغان خالايىقلار بىلدىكى، بۇلار ھەمدەرتلەر ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بىر-بىرىگە رازىلىق (كۆڭۈلدىكى سۆزلەرنى) ئېيتىشىپ، غەم-غۇسسىنى بىر تەرەپ قىلىشقان ئىكەن. بىزمۇ بىر-بىرىمىزگە ھەمدەرتلەردىندۇرمىز. شۇڭا مۆڭگۈدىشىپ غەم-غۇسسىنى بىر تەرەپ قىلايلى» دېدى. ھۆكۈمالار تەھسىن-ئاپىرىنلار ئوقىدى.

ۋەللاھۇئەئلەم بىسسەۋاب
(خۇدا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر)
پۈتتۈلدى بۇ كىتاب تەئرىخ نەچچەسىدە،
كىشى سورسە بىناگاھ بىر مىڭ ئۈچ يۈزدە.
يىلى قايسى دېبان سورسە بىناگاھ،
يىلى تۇڭغۇز دېبان قىلغىل ئاگاھ.

کی قایسی ئایدا ھەم پۈتۈلمىش،
دېبان بەرگىل جەۋاب رەبىئۇسسانى[1] دۇرمىش.
تامام بولغان كۈنى ئاي نەچچەسىدۇر،
ئاڭا بەرگىل جەۋاب ئاي توققۇزىدۇر.
تامام بولمىش پۈتۈلۈپ قايسى تۈندە،
خەلايىقلارغە ئېيتىڭ جۇمە كۈندە.
پۈتۈلدى ھەم تامام نەچچە كۈندە،
تامام بولمىش كىتاب ئون ئىككى كۈندە.
كىشى سورسە بىناگاھ ساھىب كىتابى،
كى رەۋشەن ئەيلەگەيمەن ماھى تابى،
كىتاب ساھىبى ئەسلى سەمەرقەند،
تۇغۇلغان يەرلەرى ھەم سەمەرقەند.
سەمەرقەندده ئۆتۈپتۇر ئاباۋۇ ئەجداد،
ئاناسى ھەم موماسى ئەۋلادۇ زەرراد.
كىتاب ساھىبىنىڭ ئىسمى ناخۇن،
پۈتۈلگەندۇر كىتابغە زايىد ئاخۇن.
ئاتاسىنىڭ ئاتىدۇر فازىل باي،
كى شۆھرەت تاپتى مۇندا نەچچە يىل ۋاي.
ئاتاسىن ئىستەبان ياركەد كېلىپتۇر،
ئاتا-بالا ئىكەۋلەن تاپىشىپدۇر.

---

[1] رەبىئۇسسانى — تۆتىنچى ئاي.

يەنە ئۆيلەندى ئولدەم بۇ شەھەردە،
كى تاپتى بىر جۇپ فەرزەند سەھەردە.
كى تاپتى سانسىزۇ ھەم مال-پۇللار،
خۇدا بەرگەي يەنە ھەم نەچچە قۇللار.
پۈتتى ھەم كىتابلار بى بەھايەت،
خۇدا قىلغايمىكىن دەپ بىھەق ئىنايەت.
ئەقدە قىلدىلار ھەم كىتابغە،
كى قالماسمەنمىكىن دەپ ھەم ئىتابغە[1]
خۇداۋەندە گۇناھىن مەغفىرەت قىل،
ئەقىيدە قىلغانىغە ئەفۇ-رەفئ قىل.

[1] ئىتاب — قەھر، غەزەب، قىيناق.

# ئىزاھلار

[1] ئادەم ئەلەيھىسسالام ــ «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنىشىچە، تۇنجى يارىتىلغان ئىنسان، پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بوۋىسى، ھەۋۋا ئانىنىڭ جۈپتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللا ئۇنى تۇپراقتىن يارىتىپ جان كىرگۈزگەنىكەن. بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئەلەيھىسسالام 1000 ياشقا كىرگەن. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغاندا ھىندىستاندىكى بىر تاغقا چۈشكەن، ۋاپات بولغاندا شۇ تاغنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. يەنە بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئۇ مەككە مۇكەررەمدىكى ئەبى قۇبەيس تېغىغا دەپنە قىلىنغان.

[2] مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ــ ئىسلام پەيغەمبىرى، مىلادى 517 ــ يىلى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ مەككە شەھرىدە ياشايدىغان قۇرەيش قەبىلىسىگە مەنسۇپ بولغان ئابدۇللا بىننى ئابدۇلمۇتتەلىپنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 586 ــ يىلدىن باشلاپ ئىسلام دىنىنى دەۋەت قىلىشقا باشلىغان. مىلادى 630 ــ يىلى 1 ــ ئايدا ئەرەب ئىسلام خەلىپەلىكىنى تىكلەپ، مىلادى 632 ــ يىلى 6 ــ ئاينىڭ 8 ــ كۈنى مەدىنە شەھرىدە ۋاپات بولغان ھەم شۇ جايدا دەپنە قىلىنغان.

[3] شەدداد ــ شاھ شەدداد (شەداد بىننى ئەملەق بىننى ھام بىننى نوھ)، قەدىمكى يەمەننىڭ ئۆزىنىڭ زالىملىقى، پىخسىقلىقى بىلەن دۇنيادا داڭ چىقارغان ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى.

[4] كيومىرس ــ كيومىرس ئادەم، «ئاۋېستا» ۋە «شاھنامە» لەرگە ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان

سۇلالىسىنىڭ تۇنجى پادىشاھى بولۇپ، ئۇ مىلادىدىن 5500 يىل بۇرۇن ياشىغانىكەن. زوراستى دىنى تەرەپتارلىرى كيومەرسنى ئادەم ئەلەيـ ھىسسالامنىڭ ئورنىغا قويۇپ، ئۇنى «ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى ئەجدادى» دەپ قارايدۇ.

[5] ھۇشەڭ — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالـ سىنىڭ 2 - پادىشاھى.

[6] ئەۋرەڭ — بۇ ئەسەردە ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشـ دادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى قاتارىدا بايان قىلىنغان، ئەمما ئادەتتە ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىـ شاھلىرى كيومەرس، ھۇشەڭ، توھمارس (تومرىس)، جەمشىت، زۇھاك (زاھھاك)، فەرىدۇن، مۇنۇچەھرە، نودەر (نەۋدەر)، ئەفراـ سىياپ، زاپ، كىرشاسپ بولۇپ، ئەۋرەڭ دېگەن پادىشاھنىڭ بولغاـ لىقى تىلغا ئېلىنماي كەلگەنىدى.

[7] توھمارس (تومرىس) — شاھ توھمارس دېۋبەند، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 3 - پادىشاھى.

[8] جەمشىت — «شاھنامە»گە ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەدىمكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 4 - پادىشاھى، شاھ تومرىسنىڭ ئوغلى، ئۇ ئۆزىنىڭ باتۇرلىقى، زىرەكلىكى ۋە كەشپىياتـ چىلىقى بىلەن شۆھرەت قازانغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئىراـ نىڭ نورۇز كالىندارىنى، ھېيت - بايرام كۈنلىرىنى ۋە باشقا قانۇن - تۈزۈملىرىنى بەرپا قىلغان، ئېچىملىكنى كەشپ قىلغانىكەن.

[9] زۇھاك (زاھھاك) — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىـ يان سۇلالىسىنىڭ 5 - پادىشاھى. زالىم شاھ.

[10] فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 6 - پادىشاھى، كيومەرسىنىڭ ئەۋلادى.

ئادىل شاھ.

[11] نودەر (نەۋدەر) — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادى-يان سۇلالىسىنىڭ 8 - پادىشاھى.

[12] ئەفراسىياپ — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 9 - پادىشاھى. رىۋايەتلەردىكى بۇ تارىخىي شەخس ھەققىدە ھەر خىل ماتېرىياللار بار: بىر رىۋايەتتە ئەفراسىياپ قەدىمكى تۇران پادىشاھى بولۇپ، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى فەرىدۇن (ئەفرىدۇن) قاتارلىقلار بىلەن بىرقانچە قېتىم چوڭ جەڭلەرنى قىلىپ، بىر مەزگىل ئىرانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ پايتەختى قەشقەر ئىدى دېيىلىدۇ. يەنە بىر رىۋايەتتە ئۇ ئەفرىدۇننىڭ ئوغلى تۇرنىڭ نەۋرى-سى دەپ بايان قىلىنىدۇ.

[13] توھۇمەسپ (توھماسپ) — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ 10 - پادىشاھى.

[14] كىيانى — (1) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ (2) ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانى-يان سۇلالىسىنىڭ كەيقىباد، كەيكاۋۇس، كەيخىسرو، لىھراسىپ، گۇشتاسىپ، بەھمەن، ھامان (ھاماي)، داراپ، دارا، ئىسكەندەر قاتارلىق پادىشاھلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[15] كەيقىباد — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالى-سىنىڭ تۇنجى پادىشاھى.

[16] كەيكاۋۇس - ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى. «سەددى ئىسكەندەر»دە كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 2 - پادىشاھى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

[17] سىياۋۇش — «شاھنامە»گە ئاساسلانغاندا، ئىراننىڭ رىۋايەت

دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 2 - پادىشاھى كەيكاۋۇسنىڭ ئوغ-
لى، پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ فەرىدۇن، مۇنۇچەھرە زامانىسىدا
تۇغۇلۇپ، كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ كەيقۇباد، كەيكاۋۇس ھەتتا كۆشتا-
سىپ، بەھمەن زامانىسىغىچە ياشىغان مەشھۇر قەھرىمان رۇستەمنىڭ
زامانىدىشى.

[18] كەيخىسرۇ — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى. «سەددى ئىسكەندەر»دە كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 3 - پادىشاھى دەپ تەسۋىرلىنىدۇ.

[19] ئىسكەندەر — «كىرىش سۆز»گە قاراڭ.

[20] ساسان — ئىران قەدىمكى زامان تارىخىدىكى ساسانىلار سۇلالىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

[21] رۇستەم — «شاھنامە»دە تەسۋىرلىنىشىچە، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى بىر مەشھۇر قەھرىمان.

[22] مۇنۇچەھرە — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى پىشدادىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

[23] خىزىر، ئىلياس — [48]، [49] ئىزاھاتلارغا قاراڭ.

[24] دارا — دارىيۇس، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 5 - پادىشاھى.

[25] خۇنكار — رۇم پادىشاھى خۇنكار.

[26] قەيسەر — رۇم شاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى.

[27] يۇنان — ياۋروپا قىتئەسىنىڭ جەنۇبى قىسمىغا جايلاشقان يۇنان يېرىم ئارىلى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان رايوننى كۆرسىتىدۇ. يۇنان ياۋروپادا ھەممىدىن ئاۋۋال مەدەنىيەت ياراتقان مەملىكەت. ئۇنىڭ مەدەنىيىتى كېيىن ياۋروپا ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

شۇ سەۋەبتىن ياۋروپالىقلار قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى «كلاسسىك مەدەنىيەت» دەپ ئاتايدۇ.

[28] يەئجۇج — [47] ئىزاھاتقا قاراڭ.

[29] ئەفلاتۇن — پلاتۇن (مىلادىدىن بۇرۇن 427 — 347)، قەدىمكى يۇناننىڭ ئىدېئالىست پەيلاسوپى، ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزمنىڭ ئاساسچىسى. ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ دۇنياغا كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭ.

[30] ھەرەندۇن — قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى.

[31] شاھ باران — ئەپسانىلاردىكى يىلانلار پادىشاھى.

[32] رۇم (1) ھازىرقى تۈركىيىنىڭ قەدىمكى نامى، بەزى رىۋايەتلەردە رۇم شەھىرىنى (ئىستانبۇلنى) رۇم بىننى ئەيس بىننى ئىسھاق ئەلەيھىسسالام بىنا قىلغان دەپ بايان قىلىنىدۇ؛ (2) رۇم ئەسلىدە مىلادىدىن بۇرۇنقى 753 — يىلى تەختكە چىققان رىم ئىمپېراتورلۇقىنىڭ تۇنجى ئىمپېراتورى رومۇلۇس تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان بىر شەھەر بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن رىم (رۇما) ئىمپېراتورلۇقىنىڭ دۆلەت نامى بولۇپ قالغانىدى. رۇما ئىمپېراتورلۇقى پارچىلانغاندىن كېيىن، بەزىدە ئۇنىڭ غەربى تەرىپى، بەزىدە شەرقى تەرىپىنىڭ نامى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 389 — يىلى فەرەڭلەر (ياۋروپالىقلار) ئۇنىڭ غەربى قىسمىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، «رۇم» سۆزى ئاساسەن ئۇنىڭ شەرقى يەنى ئاسىيا قىسمىنىڭ نامى بولۇپ قالدى.

[33] فىلقۇس — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ دادىسى.

[34] يوقۇماس — بۇ ئەسەردە ئارىستو (ئارىستوتېل)نىڭ ئاتىسى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ ئۇستازى دېيىلگەن. ئەمما باشقا تارىخلاردا ئىسكەندەرنىڭ ئۇستازى ئارىستوتېل دەپ بايان قىلىنىدۇ.

[35] ئارستو — ئارستوتېل (مىلادىدىن ئىلگىرى 384 — 322)، قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسى تەرەققىياتىدا يېڭى دەۋر ياراتقان بۈيۈك مۇتەپەككۇر.

[36] مەغرىب — غەربتىكى جايلار، بۇ يەردە ئاساسەن ھازىرقى لىۋىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ماراكەش قاتارلىق رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

[37] زەنگىبار — ھىندى ئوكياندىكى مارجان ئارىلى، ھازىر بىرلىشىپ تانزانىيىنىڭ دائىرىسىگە قوشۇلغان.

[38] فەرەڭ — بۇ ئەسلىدە «ئېۋرۇپپېەن» (ياۋروپالىقلار) سۆزىنىڭ ئەرەبچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بولغان (ئېفرەنگ) دېگەن ئاتالغۇنىڭ قىسقارتىلمىسى بولۇپ، چاغاتاي تىلىدىكى ئەسەرلەردە ئومۇمەن ياۋروپالىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ يەردە فرانسىيە كۆزدە تۇتۇلغان.

[39] ئىراق — غەربىي ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان دۆلەت، ئىران بىلەن خوشنا. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 — ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەين تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان.

[40] ئەجەم — ئەسلىدە ئاسىيادىكى غەيرى ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن ئىران زېمىنىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

[41] شام — سۈرىيىدىكى قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى (ھازىرقى دەمەشق).

[42] ھەلەب — سۈرىيىنىڭ غەربىي شىمالىدا دېڭىز بويىدىكى بىر قەدىمىي شەھەرنىڭ نامى.

[43] يەمەن — ھازىرقى ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى. دۇنيادا ئۆزىنىڭ زالىملىقى، پىخسىقلىقى بىلەن داڭ چىقارغان شەدداد (شەدداد بىنى ئەملەق بىنى ھام بىنى نوھ) ئەنە شۇ

يەمەننىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھۆكۈمرانلىرىدىن بىرى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن تەرىپىدىن ئىستىلا قىلىنغان.

[44] مەشرىق — ئەرەبلەرنىڭ شەرقى تەرىپىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ.

[45] ماۋەرا ئۇننەھر — ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئامۇ دەرياسى بىلەن سىر دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدىكى جايلارنى كۆرسىتىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ.

[46] شەھرى كىرمان — كىرمان شەھىرى، ھازىرقى ئىراننىڭ كىرمان ئۆلكىسى، قەدىمىي شەھەر، ئىراننىڭ جەنۇبى قىسمىدا.

[47] يەئجۇج - مەئجۇج — «قۇرئان» رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشايدىغان، ئىنسانىيەتكە بالايىئاپەت تۇغدۇرىدىغان ئەڭ قەدىمكى بەدبۇي قەبىلىلەردىن ئىمىش. بۇ ئەسەردە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئۇلارنىڭ چىقىش ئېغىزىغا سېپىل سوقتۇرۇپ، ئۇ بەدبۇيلەرنى مەڭگۈ قورشاپ قويۇپ، شۇ يەردىكى ئاھالىنى خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەن دەپ بايان قىلىنىدۇ، بۇمۇ توقۇپ چىقىلغان ئەپسانە.

[48] خىزىر ئەلەيھىسسالام — ئەپسانىۋىي «ئابى ھايات» (تىرىكلىك سۈيى)نى ئىزدەپ تاپقان ۋە شۇ سۇدىن ئىچىپ دائىم تىرىك يۈرگەن (مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان) بىر پەيغەمبەر. ئۇ كىشىلەرگە يولداشلىق ۋە مېھرىبانلىق يەتكۈزۈش بىلەن مەشھۇر.

[49] ھەزرىتى ئىلياس — ئىلياس ئەلەيھىسسالام، ئۇ، خىزىر ئەلەيھىسسالام بىلەن تاغۇ دەشتلەرنى بىللە كەزگەن، تائەت-ئىبادەتنى ئارزۇلاپ ئاللاتائالادىن ئۇزاق ئۆمۈر تىلىگەن، دۇئالىرى ئىجابەت بولۇپ قىيامەتكىچە باقى قالغان دەپ ئاتىلىدىغان پەيغەمبەر.

[50] يەتتە ئىقلىم — ئىسلام تارىخلىرىدا دۇنيانى يەتتە ئىقلىم

دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئەسەردە ئېيتىلىۋاتقان يەتتە ئىقلىم ئىسكەن-دەرنىڭ ھازىرقى يەتتە قىتئەنىڭ ئىچىدىكى بىرقانچە قىتئەلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، بۇ غايەت زور زېمىننىڭ ئىمپېراتورى بولغانلىقىنى تەسۋىرلىمەكچى.

[51] تۇران — قەدىمكى ئىرانلىقلار ئىراننىڭ شەرق تەرىپىدىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋملارنى تورانىيان، ئۇلار جايلاشقان رايونلارنى تۇران دەپ ئاتىغان.

[52] بەھمەن — پادىشاھى بەھمەن، ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرى.

[53] كەشمىر — قەدىمكى ھىندىستاننىڭ بىر قىسمى.

[54] بەلخ — شەھەر، ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا، ئامۇ دەريا (جەيھۇن)نىڭ قەدىمكى شاخاپچىسى دەھاسىنىڭ ئۈستىدە، كۆھى بابا تېغىنىڭ ئېتىكىدە، قەدىمكى خوراسان ۋىلايىتىنىڭ ۋە توخارىستان دۆلىتىنىڭ سىياسىي، دىنىي مەركىزى. ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن بۇ يەرنى «ئىسكەندەرىيە» دېگەن نام بىلەن يېڭىدىن قۇرغان دەپ رىۋا-يەت قىلىنىدۇ. باكترىيە سۇلالىسى دەۋرىدە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. توخار، كۇشان ۋە ئاق ھونلار دەۋرىدە بۇ يەردە، زوراستى، مانى، نېستۇرى دىنلىرى ئەۋج ئالغان مەشھۇر «نەۋباھار ئىبادەتخانىسى» مۇشۇ يەردە.

[55] جەيھۇن — ئامۇ دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

[56] سەيھۇن — سىر دەرياسىنىڭ قەدىمكى نامى.

[57] ئەنتاكىيە - ھازىرقى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى.

[58] شەھرى غەددار — ئوتتۇرا شەرقتىكى قەدىمىي بىر شەھەر.

[59] ھەمەدان — ھازىرقى ئىراننىڭ جەنۇبىدىكى قەدىمىي بىر

شەھەرنىڭ نامى.

[60] شەھرى قەزۋىن — ئىراننىڭ غەربىي قىسمىدىكى قەدىمىي بىر شەھەرنىڭ نامى.

[61] ئىبراھىم ئەدھەم — ئىبراھىم بىننى ئەدھەم، ئۇ بەلختە باي ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەت تاغ ۋە غارلاردا ئىستىقامەت قىلىپ ئۆتكەن. كېيىنچە مەككىگە بېرىپ ھەج تاۋاپىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن شامغا بېرىپ ئىستىقامەت بىلەن شۇغۇللانغان. ھىجرىيە 261 — يىلى (مىلادى 844 — 845) شۇ جايدا ۋاپات بولغان.

[62] ھەزرىتى جىبرىئىل (جەبرائىل) — «قۇرئان»دا بايان قىلىنىشچە، ئاللانىڭ يېقىن پەرىشتىلىرىنىڭ بىرى، ئۇ «روھۇلقۇدۇس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. جىبرىئىل ئاللانىڭ ۋەھيىسىنى پەيغەمبەرلەرگە يەتكۈزىدىغان پەرىشتە. ئۇ ئاللاتائالا تەرىپىدىن پەيغەمبەرلەرگە ۋەھيى ئېلىپ كېلىشتە ئىنسان سۈرىتىدە كېلىدىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىككى قېتىم (بىر قېتىم ئاسماندا، بىر قېتىم زېمىندا) ئۆز شەكلىدە كۆرۈنگەنىكەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىبرىئىلنى ئۆز شەكلىدە كۆرگەندە، ئۇ 600 قاناتلىق ئىكەن.

[63] ئىبراھىم خەلىلۇللاھ — «قۇرئان» دىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىر پەيغەمبەر. رىۋايەتتە ئۇنىڭ كەئبە ئىبادەتخانىسىنى بىنا قىلغانلىقى ۋە 175 ياشتا ۋاپات بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇ ۋاپات بولغان چاغدا، ئۆز ئوغلى ئىسمائىل ۋە ئىسھاقلار تەرىپىدىن ھەبرۇن دېگەن يەردە دەپنە قىلىنغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

[64] فەرفەرىنۇس — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھۆكۈمالىرىدىن بىرى.

[65] سوقرات — (مىلادىدىن بۇرۇنقى 469 — 399) قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپى.

[66] بۇقرات — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھۆكۈمالىرىدىن بىرى.

[67] دەريايى ئوممان — ئوممان دەرياسى، ئوممان ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى جايلارنىڭ ئومۇمى نامى.

[68] قۇستەنتىنىيە — ھازىرقى ئىستانبۇل شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامى.

[69] سام — سام بىننى نوھ، قەدىمكى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەھرىمانى رۇستەمنىڭ بوۋىسى.

[70] زال — زال زەر، قەدىمكى ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى قەھرىمانى رۇستەمنىڭ دادىسى.

[71] مازەندەران — ئىراننىڭ شىمالىدا، كاسپى دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى رايون.

[72] ئىسپەندىيار روينتەن — ئىراننىڭ رىۋايەت دەۋرىدىكى كىيانىيان سۇلالىسىنىڭ 5-پادىشاھى، يۇنان ۋە ياۋروپا تارىخلىرىدا دارا، دارىيوس دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇ تۇران رايونىدا ناھايىتى ئۇرغۇن جەڭلەرنى قىلغان، ئاخىر مىلادىدىن بۇرۇنقى 550-يىلى يۇنانغا قىلغان ھەربىي يۈرۈشتە مەغلۇپ بولغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى 549-يىلى مىسىردا ئۆلگەن. «روينتەن» ئۇنىڭ لەقىمى.

[73] بەلىناس — يۇنان پەيلاسوپى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھۆكۈمالىرىدىن بىرى.

本书根据新疆维吾尔自治区少数民族古籍收集整理和出版领导小组办公室收藏的原抄本整理出版。

ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىدا ساقلانغان قول يازمىغا ئاساسەن رەتلەپ نەشر قىلىندى.

تەھرىر: قۇربان ۋەلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئوسمان موللەك
مەسئۇل كوررېكتورى: خۇدابەردى خەلىل

ئىسكەندەرنامە

ئاپتورى: زايىت ئاخۇن پازىلباي

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ۋە تارقاتقۇچى

ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

1990 - يىل 4 - ئايدا 1 - قېتىم نەشر قىلىندى

1990 - يىل 9 - ئايدا بېيجىڭدا 2 - قېتىم بېسىلدى

باھاسى: 1.90 يۈەن